ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روييۇڭ سامان بولماس.

1991
يىل
3
سېنتەبر
سېشەنبە
№105
(3036)
باھاسى
4 تىيىن

يېڭى ھايات

گېزىت 1970- يىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ. ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم سېشەنبە، پەيشەنبە شەنبە كۈنلىرى چىقىدۇ.

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سەياسىي گېزىت «ئۇيغۇر ئاۋازى»نىڭ قوشۇمچىسى.

قازاقستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ

بىلدۈرۈشى

قازاقستان كومپارتىيەسىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى س ئى ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاتىباتى ۋە مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ بىر قىسمى تەرىپىدىن قوللاپ- قۇۋۋەتلەنگەن، مەغلۇپ بولغان دۆلەت ئاغدۇرۇشى ئۇرۇنۇشى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى ئۆزىنى- ئۆزى يوقىتىش گىرۋىكىگە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەركىزىي كومىتېت ئاۋانتىيۇرىستلارنى قەتئىي ئەيىپلىگەن ھالدا، پارتىيەگە، قاتاردىكى كوممۇنىستلارنىڭ ھوقۇقلۇق دۆلەت قۇرۇش، سەياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بولغان كۈچ چىقىرىشلىرىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى دەپ ھېساپلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز موشۇ پاجەلىك كۈنلىرى قازاقستان كومپارتىيەسى ھېچ نەرسە بىلەن ئۆزىگە داغ چۈشەرمىگەنلىكىنى، س ئى ك پ نىڭ خائىنلىق قىلغان رەھبەرلىرى بىلەن ھېچ قانداق ئۇمۇمىيلىقتا ئىگە بولمايدىغانلىقىنى قانۇنغا ۋە كونستىتۇتسىيەگە قەتئىي ئەمەل قىلغانلىقىنى تەكىتلەيمىز.

قازاقستان كومپارتىيەسىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى ھازىرقى پەيتكە ۋە س ئى ك پ دىكى ئەھۋالغا باھا بەرگەن ھالدا، ن. ئە. نازاربايېۋنىڭ جۇمھۇرىيەت كومپارتىيەسىنىڭ س ئى ك پ دىن چىقىشى توغرىلىق تەكلىۋىنى تولۇق قوللاپ- قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇ مەسىلە پەۋقۇلاددە سيېزدا ئۇزۇل- كېسىل ھەل قىلىنىشى لازىم. ئەينە شۇ سيېزدا يېڭى پارتىيە قۇرۇش توغرىلىق مەسىلەرنى قاراپ چىقىش زۆرۈرىيىتى پەيدا بولماقتا. قازاقستان كومپارتىيەسىنىڭ پەۋقۇلاددە سيېزىنى تەييارلاش ئۈچۈن تەشكىلىي كومىتېت قۇرۇلدى.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قازاقستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ئۆز ۋاكالەتلىكلىرىنى ساقىت قىلغانلىقىنى ۋە مەركىزىي كومىتېت پائالىيىتىنىڭ توختىتىلغانلىقى توغرىلىق بىلدۈرۈشنى زۆرۈر دەپ ھېساپلايدۇ.

قازاقستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پلېنۇمى بىر شەخسنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت ۋە پارتىيە لاۋازىملىرىنى بىللە ئېلىپ بېرىشنى مەخسەتكە مۇۋاپىق ئەمەس دەپ ھېساپلايدۇ.

دېموكراتىك ئۆزگىرىشلەرگە سادىق جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىلغار پىكىر قىلىدىغان بارلىق كوممۇنىستلىرىنى يېڭى پارتىيە قۇرۇشقا چاقىرىمىز. بىزنىڭ قازاقستاندا دېموكراتىك ئۆزگىرىشلەرنى ۋە يېڭىلاش ئىشلىرىنى چاپسانلىتىشقا قارشىلىغان نىيەتلىرىمىز ماس كېلىدىغان بارلىق سەياسىي پارتىيەلەر ۋە ھەرىكەتلەر بىلەن كونسترۇكتىۋ دىئالوگ قىلىشقا ئىشىنىمىز.

قازاقستان كومپارتىيەسىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى.

ئۆزبەكستان مۇستەقىللىككە ئىگە بولماقتا

جۇمھۇرىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ نۆۋەتتىن تاشقىرى سېسسىيەسىدە ئۆزبەكستاننىڭ دۆلەت مۇستەقىللىگى توغرىلىق قانۇن قوبۇل قىلىندى

ئۆزبەكستان س س ج ئۆزبەكستان جۇمھۇرىيىتى دەپ ئۆزگەرتىلدى، ئەندى 1- سېنتەبر بايرام- مۇستەقىللىك كۈنى دەپ ئېلان قىلدى.

جۇمھۇرىيەتنىڭ نامىدىن «سوۋېت سوتسىيالىستىك»، دېگەن ئىككى سۆز يوقالدى. بۇ مەۋقەلەرنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى بىلدۈرەمدۇ؟ سېسسىيەدىن كېيىنلا ژۇرنالىستلارنىڭ بۇ ئۇتتۇر سوئالىغا ئۆزبەكستان پرېزىدېنتى ئى. كەرىموۋ جۇمھۇرىيەت سەياسىتىدە ئاساسىي نەرسە، ئۆزبەك خەلقىنىڭ پاراۋەنلىكىنى، مىللىتىدىن، دىنىي ئېتىقادىدىن ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىدىن قەتئىي نەزەر، جۇمھۇرىيەت تەۋەسىدە ياشاۋاتقان بارلىق ئادەملەرنىڭ ئامان- ئېسەنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش بولغان ۋە شۇنداق بولۇپ قالىدۇ، دەپ جاۋاپ بەردى. ئەندى بۇ مەخسەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر قانداق باھانى تۆلەشكە ئەرزىيدۇ، پەقەتلا تولۇق ئىقتىسادىي ئەركىنلىك بىلەن تۇراقلىقلىقنى ۋە تەرتىپنى ساقلاپ قېلىش ئارقىلىق مۇمكىن. ئاخىرقى ۋاقىتلاردا ئۆزبەكستانغا «كوممۇنىزمنىڭ قورغىنى» سۈپىتىدە بېرىلگەن خاراكتېرىستىكا ھېچ نەرسە بىلەن ئاقلانمايدۇ. جۇمھۇرىيەت كومپارتىيەسىنىڭ تەغدىرىنى ئالدىمىزدا بولىدىغان پەۋقۇلاددە سيېزد ھەل قىلىدۇ.

پارلامېنتنىڭ دېكلاراتسىيەسى

قىرغىزستان ئالىي كېڭىشىنىڭ نۆۋەتتىن تاشقىرى سېسسىيەسى جۇمھۇرىيەتنىڭ مۇستەقىللىگى توغرىلىق دېكلاراتسىيە قوبۇل قىلدى

شۇنىڭ بىلەن بىللە دېپۇتاتلار ئىتتىپاق شەرتنامىسىنىڭ، ئون بەش جۇمھۇرىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشى ئارقىغا سۈزۈلۈۋاتقانلىقىغا ئەنسىرەشلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

سېسسىيەدە قىرغىزستان پرېزىدېنتىنىڭ ئومۇم خەلق سايلىمى توغرىلىق قانۇن قوبۇل قىلىندى، سايلام بېيىل 12-ئوكتەبر كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئا. ئاكايېۋ پرېزىدېنتلىققا نامزات قىلىپ كۆرسىتىلدى.

ئالىي كېڭەش جۇمھۇرىيەت تەۋەسىدە س ئى ك پ پائالىيىتىنى توختىتىش ۋە پارتىيە مۈلكىنى دۆلەت ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ بېرىش توغرىلىق قارار قوبۇل قىلدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ سەياسىي تەشكىلات ئالدىمىزدا بولىدىغان پرېزىدېنت سايلىمىغا قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس.

(«ئىزۋېستىيە» گېزىتىدىن).

تۈنۈگۈن موسكۋادا س س ج ئى خەلق دېپۇتاتلىرىنىڭ نۆۋەتتىن تاشقىرى 5- سيېزى ئۆز ئىشىنى باشلىدى.

قازاقستان س س ج پرېزىدېنتىنىڭ

پەرمانى

شەمەي يادرو قۇراللىرى سىناق قىلىش پولىگونىنى يېپىش توغرىلىق

قازاقستان س س ج تېررىتورىيەسىدىكى شەمەي ۋىلايىتىدە 1949- يىلدىن باشلاپ يادرو قۇراللىرىنىڭ سىناقلىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتىدۇ. موشۇ ۋاقىتتا بۇ يەردە 500گە يېقىن يادرو پارتلىتىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، ئۇلار مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكىگە ۋە ھاياتىغا دەخىل يەتكۈزدى.

قازاقستان س س ج س س ج ئى بىلەن ئاتقىش ئوتتۇرىسىدا ستراتېگىيەلىك ھەربىي تەڭپۇڭلۇقنى تەمىنلىگەن يادرو پوتېنسىيالىنى ھاسىل قىلىش بويىچە ئۆز بورچىنى ئورۇنلىغانلىقىنى ھېساپقا ئېلىپ ۋە جۇمھۇرىيەت جامائەتچىلىكىنىڭ تەلەپلىرىنى ئېتىۋارغا ئېلىپ، **توختام قىلىمەن:**

1. شەمەي يادرو قۇراللىرىنى سىناق قىلىش پولىگونى يېپىلسۇن.

2. قازاقستان س س ج مىنىسترلار كابىنېتى س س ج ئى مۇداپىئە مىنىسترلىكى ھەم س س ج ئى ئاتوم ئېنېرگېتىكىسى ۋە سانائىتى مىنىسترلىكى بىلەن كېلىشىپ، شەمەي سىناق پولىگونىنى ئىتتىپاقلىق- جۇمھۇرىيەتلىك ئىلمىي- تەتقىقات مەركىزى قىلىپ ئۆزگەرتىدىغان بولسۇن. 1991- يىلى ئۇنىڭ ستاتۇسىنى ۋە ئىلمىي- تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشلىرىنىڭ تىزىمىنى ئىشلەپ چىقىپ، تەستىقلەيدىغان بولسۇن.

3. 1949- يىلدىن باشلاپ 1962- يىلى داۋامىدا ھاۋادا ۋە يەر ئۈستىدە سىناقلارنى ژۇرگۈزگەن چاغدا شەمەي پولىگونىغا تۇتۇشۇپ ياتقان ناھىيەلەرنىڭ ئاھالىسىنى سالامەتلىكىگە دەخىل يەتكۈزۈلگەنلىكىنى ھېساپقا ئېلىپ، ئىتتىپاقلىق ئورگانلار بىلەن بىرلىكتە قازاقستان س س ج نىڭ زەخمىلەنگەن پۇخرالىرىغا تۆلىنىدىغان كومپېنساتسىيە مىقدارى بىلەن ئۇنى تۆلەش تەرتىۋى بەلگۈلەنسۇن.

4. قازاقستان س س ج مىنىسترلار كابىنېتى جۇمھۇرىيەت تېررىتورىيەسىدە يادرو پارتلىتىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇناسىۋىتى بار ئىتتىپاقلىق مىنىسترلىكلەر ۋە ئىدارىلەر بىلەن بىرلىكتە سىناق پولىگونىغا تۇتۇشۇپ ياتقان شەمەي، قاراغاندا ۋە پاۋلودار ۋىلايەتلىرىنىڭ ناھىيەلىرىنى ئىجتىمائىي- ئىقتىسادىي تەرەققىي ئەتكۈزۈش، ئۇلارنىڭ ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ۋە تىببىي خىزمەت قىلىشنى ياخشىلاش پروگراممىسىنى تەستىقلەپ، موشۇ مەخسەتلەر ئۈچۈن ئېگىشلىك ئىتتىپاقلىق مەنبەلەرنىڭ مەبلىغىنى جەلىپ قىلسۇن.

موشۇ پەرمان قوبۇل قىلىنغان پەيتتىن باشلاپ كۈچكە كىرىدۇ.

قازاقستان س س ج پرېزىدېنتى

ن. نازاربايېۋ.

ئالمۇتا، 1991- يىل، 29- ئاۋغۇست.

قازاقستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتىنىڭ

پەرمانى

دۆلەت ھاكىمىيىتى ۋە باشقۇرۇش ئورگانلىرىدا رەھبىرىي لاۋازىملارنى سەياسىي پارتىيەلەردىكى ۋە باشقا ئىجتىمائىي- سەياسىي بىرلەشمىلەردىكى لاۋازىملار بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىشقا يول قويماسلىق توغرىلىق

قازاقستان س س ج دا دۆلەت ھاكىمىيىتى ۋە باشقۇرۇش ئورگانلىرى رەھبەرلىرىنىڭ سەياسىي پارتىيەلەر ۋە ئىجتىمائىي- سەياسىي بىرلەشمىلەرنىڭ تەسىرىدىن مۇستەقىللىكىنى تەمىنلەش مەخسىتىدە، 1991- يىلى 25- ئاۋغۇستتىكى «قازاقستان س س ج كونستىتۇتسىيەسىگە (ئاساسىي قانۇنىغا) ئۆزگىرىشلەر ۋە قوشۇمچىلارنى كىرگۈزۈش توغرىلىق» قانۇنغا ئەمەل قىلغان ھالدا، **توختام قىلىمەن:**

قازاقستان س س ج دا دۆلەت ھاكىمىيىتى ۋە باشقۇرۇش ئورگانلىرى رەھبەرلىرىنىڭ لاۋازىملىرىنى سەياسىي پارتىيەلەر ۋە ئىجتىمائىي- سەياسىي بىرلەشمىلەر سترۇكتۇرىلىرىدىكى لاۋازىملار بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىشقا يول قويۇلمايدۇ، دەپ ھېساپلانسۇن. مەزكۇر پەرمان ئېلان قىلىنغان پەيتتىن كۈچكە كىرىدۇ.

قازاقستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى

ن. نازاربايېۋ.

ئالمۇتا شەھىرى، 1991-يىل، 28- ئاۋغۇست.

مۇئەللىم ھەققىدە سۆز

ئەمگەك شاراپىتى

بۈۋىنۇر سابىتوۋا بىلەن سالام — ئېلىك قىلىشىپ ئۆرگىنىمىز بىلەن بىر قېتىم سوھبەتتە بولمىغان ئىدۇق. موشۇ يازدا ناھىيەدىكى ئا. روزىباقىيېۋ نامىدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىۋىدە مەكتەپنى تۈگەتكەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن خوشلىشىش كېچىسى ئوتۇشى سەۋەپلىك يېقىندىن تونۇشۇپ قالدۇق. بۈۋىنۇرمۇ ئوچۇق، ياخشى سوھبەتداش ئېكەن. خۇددي كونا تونۇشلاردەك ئەركىن گەپلەشتۇق.

— بىيىل مەكتىۋىمىزدىن 75 ئوغۇل-قىز ھاياتقا يوللانما ئالدى، — دەيدۇ ئۇ خوشاللىق ئىلكىدە. — ئۇلاردىن بەختىيار دولەتوۋ، تايىرجان يۇسۇپوۋ ۋە رەشىدەم ئۇسەنوۋالار مەكتەپنى كۈمۈچ مېدال بىلەن تامام لىدى. ماختىنىشقا ھەققىم بار، ئەشۇ ئۈچلىسىگە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوزەم دەرىس بەرگەنمەن، ۋاقىت دېگەن قانداق تېز ئوتىدۇ. شاگىرتلىرىم مېنى ئۇنتىماي موشۇ خوشلىشىش كېچىسىگە مېنىمۇ تەكلىپ قىپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن خوشالمەن.

ئۇنى دېمىسىمۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە پۇختا بىلىم ئالغان بالا ژۇقارقى سىنىپلاردىمۇ قىينالماي ياخشى ئوقۇشى تۇرغان گەپ. مەكتەپ بۇ سۇغىسىغا دەسلەپ قەدەم قويغاندا قولىغا قەلەم تۇتقۇزۇپ، ھەرىپ ئۈگىتىپ، ئىلىم-پەنگە بولغان قىزىقىشىنى ئويغاتقان ئوقۇتقۇچىسىنى — بىرىنچى مۇئەللىمىنى كىممۇ ئونتۇشى مۇمكىن. بۈگۈنكى ئۈچرىشىشتىمۇ شاگىرتلىرى ئۇنى ئەينە شۇنداق ئەسلەپ، ئىززەتلەپ ھەتتا مەخسۇس سوغاتمۇ بەردى.

ۋاقىت ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن ژۈگرۈك. ئاما ئوتكەن ژىللار بۈۋىنۇر ئۈچۈن بوشقا ئوتكىنى يوق. ئۇنىڭ ئېغىر، بىراق شەرەپلىك كەسپ ئېگىسى بولۇپ كېلىۋاتقىنىغا بىيىل ئون يەتتە ژىل بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ مۇ ئاز ۋاقىت ئەمەس، ئوتكەن ژىللار ئىچىدە ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىپ، ھاياتقا ئۇچۇم بولغان شاگىرتلىرى قانچىلىك دېسىڭىزچۇ!؟

بۈۋىنۇر ئاددىي دېخان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى تېيىپ ئاكا ئوزىنىڭ پۈتكۈل ئاڭلىق ھاياتىنى تۇغۇلغان يۇرتىنىڭ ئىختىسادى بىلەن مەدەنىيىتىنى رىۋاجلاندۇرۇشقا سەرىپ قىلغان. شۇڭلاشقا ئۇ «قازاقستان يېزا ئېگىلىگىگە خىزمەت سىڭدۇرگەن خادىم» دېگەن نامغا سازاۋەر بولغان. ئەندى ئانىسى جەننەتخان ھەدىمۇ ئۇزاق ژىللار مابەينىدا ئاماكا يېتىشتۇرۇشتە پېداكارانە ئەمگەك قىلغان. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار ئوزلىرىنىڭ ھالال ئەمگەكلىرىنىڭ گەشتىنى سۈرۈپ ياشىماقتا.

دېخان ئائىلىسىدە ئوسكەنلىكى ئۈچۈن بۈۋىنۇردا ئاددىيلىق، خۇشخويلۇق ئوخشاش خىسلەتلەر كىچىكىدىن قېلىپلىشىپ، ئەمگەكچان بولۇپ ئوستى. «قاناتسىز قۇش، ئارمانسىز ئادەم» بولمىغاندەك ئىرىشچان قىزنىڭ بىردىن-بىر ئارمىنى بىلىم بېغىنىڭ باغۋىنى — ئۇستاز بولۇش ئېدى.

بۇ ئارمان ئۇنى بايسېيىت يېزىسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 8-سىنىپىنى تۈگەتكەلدىن كېيىن ياركەنت شەھىرىدىكى پېداگوگىكىلىق بىلىم يۇرتىغا يېتەكلەپ كەلدى.

ئاردىن تورت ژىل ئوتۇپ، قولىغا ئۇستازلىق گۇۋاھنامىسىنى ئالغان ب. سابىتوۋا ھازىر ئوزى ئىشلەۋاتقان روزىباقىيېۋ نامىدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىۋىگە باشلانغۇچ سىنىپ مۇئەللىمى بولۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتى. شۇلدىن بۇيان ئۇ ياش ئەۋلادلارغا بىلىم، ئاڭلىق تەربىيە بېرىپ كەلمەكتە.

مەلۇمكى ھەر قانداق ئىشنى باشلىغاندا قىيىنچىلىقلارنىڭ دۇچ كېلىشى تەبىي ھال. ئاما ۋېيىرەم بەختىيازوۋا، ئۇراخۇن پالتويېۋ ئوخشاش تەجرىبىلىك مۇئەللىملەر بۈۋىنۇرنى ئوزلىرىنىڭ قانىتى ئاستىغا ئېلىپ، تەربىيەلىدى. شۇڭلاشقا بۈۋىنۇرمۇ ئۇلارنىڭ نامىنى ھېلىغىچە ھورمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

بىلىم يۇرتىدا ئالغان بىلىمىنى ئوزى ئۈچۈن يېتەرلىك ھېساپلىمىغان ب. سابىتوۋا ئۇنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش نىيىتىدە 1976-ژىلى قازاقستان پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ جۇغراپىيە بولۇمىگە سىرتتىن ئوقۇشقا چۈشتى ۋە 1982-ژىلى ئۇنى مۇۋاپپەقىيەتلىك تامالاپ، دىپلوم ئالدى.

شۇنداق قىلىپ، ژىللار ئوتكەنسىرى مەرىپەت ساھاسىدا ئۇنىڭمۇ تەجرىبىسى ئېشىپ، ھەقىقىي ئۇستازلار قاتارىدىن جاي ئالدى. بۈۋىنۇرنىڭ «باشلانغۇچ سىنىپتا ئوقۇش دەرىسىدە تەربىيە ئىشىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى» دېگەن دوكلادى 1981-ژىلى ئالمۇتىدا ئوتكەن ۋىلايەت مۇئەللىملىرىنىڭ پېداگوگىكىلىق ئوقۇشىغا تەۋسىيە قىلىنغانلىغى، ئاردىن بىر ژىل ئوتۇپ يەنە شۇ دوكلادىنىڭ پاۋلودار شەھىرىدە ئوتكەن جۇمھۇرىيەت مۇئەللىملىرىنىڭ ئوقۇشىغا تەغدىم قىلىنىشى ژۇقۇرىدىكى سوزىمىزنىڭ ئېنىق دەلىلىدۇر. يەنە شۇنداقلا بۇ ۋىنۇرنىڭ «مىللىي مەكتەپلەردە ئانا تىلىنى ئوقۇتۇش» دېگەن ئىلمىي-پېداگوكىلىق ئىشى 1986-ژىلى «مەكتەپ» نەشرىياتىدىن ئالاھىدە كىتاپچە بولۇپ چىقتى.

ھە، قىلغان ئەمگەك، توككەن تەر ھەر قاچان ئوز مېۋىسىنى بېرىدۇ. ئوتكەن ژىلى ب. سابىتوۋا «قازاقستان س س ج مائارىپ ئەلاچىسى» نامىغىمۇ مۇيەسسەر بولدى.

يېقىندا مۇئەللىملەر ئاتتېستاتسىيەدىن ئوتكۈزۈلگەندىمۇ، ئۇنىڭ يەكۈنى بويىچە بۈۋىنۇر بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇستاز، دەپ تەن ئېلىندى.

ئەلدىلا 36 باھارنى قارشىلىغان ب. سابىتوۋا ياشلىغىغا قارىماي، كېلەچەك ئەۋلادقا ساپالىق بىلىم، ئاڭلىق تەربىيە بېرىش يولىدا يەنىمۇ زور مۇۋاپپەقىيەتلەرگە يېتىدىغانلىغىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

ئالىمجان مۇقەددەموۋ.

چېلەك ناھىيەسى.

ھازىر ياركەنت ۋادىسى ئېلىمىزدىكى كومۇقوناق ئوستۇرگۈچىلەرنىڭ مۇھىم ئۇرۇق يېتىشتۇرۇش بازىسىغا ئايلاندى. ھەر ژىلى بۇ يەردە بىرىنچى كلاسسلىق ئۇرۇق يېتىشتۇرۇلۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغ ئېتىگىدە ئاپتاپتا ئوستۇرۇلگەن ئۇرۇقتىن ھەتتا بايقال بىلەن بىر پاراللېلغا جايلاشقان زونىلاردىمۇ مال ئوزۇغى ئۈچۈن ئېرىلگەن كومۇقوناقتىن مول ھوسۇل ئېلىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۈپەتلىك ئۇرۇققا ئېھتىياج ژىلدىن-ژىلغا ئوسۇۋاتىدۇ.

ئاۋال ئۇنىڭدىن يەر سۈپىتىنى ناچارلاتماسلىغى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەكسىچە ھالدا ئۇنىڭغا جەرىمانە قويۇلىدۇ. مېنىڭ مۇتەخەسسىسلىكىم — ئاگرولوم. خىزمەت بابى بىلەن بىر نەچچە ژىل كوبادا ئىشلىدىم. شۇنداقلا يۇگوسلاۋىيە، رۇمىنىيە، بولغارىيە ۋە باشقا چەت ئەللەردىمۇ بولدۇم. قەيەرگە بارماي، ئالدى بىلەن يەر ھالىتىنى كوزدىن كەچۈرىمەن. شۇلى ئېنىرار قىلىش كېرەككى، مەن بولغان چەت ئەللەردە دېخانلارنىڭلا ئەمەس ئۇمۇمەن ئادەملەرنىڭ يەرگە

كاتلار ئورنىنى ئورگانىكىلىق ئوغۇتلار بىلەن تولۇقتۇرۇش يېنىك ئىش ئەمەس. بىر مىسالنى ئېيتىپ ئوتسەك كوپايە. بىر تونا قىغدا بارىيوقى ئۈچ كىلوگرام ئازوت، 2٫5 كىلوگرام فوسفور، ئىككى كىلوگرام كالىي بار. بۇنىڭ ئۈچۈن ئېھتىزلارنىڭ ھەر گېكتارىغا 60 تونىدىن ئوغۇت توكۇشىمىز كېرەك. مۇنداق ئوغۇت زاپاسىنى تەييارلاشنى بىردىن ئوگۇشلۇق قولغا كەلتۇرۇش تەس. بۇنىڭ قوشۇمچە ئەڭ ياخشى يولى-ئېھتىزلاردا بېدە مەيدانىنى كەڭەيتىش كېرەك. ئۇ يەرنىڭ ھوسۇلدارلىغىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ئامىل.

سۇ رېسۇرسلىرىدىن ئەتىجدارلىق پايدىلانماي، دېخانچىلىقنى رىۋاجلاندۇرۇشقا بولمايدۇ. ئېگىلىكلەردە ھەر ژىلى سۇ ئىنشائەتلىرىنى سېلىشتا، كونىلىرىنى رېمونتلاشقا، مېلىوراتسىيە ئىشىغا ئېگىشلىك ئەھمىيەت بېرىلىۋاتىدۇ. شۇنى ئېيتىش كېرەككى بۇ جەھەتتىن ناھىيەلىك سۇ ئېگىلىگى باشقارمىسى خادىملىرىنىمۇ جاۋاپكەرلىك ۋەزىپىلەر ژۈكلەنگەن. ھازىر تەييار سۇغا ئېگىدارچىلىق كۈچەيدى. سۇ باشقارمىسى ئېگىلىكلەرگە ھەر بىر كۇبا مېتىر سۇنى 1٫7 تىيىندىن سېتىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. دېمەك 47 مىڭ گېكتار تېرىلغۇلۇق ئۈچۈن 3٫5 مىللىون كوبمېتىر سۇ كېرەك، ئۇ 4 مىللىون سوم مەبلەغ دېمەكتۇر.

لېكىن شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەككى، سۇ باشقارمىسى ئېگىلىكلەرنى دايىم ئوز ۋاقتىدا ئېگىشلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش جاۋاپكەرلىگىنى ئۈستىگە ئالمايۋاتىدۇ. مەسىلەن، ھەر ژىلى سۇنىڭ نورمىدىن ئاز بولۇشى ئاقىۋىتىدىن كومۇقوناق تېرىش تا ئىيۇن ئېيىنىڭ ئاخىرىغىچە سوزۇلىدۇ. ئەندى يازنىڭ راسا ئىسسىق كۈنلىرى سۇ ئۇرغۇن كېلىپ، ئېتىزلىقلارنى باسىدۇ. سۇ ئېروزىيەسىگە يول قويۇلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سۇ باشقارمىسى خادىملىرى جاۋاپ بېرىۋاتقىنى يوق. يەكۈنلەپ شۇنى ئېيتىش كېرەككى، يەرگە ياخشى كويۈنۈپ ئىشلىمەي تۇرۇپ، يېزا ئېگىلىگى مەھسۇلاتلىرىنى يېتىشتۇرۇشنى ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىز ھەمكارلىشىپ، بۇ جەھەتتىن كومپلېكسلىق چارىلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بۈگۈنكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلەردىن بولۇۋاتىدۇ.

ش. تومەروۋ،

ياركەنت ئاگرارسانائەت كومبىناتى باش دىرېكتورىنىڭ ئورۇنباسارى.

تالدىقورغان ۋىلايىتى.

يەرگە كويۈنەيلى

دېخانلىرىمىز باھالىق زىرائەتنى تولۇق ئىنتېنسىۋ تېخنولوگىيە ئاساسىدا ئوستۇرۇشنى ئوزلەشتۇرۇۋالدى. ھاۋا رايىنىڭ قولايسىز بولۇۋاتقىنىغا قارىماي، بۇنىڭدىن خېلە كوپ ھوسۇل ئېلىنىۋاتىدۇ. بىراق ئەھۋال ھەممە ئېگىلىكلەردە بىر خىل ئەمەس. يەر شارائىتى ئوخشاش بولسىمۇ، ئېگىلىكلەر، برىگادىلار، زۋېنولار ئارىسىدىكى ھوسۇل ئېلىش پەرىقلىرى تېخى ساقلانماقتا.

ئوتكەن ژىلى ناھىيە بويىچە كومۇقوناقنىڭ ھەر گېكتارىدىن پىلاندىكى 35 ئورنىغا 38 سېنتنېردىن دان ئېلىندى. بۇ كورسەتكۈچ كىروۋ نامىدىكى ۋە «كراسنىي ۋوستوك» كولخوزلىرى بىلەن «ئوكتەبىر» سوۋخوزىدا 42—47 سېنتنېرغا بېرىپ يەتتى. ئەندى قايسى بىر ئېگىلىكلەر، تېرىلغۇ برىگادىلىرى ۋە زۋېنولاردا بولسا، ناھىيەدىكى كورسەتكۈچتىن توۋەن ھوسۇل ئېلىندى.

ئەندى بۇ كامچىلىقلارنى يوقىتىشتا ئىجارىگە ئېلىش ئۇسۇلىنى كەڭ جارىي قىلىش ياردەم بەرمەمدۇ؟ دېگەن بىر سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. شۇنى ئېيتىپ ئوتۇش كېرەككى ئىجارىگە ئېلىش ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى لازىم، ئۇنى بىرلا ۋارىيانت بىلەن چەكلەشكە بولمايدۇ. دېخان ئېگىلىگىنى ژۇرۇزۇشكە مەنپەئەتدار بولۇۋاتقان كوپلىگەن كىشىلەرمۇ ئەمەلىيەتتە ئوز تىلەكلىرىنى قانائەتلەندۇرەلمەيۋاتىدۇ. دېمەك بۇ ئۇسۇللارنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۈگىنىشىمىز كېرەك. ئەڭ مۇھىمى ئەۋلادلارغا قانداق يەرنى قالدۇرۇۋاتىمىز؟ موشۇ ھەققىدە جىددىي ئويلىنىدىغان ۋاقىت كەلدى.

بۇ يەردە شۇنى ئەسلەپ ئوتۇش ئارتۇق ئەمەسكى، ئاۋشىدا ئىجارىگە ئالغۇچىغا ئۈچاستكا بېرىشتىن بولغان مېھرى-مۇھەببىتى ئۈستۈن. ئۇنىڭغا ئاڭلىق مۇناسىۋەت قىلىشنى بىلىدۇ. ئالدى بىلەن يەرنى پەرۋىش قىلىپ، ئۇنى تويدۇرىدۇ. بۇنداق يەرلەر ئوزىنىڭ سېخى قوينىنى چۇقۇم ئاچىدۇ.

يەر ھالىتىنىڭ ناچارلاپ كەتكەنلىگىنىڭ ھەر خىل سەۋەپلىرى بار. مەسىلەن، بىزنىڭ ناھىيەدە بولسا، يەر ھالىتىدە ۋە ئەتراپ مۇھىتتا يۈز بەرگەن سەلبىي ھادىسەلەرنى يېزا ئېگىلىگىنى خىمىيەلەشتۇرۇش سۈرئىتىگە باغلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭمۇ سەۋىۋى ئوسەك ۋادىسى ئەتراپلىرىغا كومۇقوناق تېرىش قولغا ئېلىنغان 40 ژىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئوغۇلۇق خىمىكاتلار ۋە مىنېرال ئوغۇتلار كەڭ ئۇردە پايدىلىنىۋاتىدۇ، ئۇ ئۈچ ھەسسىگە يېقىن كوپەيدى. شۈبھىسىز ئاگروخىمىيە خىزمىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ھوسۇلدارلىقنى كوتىرىش، رېزېرۋى ئېكەنلىگىنى دېخانلىرىمىز ياخشى بىلىدۇ. ئاما خىمىيە ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشتا، ساقلاشتا ۋە بولۇپمۇ يەرگە توكۇشتە يول قويۇلغان ئېرەڭسىزلىكلەر يەر ھالىتىنىڭ، ئەتراپ مۇھىتنىڭ ناچارلىنىشىغا ئېلىپ كەلدى.

ناھىيەدە بەزى ئېگىلىكلەرنىڭ تېرىلغۇ برىگادىلىرىدا ئوغۇلۇق خىمىكاتلاردىن ۋاز كېچىش نىيىتى بىلدۇرۇلۇۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالدى بىلەن كالىنىن كولخوزى جۇرئەتلىك قەدەم تاشلىدى. ھازىرغا ئېتىزلىقلاردىن ئېلىنىۋاتقان ھوسۇل كورسەتكۈچلىرى يامان ئەمەس. كېلەچەكتە ئورگانىكىلىق ئوغۇتلار رېزېرۋىنى كوپەيتىش ھەققىدە جىددىي ئويلىنىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى خىمى-



قاراغاندا. «كاراگاندا ئۇگول» ئىشلەپ چىقىرىش بىرلەشمىسىنىڭ كوللېكتىۋى ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي بايرىمى ھارپىسىدا پىلاندىن ئارتۇق يەنە 100 مىڭ تونا كومۇر قېزىپ چىقىرىشنى ھوددىلىمەكتە.

سۈرەتلەردە: 1. «كىروۋسكايا» خېمىدىكى ۋلادىمىر سافونوۋنىڭ ئىلغار برىگادىسى.

2. ئالىقاندىكى قارا ئالتۇن.

(قاز تاگ).

مەسئۇت ئەپەندى ھەققىدە ھەقىقەت

«ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ»
خەلق ماقالى.

ئېلىمىزدە قانات يايغان قايتا قۇرۇش، ئاشكارىلىق، دېموكراتىيەلەشتۈرۈش ۋە پلىيۇرالىزم جەريانى سوۋېت خەلقىگە ھەقىقەتنى ئېيتىش ئىمكانىيىتىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كىشىلەرنىڭ ئاڭغا سىڭىپ كەتكەن كونا كوز قاراشلارنى، دوگما ئېقىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭىچە تەپەككۇر قىلىشقا ئۆگەتمەكتە. ھازىر خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشىگە ۋە ھازىرىغا يېڭىچە نەزەر تاشلىماقتا. تارىخىي ۋاقەلەر بىلەن تارىخىي شەخسلەرگە ياڭلىۋاشتىن باھا بەرمەكتە.

بىز كېيىنكى ژىللاردا، ستالىن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ خەلققە قارشى جىنايەتلىرى ئاشكارە بولۇپ، خەلقنىڭ ئەپرىتكە ئۇچرىغانلىقىنىڭ شاھىدى بولماقتىمىز. شۇنىڭدەك ئۆز ۋاقتىدا «خەلق دۈشمىنى» دېگەن يالا-تۆھمەتلەر بىلەن بېگۇنا جازالىنىپ كەتكەن مىلليونلىغان ئادىل كىشىلەرنىڭ ئاقلىنىپ، تارىختا ئۆزىنىڭ مۇناسىپ ئورنىنى ئالغانلىقىنىڭمۇ شاھىدى بولدۇق. قىسقىسى، جەمىيىتىمىزدە ھەققانىيەت ۋە ئادالەت تەنتەنە قىلماقتا. تارىخىي ۋاقەلەر بىلەن تارىخىي شەخسلەرگە ئوبيېكتىۋ باھا بېرىلىپ، تارىخىي ھەقىقەت ئەسلىگە كەلتۈرۈلمەكتە.

سوۋېت ئېلىدە ياشاۋاتقان باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش، ئۇيغۇرلارمۇ دېموكراتىيە ۋە ئاشكارىلىق شارائىتىدە، يېڭىچە تەپەككۇر قىلىپ، قېتىپ قالغان ئېقىدە رامكىلىرىنى ئېرى قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئۆتمۈشىمىزگە ۋە بۈگۈنىمىزگە ياڭلىۋاشتىن نەزەر تاشلىماقتىمىز. تارىخىي ۋاقەلەر بىلەن تارىخىي شەخسلەرگە، يېڭىدىن باھا بەرمەكتىمىز.

بىز كېيىنكى ژىللاردا ئاشكارە بولغان دەللەرنى ئۆگىنىپ، ياڭلىۋاشتىن پىكىر ژۈرگۈزگىنىمىزدە، ئۇرغۇن ئەرسلەرنىڭ قىياپىتى باشقىچە بولۇپ كورۇنمەكتە. بۇرۇن بىز ئىجابىي دەپ قاراپ كەلگەن بەزى شەخسلەر سەلبىي بولۇپ چىقماقتا، بۇرۇن بىز سەلبىي دەپ قاراپ كەلگەن بەزى شەخسلەر بولسا، ئىجابىي بولۇپ چىقماقتا. مۇنداق باھالاش، سىرتتىن قارىغاندا گويا تارىخنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋاتقاندەك كورۇنۇشى مۇمكىن. ھەقىقەتتە بولسا، بىزنىڭ كوز قارىشىمىزدىكى ئىلگەركى خاتالىقلار تۈزىتىلىپ، تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلمەكتە.

دەرۋەقە، ئۇيغۇرستان ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدىمۇ «قارا داغلار» ئاز بولمىدى. ئۇيغۇر خەلقى سەممىمي، ئاقكۆڭۈل، ئادىل خەلق. شۇڭا خەلقىمىز «خەلقلەر ئاتىسى» ستالىنغا ھەم ستالىنچىلارغا ئاق كوڭۇللۇك بىلەن ئىشىنىپ، ئۇلاردىن ئۈمۈت قىلغان، نىجاتلىق تىلىگەن ئىدى. بىراق ئەپسۇسكى، خەلقىمىزنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرى ستالىننىڭ، خىتاي باسقۇنچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ژۇرگۇزگەن تەقىپىنىڭ ۋە جازالىشىنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلاندى!

ئادەملەرگە باھا بېرىشتە ئۇلارنىڭ ئۆز مەلىتىقىسى، ئۆز مەۋقەسى بولغان- ئۇلارنىڭ سىزىغىدىن چىقمىغانلارنى «ئىلغار»، «ئىنقىلاۋىي كادىر» دەپ مەدھىيلىگەن ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلاپچىلارنى بولسا، «ئەكسىيەتچى»، «مىللەتچى»، «پانتۈركىست»، «پانئىسلامىست» دەپ يالا-تۆھمەتلەر بىلەن ئەيىپلىگەن ئىدى. مەسىلەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 1944-1949-ژىللاردىكى مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتى راسا ئۇۋج ئېلىۋاتقان دەۋرلەردە سىئىكىپ مەركىزىي كومىتېتىدا جاۋاپكەر خىزمەتتە بولغان تۇرسۇن رەھىموۋ ئۆزىنىڭ گېنېرال زۇنۇن تېيپوۋنىڭ **«شەرقىي تۈركىستان يېرىدە»** دېگەن خاتىرىلىك كىتاۋىغا يازغان مۇقەددىمىسىدە مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلاپچى مەسئۇت سابىرىي ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1947-ژىلى مايدا شىنجاڭ ھوكۇمىتىنىڭ رەئىسى جاڭ جى جۇڭنىڭ ئورنىغا گومىنداڭ ھوكۇمىتى مەسئۇت سابىرھاجىيېۋىنى بەلگۈلىدى. مەسئۇت سابىرھاجىيېۋنىڭ مىللىتى ئۇيغۇر، چوڭ پومېشچىك، ئۇچىغا چىققان رېئاكسىونېر، جاڭ كەيشىنىڭ سادىق مالىيى، پانتۈركىست ئىدى ... بۇ ئەشەددىي گومىنداڭچى ئۆز غوجايىنلىرىنىڭ ئىرادىسىنى ئورۇنلاپ، شىنجاڭدىكى تەرەققىيپەرۋەر ئۇنسۇرلارنى جازالاشقا ۋە تەقىپلەشكە باشلىدى. يۇزلىگەن ۋە مىڭلىغان ئادەملەر تۈرمىگە قامالدى.» (ز. تېيپوۋ. «شەرقىي تۈركىستان يېرىدە»، ئالمۇتا، 1977-ژىل، 13-بەت). مانا ئاساسسىز ئەيىپلەشنىڭ ئەجايىپ ئۈلگىسى ... خەلقىمىزنىڭ كوپلىگەن مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرى ئەينە شۇنداق قالپاقلار كىيگۈزۈلۈپ ئەيىپلىنىپ، يوقۇتۇلغان ئىدى.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، ئۆز ۋەتىنىنىڭ ۋە ئۆز خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ۋە مىللىي مۇستەقىللىگى ئۈچۈن كۈرەشىش ئۈچۈن ماركسچى-لېنىنچى بولۇش شەرت ئەمەسقۇ. ئىنقىلاپچىلارنىڭ بۇ غايىنى رەھبەرلىككە ئالمىغانلىرىنىڭ ھەممىسىلا تۈرك بولسا پانتۈركىست، مۇسۇلمانلار بولسا- پانئىسلامىست، سلاۋيان بولسا -پانسلاۋيانىست بولۇشى كېرەكمۇ؟! بىز ئۇيغۇرلار تۈركلەر بولماي كىملەر؟ ئەگەر تۈركلەر بولمىساق، ئۇلۇق مۇتەپەككۇر، ئەللامە شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسەرى «قۇتادغۇ بىلىك»تە نېمىشكە بىزنىڭ تۈركلەر، تىلىمىزنىڭ تۈركچە ئېكەنلىگىنى تەكىتلەپ، 73- ۋە 76-قوشاقلىرىدا:

«ئەرەپچە، تاجىكچە كىتاپلار تولا،
بىزنىڭ تىلىمىزدا بۇ يالغۇز، شولا.
بۇ تۈركچە قوشاقلارنى تۈزدۈم ساڭا
ئوقۇردا ئۇنۇتما دۇئا قىل ماڭا»،

دەپ يازىدۇ. («قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىن، 1984-ژىل، 21-بەت).

موشۇ ئۇقتەئىي نەزەردىن قارىغاندا مەسئۇت سابىرىي، مەمتىمىن بۇغرا، ئەيسابەگ ئالىپتېكىنلەرگە ۋە باشقا ۋەتەنپەرۋەر، كۈرەشچان ئوغلانلارغا پانتۈركىست قالپىقىنى كىيگۈزۈپ بىھۇدە ئەيىپلەشنىڭ ھاجىتى بارمىدى؟ ئۇلار ئۆز خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ۋە مىللىي مۇستەقىللىگى ئۈچۈن كۈرەشكەن ۋە كۈرىشىۋاتقان مۇنەۋۋەر ئوغلانلاردۇر- دەپ قەتئىي ئېيتالايمىز.

ھازىر ئېلىمىزدا ۋە پۈتۈن دۇنيادا قايتا قۇرۇشنىڭ باھار شامىلى كەزمەكتە. دېموكراتىيە، ئاشكارىلىق ۋە پلىيۇرالىزمنىڭ ئۇرى قاراڭغۇ بۇلۇڭلارنى يورۇتماقتا. موشۇ كەمگىچە مىللىي مۇستەقىللىككە، دولەتچىلىككە ئېگە بولالمىغان مىللەتلەر بىلەن خەلقلەر چوڭقۇر مىللىي ئويغىنىش ئىچىدە تۇرماقتا. بىرلىشىپ كۈرەش قىلىش يولىغا چۈشمەكتە. بۈگۈنكى دەۋر- مىللىي ئويغىنىش دەۋرى! موشۇنداق بىر دەۋردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىمۇ باشقا قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ياردىمى ۋە قوللاپ- قۇۋۋەتلىشى بىلەن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، مىللىي تىكلىنىش- ئويغۇنۇش يولىغا چۈشىدىغان ۋاقىت يەتتى!

بىزنىڭ تارىخىمىزدا، يالا- تۆھمەتلەرگە ئۇچراپ، يامان ئاتلىق بولۇپ قالغان، موشۇ كۈنگىچە تارىختا ئۆزىنىڭ مۇناسىپ ئورنىنى ئالالماي كېلىۋاتقان ئەرباپلار ئاز ئەمەس. ئەينە شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى- **مەسئۇت ئەپەندى سابىرىيدۇر!**

مەسئۇت ئەپەندى بىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتقان سەياسىي ئەرباپلارنىڭ بىرسى ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ كىشىگە «مىللەتچى، پانتۈركىست» دېگەن سەياسىي قالپاقلار كىيگۈزۈلگەندىن باشقا، موشۇ كۈنگىچە ئۇنىڭ ھايات يولى بىلەن پائالىيىتىگە ھەقىقىي دەلىللەر ئاساسىدا ئوبيېكتىۋ ۋە توغرا باھا بېرىشكە ئىنتىلگەن ھېچ كىم بولمىدى. ئەپسۇسلىنىدىغان يېرىمىز شۇكى: بىزنىڭ بەزى زىيالىلىرىمىز تېخىچىلا كونا كوز قاراشلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالماي كېلىۋاتىدۇ. دۈشمەنلەرنىڭ ھىلىسىگە ئالدىنىپ، مەسئۇت ئەپەندىگە كىيدۈرۈلگەن «پانتۈركىست» دېگەن سەياسىي قالپاقنى تېخىچە كوتىرىۋېلىپ، دەسسىيە قىلىپ ژۈرىدۇ! بۇ بىزنىڭ تارىخچىلىرىمىزدىن، پۇبلىتسىستلىرىمىزدىن بۇ ئەرباپنىڭ ھاياتىنى ۋە پائالىيىتىنى ئەتراپلىق، ئوبيېكتىۋ ئۆگىنىپ، توغرا خۇلاسىلار چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

* * *

مەسئۇت ئەپەندىنىڭ كىملىگىنى بىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بېسىپ ئوتكەن ھايات يولىغا ھەم پائالىيىتىگە بىر نەزەر تاشلاپ كورەيلى.

مەسئۇت سابىرىي 1886-ژىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئارۋۇز يېزىسىدا، سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى سابىر، بوۋىسى بايقوزى، چوڭ بوۋىسى- بولاتقوزى ئىدى. سابىرىيلار ئائىلىسىنىڭ تەغدىرىمۇ ئىلىدىكى باشقا ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ تەغدىرىگە ئوخشايدۇ. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ قىسمەتلىك تارىخى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغاندۇر.

مەلۇمكى، مەنچىڭ خانلىغى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى ئۇيغۇرستاننى 1759-ژىلى بېسىۋالغان ئىدى. ئەركسۆيەر ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئازاتلىقى ۋە مىللىي مۇستەقىللىگىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، باسقۇنچىلارغا قارشى قەھرىماناللارچە كۈرەش قىلدى. مەنچىڭ ھوكۇمىتى ئەينە شۇ قارشىلىق كورسەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قىسمىنى پۈتۈنلەي قىرىۋەتتى. ئامان قالغان ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى بولسا، ئىلى ۋادىسىغا سۈرگۈن قىلدى. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، چەنلۇڭ خاننىڭ پەرمانى بىلەن 1760- ژىلى قەشقەر، يەدىن ئىلى ۋادىسىغا بىرىنچى تۈركۈمدە 2000 ئائىلە ئۇيغۇرلار، 1765- ژىلدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن كېيىن يەنە 6000 ئائىلە مەجبۇرىي كوچىرىلگەن. شۇنداق قىلىپ، جەمئىي 8000 ئائىلە ئۇيغۇر ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان. بۇ كوچمەنلەر ئىلى ۋادىسىغا ئورۇنلاشقان مانجۇر-خىتاي چېرىكلىرىنى بېقىشقا، ھەم ئۇلار ئۈچۈن سېپىل سوقۇپ، ئىمارەت سېلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئەينە شۇ بىرىنچى تۈركۈمدە كوچىرىلگەن 2000 تۈتۈن كوچمەنلەردىن 600 تۈتۈنى ئىلى ۋادىسىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى، قولۇستاي- بۇلۇكەي ساي ئېقىنلىرىنىڭ ئارىلىغىدىكى بوز يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. موشۇ 600 تۈتۈننىڭ ئىچىدە مەسئۇتنىڭ چوڭ بوۋىسى پولاتقوزىمۇ بار ئىدى. پولاتقوزى ئەسلىدە قەشقەر ۋىلايىتى، ئاتۇش ناھىيەسىنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش كەنتىدىن بولۇپ، مانجۇر-خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشلەرگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، يۇرتداشلىرى قاتارىدا، ئائىلىسى بىلەن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان ئىدى.

مەسئۇتنىڭ بوۋىسى بايقوزى، ئىلىغا كوچۈپ چىققان باشقا يۇرتداشلىرى قاتارىدا، جاپا-مەشەققەتلىك ھايات كەچۈرىدۇ. ئايلار ئوتۇپ، ژىللار ئوتۇپ، بايقوزىنىڭ ئائىلىسىدە، ئۇنىڭ ئېغىر قىسمەتلىك ھاياتىنىڭ ۋارىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى سابىر دۇنياغا كېلىدۇ. سابىرمۇ ئاتىسىغا ئوخشاش، زورلۇق-ستەم زامانىسىدا ئېزىلىپ- سوقۇلۇپ، تەغدىرنىڭ دەشنامىلىرىنى يەپ، ئاستا- ئاستا چوڭ بولۇپ ئەر يېتىدۇ. تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق- چۈچۈكىنى تېتىپ، ھاياتنىڭ سوقماق يوللىرىدىن سۈرۈنۈپ ئوتكەن سابىر، ئىلىدا سادىر پالۋان باشچىلىغىدا مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەت باشلانغاندا بىرىنچىلەردىن بولۇپ قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلغان. ئۇ سادىر پالۋاننىڭ رەھبەرلىگىدە باياندىي، كۈرەنى ئېلىش جەڭلىرىگە قاتنىشىپ، ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى توگىگەندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، تىرىكچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئەينە شۇ ئىسيانكار جەڭچى سابىرنىڭ ئائىلىسىدە ئاتلار باشلىغان ئۇلۇق ئىشنىڭ ۋارىسى بولۇپ، مەسئۇت دۇنياغا كەلگەن.

مەسئۇت كىچىك چېغىدىلا زېھنى ئوتكۈر، ئوزى تىرىشچان، ئەمگەكسۆيەر بالا بولغان، ئەڭ مۇھىمى، ئۇ بىلىم ئېلىشقا ئامراق، ئىلىمغا مايىل ئىدى. ئۇ دەسلەپكى بىلىمىنى ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئالدى. كېيىن غۇلجا شەھرىگە كىرىپ، يېرىم دىنىي- يېرىم پەننىي مەكتەپتە ئوقۇشقا كىرىشتى. بۇ مەكتەپلەردە كوپىنچە تاتار مۇئەللىملەر ساۋاق ئوتەتتى. مەسئۇت ئىلىمنىڭ تەمىنى تېتىغانسىرى، ئىلىم ئېلىشقا بولغان خۇشتارلىغى ئېشىپ، تەشنالىقى كۈچىيىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئىلىمغا خۇشتارلىغىنى كورگەن ئۇستازلىرى ئۇنى چەتئەلگە چىقىپ، ئوقۇپ، بىلىم ئېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

مەسئۇتنىڭ ئاتىسى سابىرمۇ ئەقلى روشەن، قەلبى ئويغاق، ئىلىمنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئوغلى مەسئۇدقا ياخشى ئوقۇپ، بىلىملىك ئادەم بولۇش نەسەھەتنى قىلىدۇ؛

مەسئۇت ئوزىنىڭ يېقىن دوستى ھەم ساۋاقدىشى- ئابدۇراخمان شاھىدى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شۇ زاماندا ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن بىلىم ئېلىش مۇمكىن بولغان بىردىن- بىر مەملىكەت- تۈركىيەگە بارماقچى بولىدۇ. بىراق بۇلارنىڭ يول كىراسى ھەم ئوقۇش خىراجىتى ئۈچۈن يېتەرلىك ئاقچىسى يوق ئىدى. بۇ ھالدىن خەۋەر تاپقان ئاتاقلىق مەرىپەتپەرۋەر زات- ھۈسەئىناي ھاجىم تالىپلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ، بارلىق خىراجەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

(داۋامى بار).

ئەدەبىيات گۈلزارى

قازاقستان يازغۇچىلىرىنىڭ 10‐ سېيزى ئالدىدىن

ماقالغا مايىل سۆزلەر

ئادىل پاششاھ، دادىل ژۇرسەن.

✻

ئىشنى باشقىلار بىلەن تەڭ قىل،
سۆزنى بارچىدىن كام قىل.

✻

كۆلدۈرگەننى‐ ئۆلتۈرمەس.

✻

نەپسىڭگە قانچە بېرىلسەڭ، دوستلىرىڭ
دىن شۇنچە ژىراقلىشىسەن.

✻

ماختىساڭ «مودا» چىقىرىدۇ،
ماختىمىساڭ غوغا چىقىرىدۇ.

✻

ئىنساپ‐ ھېچكىمگە خار قىلدۇرمايدۇ.

✻

قۇرۇق نامدىن ‐قۇرۇق نان ياخشى.

✻

يامان ئادەم توھمەتسىز ژۈرەلمەيدۇ.

ياخشى ئادەم مېھنەتسىز.

✻

باي ئۆلسە، خوشامەتچى ئاچ قالىدۇ.

✻

كۆمۈچ تەرنى توكمىسەڭ،
ئالتۇن داننى ئالالمايسەن.

✻

ئالدىرىغان ‐ژىقىلار.

س. باھاۋدىنوۋ.

تۇرتىلكىلەر

مەن خۇش ئەمەس يېنىڭ ئومۇر سۈرگەنگە،
مەن خۇش ئەمەس كۆندە ئويناپ كۈلگەنگە.
خوشالمەنكى، ئەمگىمدە، تەرىمدە
دوست دەردىنى يېنىكلىتىپ ژۈرگەنگە.

✻ ✻ ✻

قۇش بولۇپ مەن ئۇچمىساممۇ ئاسماندا،
شاتمەن يەرگە ھوسۇن بوپ ياراشقانغا.
تۇيغۇلىرىم ئالەم كېزەر كوك يېرىپ،
ژۈرەكتىكى شېرىمنى يازغاندا ...

✻ ✻ ✻

ئوزگىلەرنى زادى كوزگە ئىلمايسەن، ‐
ئېيتقىن قېنى، ئوزەڭنى ھە، كىم دەيسەن؟
ئادەملەرنىڭ گوزەللىگى، ھەي دوستۇم،
كەمتەرلىكتە ئىكەنلىگىن بىلمەمسەن؟

✻ ✻ ✻

كورگۈم كېلەر نۇر چاقنىغان كوزۈڭنى،
بىلگىم كېلەر ژۈرەكتىكى سوزۈڭنى.
كەل ژۈرىگىم قاتلىرىدىن ئىزدەپ تاپ،
سەن يوقىتىپ قويغان بولساڭ ئوزەڭنى ...

✻ ✻ ✻

ئويۇم تولسا بايلىققا‐ ئۇ ئالتۇنغا،
سەن بولمىساڭ مەن گادايمەن، بۇ‐ قايغۇ.
ھېچ بايلىغىم بولماي تۇرۇپ ئويۇمدە،
سەن بار بولساڭ، بايمەن، بايلىق‐ئۇ سويگۇ.

✻ ✻ ✻

ژۈرىگىمدە سەن تۇرسەن ھەر قاچان،
چىدالمايمەن كۆندە سېنى كورمىسەم.
سەن تۇرغاندا بار لەززەتنى سۈرىمەن،
كۈنۈم تەسقۇ سېنى كورۇپ ژۈرمىسەم.

✻ ✻ ✻

ئەل تەڭ كەلمەس تۇغۇلغان ژۇت‐ئېلىڭگە،
يەر تەڭ كەلمەس ئانا تۇپراق‐ يېرىڭگە.
ئانا ۋەتەن توپىسىنى باسقاندا
جېنىم سىغماي كېتەر گويا تېنىمگە.

خەيرىنسا تۇردىيېۋا.

قىز قەلبى

(لىرىكىلار)

مۇھەببەت

مۇھەببەت!
سىغىنغان ئېدىمغۇ ساڭا،
بىراقتا سەن مېنى ئالداپ قويغاندەك.
مۇپتىلا قىلغاچقا ۋاپاسىز يارغا،
قالمىدى مېنىڭدە سەۋرى ۋە تاقەت.
تەبىەت ياراتقان گويا خۇش پۇراق،
سېزەتتىم ئوزەمنى بىر نازۇك يالپۇز.
ئېچىنماي، دوزاقنىڭ ئوتىغا تاشلاپ
كەتتىغۇ يار ئاتلىق بېۋاپا يالغۇز.
ھازىرغۇ ئېچىنىپ كەتمەيمەن ئەندى،
تەغدىرىنىڭ يازغىنى ئەشۇ دەپ باشقا.
مۇھەببەت،
كۈلدەرمە، ژىغلاتما، مەيلى
ھېچ مۇمكىن ئەمەسقۇ سەنسىز ياشاشقا.

سېغىنغاندا

ياڭرىدى قولدا سازىم‐ شوخ دۇتارىم،
سېغىنغان چاغدا بۈگۈن سويگەن يارىم.
يېنىمدا بولساڭ كاشكى موشۇ تاپتا،
ئەي مېنىڭ بۇ دۇنيادا يوقۇ‐ بارىم.
قەلبىمنى چۇشەنمەس بىر سەندىن باشقا،
سازىمنى قۇلاق سېلىپ تىڭشارىم سەن.
گوھەرنى ئۇرمايدىغان بەلكى تاشقا
بىلسەم ئۇ قوش قەلبىنىڭ ئىشى ئىكەن.
دۇتارنى چېلىپ ئەسلا قولۇم تالماس،
يولۇڭغا قاراپ بىراق تالدى كوزۇم.
سېغىنىش ئوتى دىلدا ئۇچۇپ قالماس،
تۈگىمەس كەلسەڭ ساڭا ئېيتار سوزۇم.

ھىجران

ۋاپادارىم ژۈرەر مەندىن ژىراقتا،
كوڭلى ئۇنىڭ مەن تەرەپتە بىراقتا.
ھىجران دەردى قىينىسىمۇ ھە بىزنى،
چىداش بېرىپ، كۈتىشىمىز ھەر ۋاقتا.

زەيتۈنەم مەشۈروۋا.

كوكچېتاۋ. قازاق خەلقىنىڭ مۇنەۋەر پەرزەنتلىرى بىرژان‐سال بىلەن ئاقان سېرى لارنىڭ خاتىرە ھەيكىلىنى ئېچىش مۇراسىمىغا ئۇلارنىڭ يۇرتداشلىرىلا ئەمەس، بەلكى قېرىنداش روسسىيە، ختاي، تۇركىيە ۋە مانغولىيەلەردىن كەلگەن ۋەكىللەرمۇ قاتناشتى.

ھەيكەللەرنى ئالمۇتىلىق چېۋەر ھەيكەلتاراش تولېگېن دوسمۇخامبېتوۋ ياسىغان.

سۈرەتلەردە: 1. ئاقان سېرى خاتىرىسىگە قويۇلغان ھەيكەل. 2. قازاق خەلقىنىڭ بۇلبۇلى بىرژان‐سال.

(قازتاگ).

چەت ئەللەردىن خەۋەرلەر

سېربىيە مەۋقەسىنىڭ قەتئىي ئوز گىرىشى

سېربىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى يوۋانوۋىچ، بېلگراد تېلېۋىدېنىيېسى بويىچە سوزگە چىقىپ، يېۋروپا بىرلەشمىللىرىنىڭ يۇگوسلاۋىيەدىكى بوھرانىنى ھەل قىلىش توغرىلىق دېكلاراتسىيەنىڭ ئاساسىي ئالامەتلىرى سېربىيە ئۇچۇن قوبۇل قىلىشقا بولىدىغانلىغىنى بىلدۈردى. دېكلاراتسىيە، دېدى ئۇ، خالىس لىيەتكە ئاساسلانغان، ئەقىلگە مۇۋاپىق ۋە سالماقلىق، قانداقتۇ بىر تەرەپكە ئەۋزەللىك بەرمەيدۇ.

ئاربىتراژ كومىسسىيەسىنى قۇرۇش، دەپ تەكىتلىدى مىنىستىر، دېكلاراتسىيەنىڭ ئەڭ ئاساسىي ھۆلى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، ئۇ ئىشنىڭ رېال ئەھۋالىنى ئېنىقلاش مەخسىتى بىلەن دەلىللەرنى خالىس ئۈگىنىشى كېرەك. يوۋانوۋىچ سېربىيەنىڭ يۇگوسلاۋىيە بويىچە خەلق ئارا كونفېرېنسىيە چاقىرىشقا قارشى بولمايدىغانلىغىنى تەكىتلىدى.

چەت ئەل بايقىغۇچىلىرى بېلگرادتا سېربىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ بىلدۈرۈشىنى بۇ جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىكى ماۋقەسىنىڭ تۈپ ئاساسىدىن ئوزگەرگەنلىگى سۈپىتىدە باھالىماقتا، ئۇلار ئىلگىرى خورۋاتىيەدە چەت ئەل بايقىغۇچىلىرىنىڭ ئىشتىراك قىلىشىغا قارشى تۇرغان ئېدى.

كامبودژىدىكى ئەھۋال توغرىلىق

ختاي پاتتايدا (تائىلاند) بولۇپ ئوتكەن كامبودژا ئالىي مىللىي كېڭەشنىڭ رەسمىي مەجلىسىنى سەييارەمىزنىڭ بۇ رايونىدىكى توقۇنۇشنى سەياسىي ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىش يولىدىكى «ئىنتايىن چوڭ تەرەققىيات» سۈپىتىدە خاراكتېرلىدى.

خخج تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگىنىڭ ۋەكىلى تائىلاندتا كامبودژىنىڭ تورت تەرىپىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى ئورۇۋالاشتۇرۇش ۋە ئالىي خەلق كېڭىشى ۋە خەلق ئارا بايقىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئوتكۈنچى دەۋىردە ئالاقە ئورنىتىش توغرىلىق كېلىشىم كخمېر گۇرۇھلىرىنىڭ مىللىي رازىمەنلىككە ئىنتىلىۋاتقانلىغىنى بىلدۈردى.

ھەيكەللەر ئېلىپ تاشلانماقتا، نام لار ئوزگەرتىلمەكتە

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەجايىپ جوشقۇن ۋاقەلەر ئوتتۇرا دەرىجەلىك ئىتالىيەلىكلەرنىڭ پەم‐ پاراسىتىگە تەسىر يەتكۈزمەكتە. ئىتالىيەنىڭ چوڭ‐ كىچىك شەھەرلىرىدە ھەقىقىي توپۇنمىيەلىك ھەرىكەت ئوۋج ئالدى ‐جەمىيەت دائىرىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى كوچىلارنىڭ، مەيدانلارنىڭ، خالتا كوچىلارنىڭ، «قىزىل» ناملىرىنى ئوزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. «ستامپا» گېزىتى ئىتالىيەدە 70 كوچا‐پالمىرو توليانتىنىڭ، 30 كوچا‐ ماركسنىڭ، 10 كوچا لېنىننىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتىلىدىغانلىغىنى ھېساپلاپ چىققان.

«فېۋرارى» ئاۋتوموبىللىرىنى ۋە ئىشتۇرۇش بويىچە ئوز زاۋۇدى بىلەن مەشھۇر (ھازىر بۇ زاۋۇد تولۇغى بىلەن فىياتقا تەئەللۇق) كارپى شەھىرىدە، شەھەر باشلىغى، كوچىلار ۋە مەيدانلارنى رېكونسترۇكسىيە قىلىشنىڭ يېڭى پىلانىنى تەستىقلىگەندە، شەھەر خەرىتىسىدىن «لېنىن» نامىنى ئوچۇرۇپ تاشلىغان. بۇ قارار مەملىكەتتە كەڭ دائىرىدە مۇنازىرىلەرنى پەيدا قىلدى ۋە ھازىرنىڭ ئوزىدىلا گېزىتنىڭ يېزىشىغا قارىغاندا، «ماي دېغى ئونۇمگە» ئېگە بولماقتا.

كاۋرىاگودا ‐ ئېمىليا ‐ رومانيا «قىزىللار» رايونىنىڭ ژۈرىگى بولغان بۇ يەردە ھەرىكەت ئەكسىچە بولماقتا. كونسېرۋاتورلارغا ئايلانغان ئىلگەركى ئىنقىلاپچىلار، دەپ يازىدۇ «ستامپا» گېزىتى، مەيداندىكى لېنىن ھەيكىلىنى قورشاۋېلىپ مۇنداق دەپ بىلدۈرگەن: «رۇسلار نېمە خالىسا، شۇنى قىلىشى مۇمكىن، لېكىن لېنىنغا قول تەككۈزۈشكە بولمايدۇ».

لىبېرال ۋە خرىستان‐ دېموكراتىك پارتىيەلەر تەرىپىگە توپلانغان رىم ياشلىرى: لېنىن كوچىسىنى ساخاروۋ كوچىسى قىلىپ ئوزگەرتىش، ماركس پروسپېكتىغا كوممۇنىزم قۇربانلىرى نامىنى بېرىش، پالمىرو تولياتتى كوچىسىنى تيەنئەنمېندە ئازاپ چەككەنلەر كوچىسىغا ئوزگەرتىش تەكلىۋىنى بەردى. بۇ توغرىلىق رىمدا چىقىدىغان «مىسسادژېرو» گېزىتى خەۋەر قىلدى.

مەملىكەتنىڭ كوپلىگەن رايونلىرىدا، دەپ تەكىتلەيدۇ «ستامپا» گېزىتى، شەرىقتىن چىققان يېڭى شامال تېخى ئوزى توغرىلىق مەلۇم قىلىدۇ. مەسىلەن، نېمە ئۇچۇن مىلاندا، دەپ سوئال قويىدۇ بايقىغۇچىلار، ماركس نامى بىلەن ئاتىلىدىغان كوچىنىڭ نامىنى ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك؟ مەسىلەن لېنىن پېرودژېدىكى ئونىبېرىتېدى شەھەرچىسى ئۇچۇن ياكى ئېنگېلس تاراتو يېنىدىكى گرودتالىيى ئۇچۇن نېمە قىلىپ بەرگەن؟ خۇشېمىنىڭ، دەپ سورايدۇ باشقىلار توسكانىدىكى كيۇسى شەھەرچىسى بىلەن قانداق ئالاقىسى بار؟

خىتاي:

پىلان بويىچە كاساتلىق

ختاي ھوكۇمىتى دولەتنىڭ چىقىم تارتىپ ئىشلەۋاتقان شىركەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى كاساتلىققا ئۇچراشقا مەجبۇرلاش ئۇچۇن چارىلەرنى كورۇشنى نىيەت قىلماقتا. چوڭ شەھەرلەردىكى رېنتابىلسىز ئىشلەۋاتقان بىر قاتار زاۋۇدلارنى يېپىش كوتۇلمەكتە، دەپ يازىدۇ «چاينا دېيلى» گېزىتى.

1988‐ ژىلى كاساتلىق توغرىلىق قانۇن كۈچكە كىرگەنلىگە قارىماي، تا ھازىرغىچە بىرمۇ چوڭ دولەت كارخانىسى تېخى يېپىلغىنى يوق. كاساتلىق‐ ختاي ئۇچۇن نازۇك مەسىلە، چۈنكى ئۇ كارخانىلارنىڭ يېپىلىشى، ئىشسىزلىقنىڭ ئوسۇشى بىلەن باغلىق بولۇپ، ئىجتىمائىي كەسكىنلىككە ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

«Йени хаят» («Новая жизнь») индекс 65359 , приложение Республиканской Социально-политической газеты на уйгурском языке «Уйгур авази», выходит — по вторникам, четвергам и субботам.
Ордена Трудового Красного Знамени типография Издательства ЦК Компартии Казахстана. г. Алма-Ата, 480044. Проспект Ленина, 2/4.

تېلېفونلار: مۇھەررىر‐ 69‐86‐33، مەسئۇل كاتىپ‐ 50‐86‐33، پارتىيە بۆلۈمى‐ 81‐ 86‐33، ئىختىسات بۆلۈمى‐06‐86‐33، ئەدەبىيات بۆلۈمى‐ 27‐86‐33، مەدەنىيەت بۆلۈمى‐ 01‐92‐ 33.

زاكاز (3437) تىراژ 8250

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى: قازاقستان س س ج مىنىستىرلار كابىنېتى.

گېزىت ئوفسېت ئۇسۇلى بىلەن بېسىلدى. بىر باسما تاۋاق.

مۇھەررىر ئا. قاسىموۋ

يېڭى ھايات
ئالمۇتا، 480044
ئىپەك يولى كوچىسى،
50‐ئۆي 8‐قەۋەت

ПОГ-60

ئاتا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى -روييۇڭ سامان بولماس.

يېڭى ھايات

1991
يىل
5
سېنتەبىر
پەيشەنبە
№106
(3037)

باھاسى
4 تىيىن

گېزىت 1970- يىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ. ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم سېشەنبە، پەيشەنبە شەنبە كۈنلىرى چىقىدۇ.

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سەياسىي گېزىت «ئۇيغۇر ئاۋازى»نىڭ قوشۇمچىسى.

خەلق دېپۇتاتلىرىنىڭ سىيېزى

موسكۋا، 2- سېنتەبىر. مىللىونلى-غان ۋەتەنداشلىرىمىز چوڭ ئۈمۈت بى-لەن كۈتكەن كۈنى كەلدى: موسكۋادا بۈگۈن ئەتىگەنلىكى سائات ئوندا سىسجى خەلق دېپۇتاتلىرىنىڭ نۆۋەتتىن تاشقىرى -بەشىنچى سىيېزى ئۆز ئىشىنى باشلىدى.

يېقىندا يۈز بەرگەن ۋاقىئەلەر سىيېزد كۈن تەرتىۋىنى بەلگۈلىدى، سوۋېت دولەتلەرنىڭ كەلگۈسى ئىت-تىپاقى ۋە مەملىكەتنى ئېغىر بوھران-دىن چىقىرىش يولىنى ئىزدەش ئۇنىڭ ئاساسىي مەسىلىلىرىنىڭ بىرى بولدى.

بۇ ۋە باشقا سوئاللارغا سىيېزد ئون بىر جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى بىلەن كېلىشىلگەن بىلدۈرۈش بىلەن سوزگە چىقىدىغان سىسجى پرېزىدېن-تى م. س. گورباچېۋ جاۋاپ بېرىشى كېرەك. بىر كۈن ئىلگىرى ئۇ تېلېۋى-دېنىيەگە بەرگەن ئىنتېرۋيۇسدا پۈت-كۈل مەملىكەتنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېگە بولىدىغان ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى قۇرۇش كېرەك، دەپ بىلدۈردى.

شۇنداقلا دېپۇتاتلار ئالدىدا روس-سىيە پرېزىدېنتى ب. ن. يېلتسىننىڭ سوزگە چىقىشىمۇ چوڭ قىزىقىش بى-لەن كۈتۈلۈۋاتىدۇ، ئۇ ئىسيانىي باس-قاندىن كېيىن مەملىكەتتىكى ۋەزىيەت ھەققىدە ئەنمۇ مۇرەككەپ، بىراق ئۇنى تۈزىتىشكە بولىدۇ، دەپ بىلدۈرگەن ئېدى. ۋەتەنداشلىرىمىز باشقا جۇمھۇ-رىيەتلەر رەھبەرلىرىنىڭ، خەلق دې-پۇتاتلىرىنىڭ، سوزىنىمۇ قىزىقىش بى-لەن كۈتۈۋاتىدۇ. ئۇلار مىنبەرگە قا-داق پىكىرلەر بىلەن چىقىدۇ، مەملىكەت-كە ۋە خەلققە نېمىنى تەكلىپ قىلىدۇ -بات- يېقىندا بىز بۇ توغرىلىق بى-لىمىز.

ئەلۋەتتە، ھەممىمىز ژۇقۇرى لاۋا-زىملىق سەياسىي ئاۋانتيۇرىستلار تو-پىنىڭ دولەت ئاغدۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنىڭ قانداق بولغانلىغى-نى بىلگىمىز كېلىدۇ ۋە سىيېز-نىڭ سىسجى ئالىي كېڭىشى-نىڭ نۆۋەتتىن تاشقىرى سېسسىيەسىدە ئىشلەنگەن، دولەت ھاياتىدىن ئۇزۇل-كېسىل مۇنداق ھادىسىلەرنى ئېلىپ تاشلاشقا ئىمكانىيەت بېرىدىغان مېخا-نىزملارنى تەستىقلەيدىغانلىغىغا ئۈ-مۈت قىلىمىز.

مەملىكەت ھەقىقەتەنمۇ ئىنقىلاۋىي بۇرۇلۇشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ. پەقەت خەلق دېپۇتاتلىرىدىنلا ئە-مەس، بەلكى بارلىق سوۋېت ئادەملى-رىدىن ژۇقۇرى جاۋاپكەرلىك تەلەپ قىلىنىدۇ.

(تاسس).

جۇمھۇرىيەتلەر رەھبەرلىرىنىڭ سىسجى خەلق دېپۇتاتلىرى نۆۋەت-تىن تاشقىرى سىيېزىنىڭ ئىش تەرتىۋى توغرىلىق بىلدۈرۈشى

1. بىز سىيېزد ئوتكۈزۈۋاتقان ۋە-زىيەتنى، ۋاقىتنى ھېساپقا ئېلىپ سىيېزنى ئۈچ كۈندە ئوتكۈزۈشنى تەكلىپ قىلىمىز.

2. كۈن تەرتىۋىگە سىسجى پرې-زىدېنتى ۋە جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئالىي لاۋازىملىق شەخسلىرىنىڭ بىرلەشكەن بىلدۈرۈشى مەسىلىسى كىرگۈزۈل-سۇن. تەكلىپ قىلىنىۋاتقان چارىلەر قارالسۇن، تېگىشلىك قارارلار قوبۇل قىلىنسۇن.

3. تەنەپۇستىن كېيىن سىسجى پرېزىدېنتى، جۇمھۇرىيەتلەر باشلىق-لىرى ياكى ۋەكىللىرى تەركىۋىگە ئىش پرېزىدېنتۇمنى سايلاش تەكلىپ قىلىنىدۇ.

بىرىنچى مەجلىستە رەئىسلىك قى-لىش سىسجى پرېزىدېنتى يولداش م. س. گورباچېۋقا تاپشۇرۇلسۇن، ئاندىن كېيىن بولسا نۆۋەت بويىچە.

كوكتاتلارنى كۈزەتمەكتە

ئۇرال. پرىئۇرالىي ناھىيەسى پېت-روۋ نامىدىكى كولخوزدا كېچىسى كوكتاتلىقلارنى كۈزىتىش قولغا ئېلىن-دى. بۇ پەۋقۇلاددە چارىلار- ۋىلايەت مەركىزىي تۇرغۇنلىرىنىڭ كولخوز-نىڭ ياڭيۇ ۋە كوكتات ئېتىزلىرىغا «ھۇجۇم» قىلىشىنىڭ كوپىيىپ كې-تىشىنىڭ نەتىجىسى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتكەن ژىلى كۈزدىمۇ خۇسۇسىي ھەم جەمىيەت سېكتورىدىن مال ئوغۇرلاش ئەھۋالىنىڭ يۈز بەرگەنلىگىنىمۇ بۇ يەردىكىلەر ئېسىدىن چىقارغى-نى يوق. كېچىسى قاراۋۇللۇق قىلىش كولخوز رەھبەرلىرىنىڭ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ، برىگادىرلارنىڭ، ۋە ئېگىلىك ئىجارىچىلىرىنىڭ كۈچ-چىقىرىشى بىلەن ئاۋتوماشىنىلاردا ئە-مەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بىر ئۇچاستكا ئىن-سپېكتورى ۋە يەرلىك يېزا كېڭىشى-نىڭ دېپۇتاتلىرى ھازىرقى ۋاقىتتا ئور-غۇنلىغان ئىشلەپ چىقىرىش ئوبيېكت-لىرىنى ۋە ئۇچاستكىلىرىنى ساقلال-مايدۇ.

(قاز تاگ).





شەمەيدىكى يادرو پولىگونىنى يې-پىش، جۇمھۇرىيەتنى ھەربىيسىزلەش-تۈرۈلگەن ئەركىن دولەت دەپ ئېلان قىلىش -ئالمۇتىدا يېقىندا بولۇپ ئۆت-كەن مىتىنگ قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ئاسا-سى تەلىۋى بولدى. سۈرەتلەردە مې-تىنگدىن كورۈنۈشلەر.

(قاز تاگ).

قازاقستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتىنىڭ پەرمانلىرى

قازاقستان سىسج مەتبۇئات ۋە ئاممىۋىي ئەخبارات مىنىسترلى-گىنى تەشكىل قىلىش توغرىلىق

دېموكراتىيەلەشتۈرۈش ۋە ئاشكارىلىق جەريانلىرىنى چوڭقۇر-لاشتۇرۇش، جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەخبارات مۇستەقىللىگىنى، ھەقىقىي سوز ئەركىنلىگىنى، مەتبۇئات ۋە ئاممىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئەركىنلىگىنى تەمىنلەپ، گېزىتلارنى، ژۇرناللارنى، تېلېۋىدېنىيە ۋە رادىو ئاڭلىتىشنى، كىتاپ نەشىر قىلىشنى دولەت تەرىپىدىن قول-لاپ- قۇۋۋەتلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئاھالىنىڭ ئاممىۋىي ئەخبا-رات مەھسۇلاتىغا بولغان ئېھتىياجىنى بۈنىڭدىن كېيىنمۇ تولۇق قانائەتلەندۈرۈش زورۇرىيىتىگە ئاساسلانغان ھالدا

توختام قىلىمەن:

1. قازاقستان سىسج مەتبۇئات ۋە ئاممىۋىي ئەخبارات مىنىس-ترلىگى تەشكىل قىلىنسۇن.

2. قازاقستان سىسج مەتبۇئات ۋە ئاممىۋىي ئەخبارات مىنىستر-لىگىگە قازاقستان سىسجنىڭ «مەتبۇئات ۋە باشقىمۇ ئاممىۋىي ئەخ-بارات ۋاستىلىرى توغرىلىق» قانۇنىغا مۇۋاپىق تۆۋەندىكى ۋەزى-پىلەر يۈكلەنسۇن.

دولەت ئاممىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە مەتبۇ-ئات نەشىرلىرىنىڭ، تېلې ۋە رادىو شىركەتلىرىنىڭ، باشقىمۇ ئاڭلى-تىش تەشكىلاتلىرىنىڭ، ئەخبارات ئاگېنتلىقلىرىنىڭ، گېزىت- ژۇرنال ۋە كىتاپ نەشرىياتلىرىنىڭ پائالىيىتىنى، ئۇلارنىڭ ئىدارىلىك تەئەل-لۇقلۇغىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇيغۇنلاشتۇرۇش؛

جۇمھۇرىيەت تېررىتورىيەسىدە نەشىر قىلىنىدىغان بارلىق ئام-مىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرىنى رويخەتكە ئېلىش؛

مەتبۇئات، ئاممىۋىي ئەخبارات ۋە نەشىر قىلىش پائالىيىتى سا-ھاسىدا دولەت ئىنۋېستىتسىئونلۇق سەياسىتىنى ئىشلەپ چىقىش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش، جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەخباراتلىق ئىنفراستروكتۇ-رىسىنى ۋە ئەخباراتلىق مۇستەقىللىكنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشنىڭ ئىستىقبالدىكى پروگراممىسىنى ئىشلەپ چىقىش ۋە ئەمەلگە ئا-شۇرۇش؛

مەتبۇئات ۋە ئاممىۋىي ئەخبارات مەسىلىلىرى بويىچە قانۇننى مۇكەممەللەشتۈرۈش تەكلىپلىرىنى تەييارلاش؛

مەتبۇئاتتا ۋە باشقىمۇ ئاممىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرىدە، شۇنداقلا چەت ئەلگە ئېلىپ كېتىش (ئەۋەتىش) ئۈچۈن بەلگۈلەن-گەن ماتېرىياللاردا دولەت مەخپىيلىگىنى ھىمايە قىلىش.

3. قازاقستان سىسج مىنىسترلار كابىنېتى مەزكۇر پەرماننى ئە-مەلگە ئاشۇرۇش بويىچە زورۇر چارىلەرنى كورسۇن.

قازاقستان سىسج پرېزىدېنتى
ن.نازارباييۋ.

* * *

يولداش ق. سۇلتانوۋنى قازاقستان سىسج مەتبۇئات ۋە ئاممى-ۋىي ئەخبارات مىنىسترى قىلىپ تايىنلاش توغرىلىق

يولداش سۇلتانوۋ قۇئانىش قازاقستان سىسج مەتبۇئات ۋە ئاممىۋىي ئەخبارات مىنىسترى بولۇپ تايىنلانسۇن.

قازاقستان سىسج پرېزىدېنتى
ن. نازارباييۋ.
ئالمۇتا شەھرى، 1991- ژىل، 31- ئاۋغۇست.

نۇرسۇلتان نازارباييۋ: ئىتتىپاقلىق شەرتنامە ھەققىدە

موسكۋا.(تاسس). قازاقستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازارباييۋ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ يېڭى ئىتتىپاققا كىرىشىنىڭ خىلمۇ -خىل شە-كىللىرىنى قوللاپ- قۇۋۋەتلەپ پىكىر ئېيتتى. ئۇ 1- سېنتەبىر كۈنى كەچكى يېڭىلىقلار تېلېۋىدېنىيەلىك پروگراممىسىغا بەرگەن ئىنتېر-ۋيۇسدا مەملىكەتتە يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقلاردىن كېيىن قېلىپ-لاشقان ۋەزىيەتنى ھېساپقا ئېلىپ جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاققا «ئەر-كىن، ھەر قانداق شەكىلدە مۇستەقىل» كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئېگە بولۇشى لازىم دېدى.

قازاقستان پرېزىدېنتى موسكۋادا 1-سېنتەبىر كۈنى كەچقۇرۇن-لۇغى جۇمھۇرىيەتلەر رەھبەرلىرىنىڭ بولۇپ ئوتكەن ئۇچرىشىشلى-رى توغرىلىق گەپ قىلىپ، ئۇنىڭدا «دەسلەپكى قېتىم بىر- بىرىنى چۈشەنگەن ياخشى سوھبەت بولۇپ ئوتتى» دېدى. ئىلگىرى ئىتتى-پاقلىق شەرتنامىنى ئىمزالاشقا تەييار ئېكەنلىگى توغرىلىق بىلدۈر-گەن توققۇز جۇمھۇرىيەتنىڭ ۋەكىللىرىدىن تاشقىرى بۇ ئۇچرىشىشقا ئەرمەنىستان ۋە گرۇزىيە ۋەكىللىرىمۇ قاتناشتى.

بولاۋېلىش ئۇسۇلىغا-كەڭ يول

ئىش سۈرئىتىنى ئاشۇرۇپ

يېقىندا «ماياك» سوۋخوزى ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنى بىلىش مەقسىتىدە مەزكۇر ئېگىلىكنىڭ كەسپىي ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئەخمەتجان قادىروۋ بىلەن ئۇچراشتۇق. ئۇ بىزگە تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىپ بەردى:

– بىزنىڭ ئېگىلىكنىڭ ئەمگەكچىلىرى بۇ كۈنلەردە ئاشلىق ژىغىشتۇرۇش ئىشلىرىنى مۇۋاپىيەقىيەتلىك تاماملاپ، بېدىنىڭ بىرىنچى ئورۇمىنى ئورۇپ، شۇنداقلا تاماكا ژىغىش ئىشلىرىنىمۇ قىزغىن ژۈرگۈزمەكتە. ھەر بىر مەۋسۇملۇق ئىشلارنىڭ تاماملىنىشى بىلەن ئۇنىڭ يەكۇنى چىقىرىلىپ، ئىلغارلار ماددىي سوغىلار بىلەن مۇكاپاتلىنىپ تۇردى. مەسىلەن، ۋ. ئىلاخۇنوۋ، يا. ئەخمەتوۋ قاتارلىق ئىشچىلار ئاشلىق ژىغىشتۇرۇشتا كۆرسەتكەن غەيرىتى ئۈچۈن 150—200 سومدىن ئاخچا مۇكاپىتى ئېلىشتى. مانا بىر نەچچە كۈندىن بېرى تاماكا يوپۇرمىقىنى ژىغىشمۇ باشلاندى،– دېدى ئۇ.

ئاڭلىغاندىن كۆرە كۆز بىلەن كۆرگەن ياخشى دەپ، ئە. قادىروۋ بىزنى ئېتىزلىقلارغا باشلاپ باردى. يول بويىدا بولۇق ئۆسكەن كۆپكۆك بېدىلىكلەر يەلپۈنۈپ تۇراتتى. بىرىنچى بولۇپ ئۇچراتقان كىشىمىز سوۋخوزنىڭ داڭلىق دېھقىنى ۋېلاخۇن بولدى. ئاپتاپتا تاۋلانغان بۇغداي ئوڭلۈك بۇ ژىگىت بىزنى ئوچۇق چىراي قارشى ئالدى.

– بىز ئوتكەن ژىلدىن باشلاپ ئالاھىدە زۋېنو قۇرۇپ، ئىجارىگە ئېلىش ئۇسۇلىدا ئەمگەك قىلىۋاتىمىز،– دېدى ئۇ بىز بىلەن بولغان سوھبەتتە،– زۋېنومىزدا ئا. ساغىنبېتوۋ، ھ. شەمشىدىنوۋ، ب. باھاموۋ ۋە ئا. ئاشىروۋلار خۇددى بىر ئائىلىنىڭ ئەزالىرىدەك ئىناق ئەمگەك قىلماقتا. بىيىل سوۋخوزدىن 50 گېكتار يەردىكى بېدە بىلەن 50 گېكتار يەردىكى كۈزلۈك بۇغداينى پەرۋىش قىلىشنى بولاۋالدۇق. ھەممىگە مەلۇمكى بىيىل ھاۋا رايى ناھايىتى قۇرغاق بولدى. شۇڭلاشقا كېچە-كۈندۈز دېمەي، ھەر تامچا سۇنى ئىسراپ قىلماي ئېرىلغۇلۇقنى سۇغاردۇق. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئالغان ئاشلىغىمىز گېكتارىغا 35،6 سېنتنېردىن ئايلاندى. بېدىنىڭ بىرىنچى ئورۇمىدا ھەر گېكتاردىن 41 سېنتنېردىن ھوسۇل ئېلىندى. ھازىر ئىككىنچى ئورۇم بېدىمۇ ياخشى يېتىلدى. پىلان بويىچە 3 ئورۇمدا ھەر گېكتاردىن 70 سېنتنېردىن ھوسۇل ئېلىشىمىز كېرەك بولسا، بۇ پىلان پەقەت ئىككى ئورۇمدا ئورۇنلىنىدۇ دەپ، ئىشىنىۋاتىمىز.

بۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئاسىروۋلارنىڭ زۋېنوسىدا بولغىنىمىزدا ئۇلارنىڭمۇ ئۇنۇملۇك ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقىنىڭ گۇۋاچىسى بولدۇق. مەزكۇر زۋېنونىڭ قارىمىغىدا 40 گېكتار بۇغداي، 70 گېكتار بېدە ۋە 50 گېكتار كومۇقوناق بار ئىكەن. ئۇلار كۈزلۈك بۇغداينىڭ ھەر گېكتارىدىن 39،9 سېنتنېردىن ھوسۇل ئالغان.

بىز 5-بىرىگادىنىڭ ئېتىزلىقلىرىغا كەلگەندە بىرىگادا باشلىغى ر. زاكىروۋنى ئىش ئۈستىدە يولۇقتۇردۇق.

– بىزنىڭ قارىمىغىمىزدا 150 گېكتار يازلىق ئارپا، 80 گېكتار كۈزلۈك بۇغداي، 61 گېكتار كۈزلۈك ئارپا ۋە 48 گېكتار قارا بۇغداي بار،– دەيدۇ ر. زاكىروۋ،– بۇغداي ۋە ئارپىدىن ئېلىنىۋاتقان ھوسۇل يامان ئەمەس. مانا قارا بۇغدايغىمۇ ئوغاق سالدۇق. بىز ئەتىيازدا كۈزلۈك بۇغداينىڭ كۆكىنى بىر قېتىم ئورۇپ ئالغان ئىدۇق. كېيىن ئۇنى قاندۇرۇپ سۇغىرىشىمىز نەتىجىسىدە قايتىدىن ئۆسۈپ يېتىلدى. دېمەك، قارا بۇغداينى ياخشى پەرۋىش قىلسا، ھەم چۆپ ھەم دان ئېلىشقا بولىدىكەن.

ھەقىقەتەنمۇ ماياك سوۋخوزىدا بولاۋېلىش ئۇسۇلىدا ئەمگەك قىلىۋاتقان دېھقانلار ئۆز ئۇچاستكىلىرىدا بولەكچە قىزغىنلىق بىلەن ئىش سۈرئىتىنى ئاشۇرۇپ، كۆزلىگەن مولچەردىكىدىنمۇ ئارتۇق ھوسۇل ئېلىشقا تىرىشىپ ئىشلەۋېتىپتۇ. بىز بۇنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ ئىشەنچە ھاسىل قىلدۇق.

شتاتتىن تاشقىرى مۇخبىرىمىز.
چېلەك ناھىيەسى.



«ئالما-ئاتا مېبېل» فابرىكىسىنىڭ كوللېكتىۋى ئاھالىنىڭ ژۇقۇرى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا تىرىشىپ كەلمەكتە. ئوتكەن ژىلى ئۇلار 278 ستېنكا، 1416 دانە كارىۋەت، 519 سېرۋانت، 266 ژىغىلىپ ئېچىلىدىغان دىۋان ۋە 230 دانە يۇمشاق دىۋانلارنى ئىشلەپ چىقاردى.

سۈرەتتە: ژۇقۇرى ماھارەتلىك ئۇستىلار ۋ. ماكاروۋ بىلەن ئا. بايمۇخامبېتوۋ ئىش ئۈستىدە. ئۇلار ھەر قانداق بۇيرۇتمىلارنى ئورۇنلاش ئىشتىدارىغا ئىگە.

م. مالىنوۋسكىي.



جامبۇل ۋىلايىتى: ۋىلايەتنىڭ سوۋخوز، كولخوزلىرىدا چۆپ چېپىشنىڭ ئىككىنچى ئورىمى باشلاندى. بولۇپمۇ، جامبۇل نامىدىكى سوۋخوزنىڭ بېچەنچىلىرى ئۈچۈن ھازىرقى پەيت ناھايىتى مۇھىم. ئۇلار مەۋسۇمدا 1300 توننا يەم-چۆپ تەييارلىشى كېرەك.

سۈرەتلەردە: 1. سوۋخوزنىڭ ئىجارىچى دېھقانلىرى ئا. رايىمقۇلوۋ، ئۇ. سائۇتبېكوۋ، ئا. ئىسمائىلوۋ، 2. دېھقانلار ئېتىزدىكى بارلىق يەم-چۆپنى ئۆز ۋاقتىدا ژىغىۋېلىشقا ئالدىرىماقتا.

(قاز تاگ).

ئوزۇق-تۈلۈك مولچىلىقى يولىدا

ئالمۇتا ۋىلايىتىنىڭ چېلەك ناھىيەسىدە كوئوپېراتىۋ ۋە دېھقان ئېگىلىكلىرى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقىنىغا خېلە ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئوتكەن ژىلى بولسا كوئوپېراتىۋ ۋە دېھقان ئېگىلىكى سوۋېتى قۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭ رەئىسلىكىگە ئە. سابىروۋ سايلاندى.

تۆۋەندە بىز شتاتتىن تاشقىرى مۇخبىرىمىز ئا. توختاخۇنوۋنىڭ ئە. سابىروۋ بىلەن مەزكۇر كوئوپېراتىۋ ۋە دېھقان ئېگىلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى سوھبىتىنى بېرىۋاتىمىز.

مۇخبىر – ئالدى بىلەن ناھىيەمىزدە قانچە دېھقان ئېگىلىكى موجۇت ۋە ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختالسىڭىز؟

سابىروۋ – يېزا ئېگىلىكى ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى يېتىشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كوئوپېراتىۋلار، كىچىك كارخانىلار ۋە دېھقان ئېگىلىكلىرىنىڭ سانى ژىلدىن-ژىلغا كۆپىيىپ بارماقتا. جۈملىدىن، بىيىلنىڭ ئوزىدە ناھىيە تەۋەسىدە 18 يېزا ئېگىلىكى كوئوپېراتىۋى تەشكىل قىلىندى. ق. مۇقاشېۋ باشلىق «كۆكتېپە» كوپېراتىۋى، «سوگەتى» سوۋخوزى تەۋەسىدىكى تېپلىتسىلاردا كۆكتات يېتىشتۈرۈۋاتىدۇ. ئۇلار قىش ئايلىرىدا تەرخەمەك، پومىدور ئوخشاش مەھسۇلاتلارنى يېتىشتۈرۈۋاتىدۇ.

«ئاۋانگارد» ۋە «بارتوغاي» سوۋخوزلىرىدا يەر ئېلىپ، ئىشلەۋاتقان پ. يولچىيېۋ باشقۇرىدىغان «دېھقان» كوئوپېراتىۋى كوپ ژىللىق چۆپ، بۇغداي، كومۇقوناق، تاماكا ۋە كۆكتات يېتىشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانماقتا. مەزكۇر كوئوپېراتىۋ بارى يوقى ئىككى ژىل ئىچىدە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. پەقەت ئوتكەن ژىلىلا 110 مىڭ سوم پايدا ئالدى.

ئەندى ئا. سەيپۇللايېۋ باشقۇرۇۋاتقان «دوستلۇق» كوئوپېراتىۋى بولسا 1988-ژىلى تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، تاشكەنسۇ سوۋخوزىدا 446 گېكتار مەيداندا دېھقانچىلىق قىلىشنى باشلىدى. شۇنىڭ ئىچىدە ھايدىلىدىغان 120 گېكتار يەردىن 130 توننا كۆكتات، يەنى 80 توننا قوغۇن-تاۋۇز، 16 توننا ياڭيۇ، 31 توننا كومۇقوناق ئورۇغى يېتىشتۈردى. بۇلاردىن تاشقىرى 300 توننا بېدە ئېلىپ، ئۇنىڭ 204 توننىسىنى «قىزىل جىگدە» سوۋخوزىغا توننىسىنى 35 سومدىن ساتتى. شۇنداقلا مەزكۇر كوئوپېراتىۋنىڭ ناھىيەدىكى سوۋخوزلارغا كۆرسىتىۋاتقان ياردىمىنىمۇ ئالاھىدە باھالاش مۇمكىن. جۈملىدىن، «بارتوغاي» سوۋخوزىغا 7 توننا، «قىزىل جىگدە» سوۋخوزىغا 10 توننا، ئا. ساتتاروۋ نامىدىكى سوۋخوزغا 46 توننا، «ئاچىساي» سوۋخوزىغا 36 توننا، «تاشكەنسۇ» سوۋخوزىغا 43 توننا پىياز ساتتى. نەتىجىدە بۇ كوئوپېراتىۋ 128 مىڭ سوم پايدا ئالدى.

مۇخبىر – مال چارۋىچىلىقى ساھاسىدىكى كوئوپېراتىۋلار توغرىسىدىمۇ قىسقىچە سۆزلەپ بەرسىڭىز؟..

سابىروۋ – چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتىنمۇ بەزى كوئوپېراتىۋلار ئېتىبارلىق ھەسسە قوشۇۋاتىدۇ. «سوگەتى» سوۋخوزىدىكى ژ. ئەلىبايېۋ باشقۇرۇۋاتقان «ژىگىر» كوئوپېراتىۋىنىڭ 600 قوي، 45 ئات ۋە 100 گە يېقىن ئوشكىسى بار. «ئاچىساي» سوۋخوزىدىكى «بىرلىك» كوئوپېراتىۋىنىڭ 450 قوي، 84 گېكتار يېرى بار. موشۇنداق كوئوپېراتىۋلاردىن ناھىيەدە يەنە بىر قانچىسى مەۋجۇت. مەسىلەن، «ئاۋانگارد» سوۋخوزىدىكى ب. سابىروۋ باشقۇرۇۋاتقان «ۋېسنا» كوئوپېراتىۋىنىڭ 2000 قويى بار. ئۇلارغا مال بېقىش ۋە يەم-چۆپ تەييارلاش ئۈچۈن 680 گېكتار يەر بېرىلگەن. شۇنداقلا قارا مال، قوي، بېقىۋاتقان «سۇگېر»، «ئۇرازاي» كوئوپېراتىۋلىرىنىڭ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىكى ئەمگەكلىرىنى ژۇقۇرى باھالاشقا بولىدۇ.

مۇخبىر – ناھىيەمىزدە بۇلاردىن تاشقىرى ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ باشقىمۇ ساھالىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان كوئوپېراتىۋلار بارمۇ؟

سابىروۋ – ئەلۋەتتە بار، يېزا ئېگىلىكى ۋە سانائەتكە باغلىق دېھقانچىلىقتىن باشقا ئىشلەپ چىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر قانچە كوئوپېراتىۋلار بار. ئۇلار دېھقانچىلىقتىن تاشقىرى ساھالار بويىچە ئاممىباب ئىشلارنى ئورۇنلىماقتا. مەسىلەن، «لۇچ» كوئوپېراتىۋى مېتالل بۇيۇملىرى بويىچە بىزەش ئىشلىرىنىمۇ ئورۇنلايدۇ. شۇنداقلا تاماكا ئوستۇرىدۇ. كوئوپېراتىۋنىڭ ژىللىق دارامىتى 51 مىڭ سومنى تەشكىل قىلىدۇ. «ئېكسپرېسس» كوئوپېراتىۋى بولسا ياغاچچىلىق بۇيۇملىرىنى تەييارلايدۇ، «سپۇتنىك» كوئوپېراتىۋى تاماكا ئوستۇرۇش بىلەن بىللە ئاككۇمۇلياتورلارنى ياسايدۇ.

مۇخبىر – ئەندى دېھقان ئېگىلىكى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئوتسىڭىز؟

سابىروۋ – قازاقستان سسجنىڭ يەر قانۇنى ئاساسىدا جۇمھۇرىيەت ئالىي سوۋېتىنىڭ كوئوپېراتىۋلارغا، كىچىك كارخانىلارغا ۋە دېھقان ئېگىلىكلىرىگە يەر بولۇپ بېرىش توغرىسىدىكى پەرمانىغا بىنائەن ناھىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن يەر ئېلىپ ئىشلەشكە خاھىش بىلدۈرگۈچىلەرنىڭ سانى كوپىيىۋاتىدۇ. بۇ ئىش قولغا ئېلىنىشى بىلەن ھازىرنىڭ ئوزىدىلا قورام سوۋخوزىدا «ئۈمۈت» دېھقان ئېگىلىكى 69 گېكتار، «باھار»-9 گېكتار، «بوستان»- 9 گېكتار، «نىرىس» 20 گېكتار يەر ئېلىپ ئىشلەۋاتىدۇ. «تاۋسۇگىر» سوۋخوزى تەۋەسىدە «بايتىقاي» ۋە «ژاڭا تالاپ» دېھقان ئېگىلىكلىرى 50 گېكتاردىن، «ئەدىلېت» بولسا 35 گېكتار يەر ئېلىپ، ئىش ژۈرگۈزمەكتە. شۇنداقلا «قازاقستان» سوۋخوزىدا بىر، «ماياك» سوۋخوزىدا 9، ئا. ساتتاروۋ نامىدىكى سوۋخوزدا 3، «بارتوغاي» سوۋخوزىدا 4 دېھقان ئېگىلىكى قۇرۇلدى.

مۇخبىر – يەر ئېلىپ ئىشلەيمەن دېگەنلەر ھوججەتلەرنى قانداق رەسمىيلەشتۈرىدۇ؟

سابىروۋ – دېھقان ئېگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش خاھىشى بار كىشىلەر خەلق دېپۇتاتلىرى يېزا سوۋېتىگە مۇراجەت بىلەن ئىلتىماس قىلىدۇ. ئىلتىماستا سورالغان يەرنىڭ ئورۇنلاشقان جايى، مەيدانى ۋە دېھقان ئېگىلىكىنىڭ تەركىۋى يېزىلىدۇ. يەر ئالغۇچى يېزا ئېگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئوز پروگراممىسىنى تەقدىم قىلىدۇ. يېزا سوۋېتى يەر ئېگىسى بولۇپ ھېساپلانغان ئېگىلىك ئەمگەك كوللېكتىۋىنىڭ پىكرى بىلەن ھېساپلاشقان ھالدا، بىر ئايلىق قەرەل ئىچىدە، ئۇنى قاراپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلتىماسنى ناھىيەلىك خەلق دېپۇتاتلىرى سوۋېتىگە ئەۋەتىدۇ. ئۇ يەردە تەۋسىيەنامە ئۇچ ئاي ئىچىدە قارىلىپ، يەر بولۇپ بېرىش توغرىسىدا قارار چىقىرىلىدۇ. ئۈمۈمەن يەر ئېلىپ ئىشلەيمەن دېگۈچىلەرگە چەك يوق.

مەسئۇت ئەپەندى ھەققىدە ھەقىقەت

(داۋامى. بېشى ئۆتكەن ساندا)

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى ياشنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش توغرىسىدىكى شېرىن ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇلار 1904-يىلى يازدا تۈركىيەنىڭ ئىستامبۇل شەھرىگە يېتىپ كېلىشىدۇ. مەسئۇت سابىرى ئىستامبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىببىي فاكۇلتېتىغا، ئابدۇراخمان شاھىدى بولسا، دارىلمۇئەللىمىن بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئۇ يىللىرى تۈركىيەدە 1908-يىلقى «ياش تۈركلەر»نىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي شەرت-شارائىتلىرى پىشىپ يېتىلمەكتە ئېدى. قىسقىسى تۈركىيەدە سىياسىي ھايات ئىنتايىن قايناق ئېدى. مانا موشۇنداق شارائىتتا ئوقۇشقا كىرىشكەن بۇ ئىككى تالىپ ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي بىلىملىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش بىلەن بىللە، جەمىيەتتىن ئۆگىنىشكە، دۇنياۋى چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ. ئۆزلىرى ئوقۇغان ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرىنىڭ تەربىيەسى ئارقىسىدا ئاڭلىق، ۋەتەنپەرۋەر، بىلىملىك كۆرەشچىلەردىن بولۇپ يېتىلىدۇ. 1914-يىلى ئوقۇشنى مۇۋاپپەقىيەتلىك تاماملاپ، ئۆز خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك ئىزگۈ نىيەت بىلەن ئانا يۇرتى- غۇلجا شەھرىگە قايتىپ كېلىشىدۇ.

مەسئۇت ۋە ئابدۇراخمان ئەپەندىلەر غۇلجىغا كېلىپ، ئۆز يۇرتداشلىرىنىڭ ئېغىر قاراڭغۇ-جاھالەتتە، مىللىي زۇلۇم ئاستىدا، ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۆز خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق تەغدىرىنى چوڭقۇر ھىس قىلغان ئەپەندىلەر ئەگەر موشۇنداق كېتىۋەرسە، مىللەتنىڭ ئىستىقبالى زەبۇن بولىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىدۇ. ئۇلار مىللەتنى جاھالەت، قالاقلىق ۋە مىللىي زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قەتئىي كۆرەش قىلىشقا بەل باغلايدۇ. «ئەڭ ئالدى بىلەن زامانىۋى مەكتەپلەرنى ئېچىپ، باللارنى ئوقۇتۇش كېرەك، ئۇلارنى زامانىۋى، پەننى بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ، قەلبىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغىتىش كېرەك!»، دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ.

مەسئۇت ئەپەندى ئۆزىنىڭ غۇلجىدىكى ئۆيىدە شەخسىي شىپاخانا ئېچىپ، ئالدىغا كەلگەن خەلقنىڭ كېسەللىرىنى داۋالاشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ سىرتىدا ئابدۇراخمان ئەپەندى بىلەن بىرلىشىپ، زامانىۋى مەكتەپ ئاچماقچى بولىدۇ. بۇ ئىزگۇ ئىشقا ياردەم قىلىشنى سوراپ، يەنە ھۈسەينباي ھاجىمغا مۇراجەت قىلىشىدۇ. ھۈسەينباي ھاجىم بۇ تەكلىپنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىپ، غۇلجا شەھرىنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدىكى باش كوروكتە زامانىۋى ئىپتىكى مەكتەپ بىناسىنى سالدۇرۇپ، كېرەكلىك جاھاز-ئۈسكۈنىلەر بىلەن تولدۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ غۇلجا شەھرىدە ئېچىلغان دەسلەپكى پەننى مەكتەپ ئېدى. مەكتەپتە دەرسلەر يېڭىچە ئۇسۇل بىلەن ئوقۇلاتتى. مەكتەپكە ياخشى ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنى، باي-كەمبەغەللىككە قارىماي قوبۇل قىلاتتى. مەسئۇت ۋە ئابدۇراخمان ئەپەندىلەر بۇ مەكتەپنىڭ ئاساسىي ئوقۇتقۇچىلىرى بولۇپ، ھەر خىل پەنلەردىن ساۋاق بېرەتتى. دەرستىن سىرت، ئەدەبىيات، مۇزىكا، سپورت كۇرۇژۇكلىرى ئىشلەپ تۇراتتى.

ئوقۇغۇچىلارغا مىللەتپەرۋەرلىك روھ بېغىشلايدىغان، ئىنقىلاۋىي شېئىرلارنى يادلىتاتتى.

«قوتۇلۇش يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز،
سەن ئۈچۈن ئانا ۋەتەن، بولسۇن پىدا بۇ جانىمىز.
چىقتى جان ھەم ئاقتى قان، دۈشمەن ئولسۇن، ئەل ئامان،
ياشىسۇن، ھېچ ئولمىسۇن، پارلانسۇن ئىستىقبالىمىز!».

ئوقۇغۇچىلار قاتار تىزىلىشىپ موشۇنداق ناخشىلارنى ئېيتىپ كوچىدىن ئۆتكەندە، باللارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى بىلەن يۇرت چوڭلىرى ھەۋەس بىلەن زوقلىنىپ قاراشاتتى.

مەسئۇت ۋە ئابدۇراخمان ئەپەندىلەر قاراڭغۇلۇق- جاھالەت قاپلىغان ئولكىدە بىرىنچى بولۇپ، مەرىپەت چىرىغىنى ياندۇرغان پېشقەدەم مائارىپچىلىرىمىز بولغان ئېدى. شۇلارنىڭ مۇبارەك قولىدىن بىرىنچى ئەۋلات ئۇيغۇر زىيالىلىرى يېتىشىپ چىققان ئېدى. كېيىنكى دەۋردە غۇلجا شەھرىدە مەرىپەت نۇرىنى چېچىپ، خەلقىمىزنىڭ قەلبىنى يورۇتقان پېشقەدەم ئۇستازلار ئابدۇسالام ئەپەندى، ھاشىر ئەپەندى، ئابدۇللا ئەپەندى (پىراقى) قاتارلىقلار ئەينە شۇ يېڭى ئىلىم مەكتىۋىنىڭ بىرىنچى تۈركۈمدە ئۈچۈم بولغان قالىغاچلىرى ئېدى.

ئەپەندىلەر خەلقنىڭ كېسەللىرىنى داۋالاش، ياشلارنى ئوقۇتۇشتىن تاشقىرى، جامائەتچىلىك ئىشلىرىغا پائال قاتنىشىپ، خەلقىمىزنىڭ ئاڭ- سەۋىيەسىنى يۇقۇرى كوتىرىش، ئۇلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھتا تەربىيلەش ساھاسىدا هارماي-تالماي ئىشلەپ، ئۈچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.



غۇلجا بىلىم يۇرتىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا چۈشكەن سۈرەت. ئورە تۇرغانلاردىن سولدىن ئوڭغا 2- كىشى مەسئۇت ئەپەندى سابىرى.

لېكىن قاراڭغۇغا ئۆگەنگەن ھوقۇش تاڭنىڭ يورىشىنى خالىمىغاندەك، جاھالەت ھامىلىرى: ئەمەلدارلار بىلەن بەگ-غوجاملار خىتاي دوتەيلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئەپەندىلەرنىڭ پائالىيىتىنى قارىلايدىغان پىتنە-ئىغۋالارنى تارقىتىشقا باشلايدۇ. ئۇلار:

- «ئەپەندىلەر باللىرىمىزغا پەننى ساۋاق ئۆگىتىمەن دەپ، دىنىمىزدىن چىقىرىۋاتىدۇ. ياشلارغا ھەربىي تەربىيە بېرىش- بۇ- جياڭجۈن جاناپلىرىغا قارشى تۇرغانلىق بولىدۇ، بىز بۇنىڭغا يول قويمايمىز! دوتەي جاناپلىرى يېڭىچە مەكتەپنى ياپتۇرۇپ، ئەپەندىلەرنى جازالاپ بەرسۇن!»،- دەپ دوتەيگە چېقىشتۇرىدۇ. ئەينە شۇ چېقىمچىلارنىڭ بىرسى- ئىلى دوتىيىنىڭ يالاقچىسى، شەھەر ئىچلىك ئادىلبەگ دېگەن كىشى بولىدۇ.

ئەپەندىلەرنىڭ پائالىيىتىنى ئۆزى ئۈچۈن خوۋۇپلۇق دەپ ھېساپلىغان ئىلى دوتىيى، ئادىلبەگ ئوخشاش خائىنلارنىڭ چېقىمچىلىقىدىن پايدىلىنىپ،- «ئەپەندىلەر خەلق ئىچىدە ھوكۇمەتكە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ»، - دېگەن يالا بىلەن قارىلاپ: جىنايىي ئىشنى بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشنى سوراپ، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق گوبېرناتور ياڭ جياڭ جۇنگە مەلۇم قىلىدۇ. ياڭ زىڭ شىن بولسا، «ئىسيانچى چەنتۇلارغا» ئۆزىنىڭ كۈچىنى بىر كورسىتىپ قويماقچى بولۇپ، بۇ ئىككى ئەپەندىنى دەرھال تۇتقۇنغا ئېلىپ، تومۇر قەپەزگە سولاپ 100 چېرىككە يالتىپ، ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بېرىشنى بۇيرۇيدۇ.

ياڭ جياڭجۇنىڭ مەخسۇس پەرمانىغا مۇۋاپىق ئىككى ئەپەندى 1924-يىلى باھار پەسلىدە ھەبسكە ئېلىندۇ. بۇ ئىككى مەھبۇسنى ئىلىدىكى دوتەي يامۇلدا بىر نەچچە ئاي تۇتقۇن قىلغاندىن كېيىن قىلمىش ئاسىسىنى پۈتكۈزۈپ، ئاندىن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. «ئالاھىدە خوۋۇپلۇق جىنايەتچى»، دەپ ئېيىپلانغان ئەپەندىلەرنى، خىتاينىڭ ئادىتى بويىچە يالغۇز-يالغۇزدىن تومۇر قەپەزگە سولاپ، پۈتقولىغا قوۋۇق-ئاقاق سېلىپ، ھەيۋە بىلەن ئېلىپ ماڭىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان غۇلجا خەلقى كوچىنىڭ ئىككى قاسنىغىدا قاتار تىزىلىشىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز ئوغلانلىرى بىلەن ۋىدالىشىدۇ. ئايرىم ئادەملەر ئاتلىنىپ چىقىپ بايالدايغىچە ئۇزىتىپ، ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بارغان ئېكەن.

بۇ ئىككى ئەپەندى ئۈرۈمچىدىكى جياڭ جۇن يامۇلدا تۇتقۇن بولۇپ 3 يىل ياتىدۇ. قاراڭغۇ، زەي زىنداندىكى مەھبۇسانە تۇرمۇش، ئېيتقۇسىز ئېغىر ئازاپلار ئۇلارنى جىسمانى ھالسىرىتىپ، چىرايىنى زەپىراندەك سارغايتىدۇ. لېكىن روھىي جەھەتتىن ئېخمۇ چىنىقتۇرۇپ، ئىرادىسىنى تاۋلاپ، ھەقىقىي مۇستەھكەم ئىنقىلاپچىغا ئايلاندۇرىدۇ.

مەلۇمكى، 1928-يىلى ياڭ جياڭ جۇن ئۆزىنىڭ رەقىپلىرى تەرىپىدىن ئولتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان جىڭ شۇرېن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئالداپ، ئۆزىنىڭ ھوكۇمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش مەخسىتىدە ئاز-تولا كەڭچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بىر قىسىم سەياسىي مەھبۇسلار تۈرمىدىن بوشىتىلىدۇ. شۇ قاتاردا بۇ ئىككى ئەپەندىمۇ تۇتقۇنلۇقتىن ئازات قىلىنىپ، 1930-يىلى غۇلجا شەھرىگە قايتىپ كېلىشىدۇ.

شۇ دەۋردە ئاڭلىق-مەرىپەتلىك زىيالىلاردىن ھېساپلانغان كىشىلەر: ھۈسەينبەگ يۇنۇسوۋ، مەرۇپ سەئىدىي، ئايۇپ مەنسۇرىي، ئىمىر زىنگىر، ئېيسۋاخۇن غازى، ئابدۇمۇتالى خەلپەم، ئاسىپ ئاخۇنۇم، داموللا رازى، ئېيسپزات خەلپەت قاتارلىق زۇت موتىۋەرلىرى ئۇلارغا ئىززەت-ھورمەت بىلدۇرۇپ، ماددىي جەھەتتە يار-يولەكتە بولۇپ، مەنىۋىي جەھەتتە خەيرخاھلىق قىلىپ تۇرۇشقان. شۇلارنىڭ قوللىشى بىلەن مەسئۇت ئەپەندى يەنە ئۆزىنىڭ شىپاخانىسىنى ئېچىپ، خەلقنىڭ كېسەللىرىنى داۋالاپ، دەردىگە مەلھەم بولىدۇ.

خىتاي جياڭ جۇڭلىرى بولسا، ئەپەندىلەرنى تۇتقۇنلۇقتىن بوشاتقىنى بىلەن ئۇلارنى ئازارەت قىلىشنى توختاتمىغان ئېدى. ئۇلارنىڭ خەلق ئىچىدە ئابروي قازىنىپ، تەسىرىنىڭ كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كورگەن جياڭ-جۇڭ دوتەيلەر ئۇلارلى يەنە تەقىپ ئاستىغا ئېلىپ، ئادىلبەگ ئوخشاش جاسۇسلارنى ئارقىسىغا سېلىپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، تەقىپ قىلغانلىنى ئاز دەپ، ھەر خىل ئىغۋالارنى ئويۇشتۇرۇپ، بىرەر باھانە تېپىپ، يەنە تۈرمىگە ئېلىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. ئەپەندىلەر ئۆزلىرىگە كېلىۋاتقان خوۋۇپ- خەتەرلەرنى سېزىپ تۇرسىمۇ، دۈشمەنىنىڭ ھىلە-نەيرەڭلىرىگە ئىسەتەن ھوشيار بولۇپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە تايانغان ھالدا سەگەكلىك بىلەن كۆرەشنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ. خىتاي باسقۇنچىلىرى ئەپەندىلەرنى ھىلە بىلەن ئالداپ، قاپقانغا چۈشىرەلمىگەندىن كېيىن، پەدىنى يوتكەيدۇ. يەنى، قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللامنى ئولتۇرگەنگە ئوخشاش، جاسۇسنىڭ قولى بىلەن سۇيىقەست قىلىپ ئولتۇرمەكچى بولىدۇ. لېكىن دۈشمەن بۇ هارام نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ. 1932-يىلىنىڭ قىشىدا گېنېرال ماجۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرى غۇلجا شەھرىنى بېسىۋالىدۇ. ئاندىن كېيىن جىڭ شۇرېن ھوكۇمىتىنىڭ تەكلىۋى بىلەن، «ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنى يوقىتىمىز» دېگەن باھانىدا «ئاربىغاتايسكي» دەپ نام ئالغان سوۋېت قىزىل ئەسكەر قوشۇنى بېسىپ كىرىدۇ. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، غۇلجا شەھرىنى ئېگىلەيدۇ. ئۇلار شۇ چاغدا يالغۇز ماجۇڭيىڭ ئەسكىرىنى ئولتۇرۇپلا قالماستىن، بىر قىسىم يەرلىك تۇڭگانلار بىلەن ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىمۇ يوقىتىدۇ. شۇ قاتاردا 1932-يىلىنىڭ بېشىدا مەسئۇت ئەپەندىنىڭ ئاكىسى زەيناۋدۇنتىنى، ئۇنىڭ ئايالىنى، ئوغلى رىشاتنى ھەم شۇ ئائىلىدە پانالىنىۋاتقان ئەختەم باينىڭ ئايالى زەينەپخاننى توغرى كوروكتىكى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئېتىپ ئولتۇرىدۇ! مەسئۇت ئەپەندىنىڭ ھاياتىغا خوۋۇپ تۇغۇلىدۇ. موشۇنداق شارائىتتا، مەسئۇت ئەپەندى غۇلجىدىن ئۇزۇل-كېسىل كېتىش قارارىغا كېلىدۇ.

مەسئۇت ئەپەندى تەغدىرىنىڭ تەقەززاسى بىلەن تۇغۇلۇپ ئوسكەن ئەل-يۇرتىنى تاشلاپ، ئائىلىسى بىلەن خوشلىشىپ، يولغا راۋان بولىدۇ. ئۇ مۇز داۋان ئارقىلىق ئاقسۇغا چۈشۈپ، ئۇ يەردىن قەشقەرگە قاراپ سەپەر قىلىدۇ. ئۇ قەشقەرگە بېرىپ، ئۇزۇن ئوتمەيلا، قەشقەرىيەدە داۋام قىلىۋاتقان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەت زور غەلىبەلەرگە ئېرىشىدۇ. ئىنقىلاپنىڭ غالىبىيەت مېۋىسى سۈپىتىدە، سابىت داموللام باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلىدۇ. مەسئۇت ئەپەندى بۇ ئىنقىلاپقا ئاكتىۋ قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ پايدىلىق مەسلىھەتلىرى بىلەن ھوكۇمەت خىزمىتىگە ياردەم بېرىدۇ.

بىراق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازاتلىقىنى كورۇشنى خالىمىغان گومىنداڭ باسقۇنچىلىرى بىلەن ستالىنچىلار ئىنقىلاپ ئوتىنى ئوچۇرۇۋېتىشكە، ئىنقىلاپنىڭ غەلىبە مېۋىسى بولغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ۋەيران قىلىشقا تىرىشىدۇ. موشۇ كۆرەشتە مىللىي ئىنقىلاۋىي قوشۇنلار شىڭ شى سەينىڭ مۇنتەزىم ئارمىيەسىنى تار-مار قىلىپ، ئۈستى-ئۈستىگە غەلىبە قازانغان ئېدى لېكىن ستالىنچىلار 1936-يىلى زامانىۋىي قوراللار بىلەن قوراللانغان ئارمىيەسىنى كىرگۈزۈپ، هاۋادىن ھەم قورۇقلۇقتىن ھۇجۇم قىلىپ، جۇمھۇرىيەت ئارمىيەسىنى ئېغىر چېكىنىشكە ئۇچرىتىدۇ. ئۇرۇشتا يېڭىلىپ تەكلىماكان چولىگە چېكىنگەن جەڭچىلەرنى ھاۋادىن ساموليوتلار بىلەن، يەردىن تانكىلار بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، قىرىپ تۈگىتىدۇ! شۇنداق قىلىپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى نابۇت قىلىپ، گومىنداڭچى شىڭ شى سەينى قوغداپ قالىدۇ.

(داۋامى بار).

«يۇلتۇز» بالىلار باغچىسى

30- ئاۋغۇست كۈنى پايتەختنىڭ سۇلتانقورغان مەھەللىسىدە «يۇلتۇز» ئۇيغۇر بالىلار باغچىسىنىڭ ئېچىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن تەنتەنە بولۇپ ئۆتتى. باغچىنىڭ بۇك- باراق سالىق، ھويلىسى بۇ كۈن مەھەللە جامائەتچىلىگى ۋە شەھەردىكى ھەر خىل تەشكىلاتلاردىن كەلگەن ئۇيغۇر زىيالىلىرى بىلەن تولدى.



ئەتتەنىنى سۇلتانقورغان مەھەللىسىدىكى ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش كومىتېتى رەئىسىنىڭ تەربىيە ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىنى كوممۇنار ئىمىروۋ ئاچتى. ئۇ «يامغۇر بىلەن يەر كوكىرەر، دۇئا بىلەن ئەر كوكىرەر» دېگەن خەلقىمىز ھېكمىتىگە ئەمەل قىلىپ، يېڭى باغچا ئېچىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا يۇرت موتىۋەرلىرىنىڭ پاتىھە بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدى. 90 ياشتىن ئالقىغان ژۇت ئاقساقىلى روشەنباي بوۋاي، مۇناجىدىن ھاجىم باشلىق مويسېپىتلەر قۇتلۇق دۇئالىرىنى بەرگەندىن كېيىن دەسلەپكى سوز مەزكۇر باغچا ئېچىلىشىغا كوپ كۈچ چىقارغان ناھىيەلىك مائارىپ بولۇمىنىڭ باشلىغى سۇنئەت شەرىپخانوۋقا بېرىلدى.

س. شەرىپخانوۋ ئۆزىنىڭ تەبرىك سوزىدە قايتا قۇرۇش، دېموكراتىيە ۋە ئاشكارىلىق شارائىتى تۈپەيلى كوپ مىللەتلىك جۇمھۇرىيىتىمىز خەلقلىرى، شۇ جۇملىدىن ئەزەلدىن بىللە ياشاپ كېلىۋاتقان قازاق، ئۇيغۇر، خەلقلىرىمۇ ئەركىنلىكتىن مەنپىيەتدار بولۇۋاتقانلىغىنى، بۈگۈنكى ئۇيغۇر بالىلار باغچىسىنىڭ ئېچىلىشى ئەينە شۇنىڭ بىر نىشانىسى ئېكەنلىگىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتتى. ئۇ ئۆز سوزىدە شۇنداقلا ئۇيغۇرلار تەغدىرىگە ئۆز تەغدىرىدەك كويۇنىدىغان كىشىلەرنىڭ ھېلىمۇ كوپلەپ تېپىلىدىغانلىغىنى ئېيتىپ، جۇملىدىن ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەئىسى، ناھىيەلىك سوۋېتنىڭ دېپۇتاتى ئابدۇساتتار ھەمرايېۋ، ئۇنىڭ مۇئاۋىنلىرى مۇھەممەتجان ھوشۇروۋ، كوممۇنار ئىمىروۋ ۋە سۇلتانقورغان مەھەللىسىنىڭ ژىگىت بېشى ئومەر سېيىتوۋلارنىڭ ناملىرىنى پەخرىنىش بىلەن تىلغا ئالدى. سوزىنىڭ يەكۈنىدە ئۇ ھەممىنى يېڭى ئۇيغۇر باغچىسىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن قىزغىن تەبرىكلىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن پېداگوگىكا پەنلىرىنىڭ ئامزادى بۇۋىخان ئەلاخۇنوۋا، يۇرت موتىۋەرى روشەن بوۋاي، مۇئەللىملەر بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۇرۇش ئىنستىتۇتىنىڭ مېتودىستى سائادەت سادىروۋا، 101- ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى ئىمھانەم توختاخۇنوۋا ۋە باشقىمۇ كىشىلەر تەبرىك سوز سوزلىدى.

— دەرەقنىڭ ئومۇرى ئۇنىڭ يەرگە قانچىلىك يىلتىز تارتقانلىغىغا قاراپ بەلگۇلىنىدۇ،— دېدى ئىمھانەم توختاخۇنوۋا ئۆزىنىڭ تەبرىك سوزىدە،— يېڭى ئۇيغۇر باغچىسىنىڭ ئېچىلىشى ھەممىدىنمۇ بىزنىڭ 101- ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ مۇئەللىملەر كوللېكتىۋىنى باشقىچە خوشال قىلدى. سەۋەۋى، بىزنىڭ مەكتەپنى بىر دەرەق دەپ پەرەز قىلساق، ئۇنىڭ يىلتىزى مانا موشۇ ئۇيغۇر باغچىسى. دېمەك ئەندى بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ھولى يەنىمۇ چىڭىدى دېگەن سوز. مەن ھەممە تەنتەنە قاتناشچىلىرىنى يېڭى باغچا ئېچىلىشى بىلەن تەبرىكلەپ، بۇنداق باغچىلارنىڭ يەنىمۇ كوپىيىشىنى تىلەيمەن.

تەبرىك سوزلىرى تۈگىگەندىن كېيىن 101- ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ سەنئەتكارلىرى بىلەن «يۇلتۇز» باغچا بالىلىرىنىڭ قىزىقارلىق كونسېرتى بولدى. بولۇپمۇ باغچا بالىلىرىنىڭ ناخشا- ئۇسسۇللىرى تەنتەنە ئىشتىراكچىلىرىنى بەكمۇ خوش قىلدى.

ئۇچرىشىش يەكۈنىدە «يۇلتۇز» باغچىسىنىڭ مۇدىرى گۇلنارەم مۇسايېۋا بۈگۈنكى تەنتەنىگە قاتناشقان بارلىق مېھمانلارغا، باغچە ئېچىشقا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان ناھىيەلىك مائارىپ بولۇمىنىڭ باشلىغى سۇنئەت شەرىپخانوۋقا، ئۆز ئۆزىنى باشقۇرۇش كومىتېتىغا مىننەتدارچىلىق بىلدۈردى. ئۇنىڭ تەكىتلىشىچە، ھازىرنىڭ ئۆزىدە 75 بالىغا مولچەرلەنگەن باغچىغا 90 بالا قوبۇل قىلىنىپتۇ. يەنە 70 تىن ئوشۇق ئوغۇل- قىزلار نوۋەت كۈتۈشمەكتە.

مەلۇمكى، مەزكۇر گودەكلەر ئۈچۈن يېقىن ئارىدا بۇ باغچىدىن جاي بېرىلىش قىيىنلىغى سېزىلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن شەھەرنىڭ ئۇيغۇرلار كوپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىرىدە ھازىردىن باشلاپ ئۇيغۇر باغچىلىرىنى ئېچىشقا جىددىي ھەرىكەت قىلىش كېرەك. جۇمھۇرىيەتلىك، ناھىيەلىك مەدەنىيەت مەركەزلىرى بۇ ئىشنى دەررۇ قولغا ئالىدىغان پەيت كەلدى. دەسلەپكى ئۇيغۇر باغچىسىنىڭ ئېچىلغانلىغى ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش يوق ئېكەنلىگىدىن يارقىن دەرەك بەرمەكتە. كېلىڭلار، ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، بۇ ھەرىكەتكە ۋىژدانەن كۈچ قوشايلى.

ھاكىم مۇھەممەت.

ئالمۇتا شەھىرى.

سۈرەتتە: باغچىنىڭ ئېچىلىش مەراسىمىدىن كورۈنۈشلەر.

يا. ئارزىيېۋنىڭ سۈرەتلىرى.

مەكتەپ ھاياتى

بىرىنچى سېنتەبىر كۈنى تاڭ سەھەر بىلەن چىرايلىق كىيىنىپ، قوللىرىغا گۈلدەستە تۇتقان ئوغۇل، قىزلار «دروۋبا» مەھەللىسىدىكى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ نامىدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىۋىگە كوڭۇللىرى شات كىرىپ كېلىۋاتاتتى.

كوپ ئۆتمەستىن ئۇلار زامانىۋىي تېپتىكى يېڭى مەكتەپ بىناسى ئالدىدىكى مەيداندا سەپكە تىزىلىپ ئۇلگەردى.

ئىسلاھاتلار تۈپەيلى كېلىپ چىقىۋاتقان ئىجتىمائىي- ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارغا قارىماي، بەختىلىك ئوسمۇرلىرىمىز ئۆز ئانا مەكتىۋىنىڭ قوينىدا خاتىرجەم بىلىم ئېلىشنى داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولماقتا. بازار ئىقتىسادىغا كوچۇش مۇناسىۋىتى بىلەن يۈز بەرگەن قىممەتچىلىك كوزدە تۇتۇلۇپ ھەر بىر ئوقۇش يېشىدىكى بالىغا ئالاھىدە ياردەم پۇلى ئاجرىتىلغان. شۇنداقلا مەكتىۋىمىزدىكى زامانىۋىي تەلەپلەرگە لايىق جېھازلانغان ئاشخانا ئىشقا چۈشتى. ئۇنىڭدا بارلىق ئوقۇغۇچىلار كۈنىگە بىر

كوڭۇللۇك باشلاندى

ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىنى تۇنجى قېتىم مەكتەپكە ئېلىپ كەلگەن ياش ئاتا- ئانىلار بىلەن موشۇ مەكتەپنى تاماملاپ تۇرلۇك كەسىپ ئېگىلىرىگە ئايلانغان ئۇلارنىڭ ئاكا، ئىنى، قېرىنداشلىرى ۋە جامەت ۋەكىللىرى- ئاق ساقاللار، شۇنداقلا جاي- جايلاردىن كەلگەن ھورمەتلىك مېھمانلار بىلەن مەكتەپ ئىچى بولەكچە جانلىنىپ كەتكەن ئېدى. ئۆز بالىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىدا ئوقۇتۇش شەرىپىگە ئىگە بولغان بۇ ئاتا- ئانىلارنىڭ ۋە جامائەت ۋەكىللىرىنىڭ چەكسىز خوشاللىغى تۈپەيلى بۇ مەراسىم ھەققىي بايرام تۈسىنى ئالدى.

مەزكۇر مەكتەپنىڭ مۇدىرى پېشقەدەم مائارىپچى ھېنپاخۇن باراتوۋ مەراسىمنى ئاچۇق، دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن قازاقستان س س ج نىڭ گىمنى ياڭراپ، دولەت بايرىغى ئېگىز كوتىرىلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا كەلگەن مېھمانلار ئارقىمۇ- ئارقا سوز ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى يېڭى ئوقۇش ژىلىنىڭ باشلىنىشى بىلەن سەممىي تەبرىكلەشتى. ئۇلارنىڭ بارلىغى دېگىدەك ياشلارنى ئۆز ئانا تىلىدا تىرىشىپ ئوقۇپ، خەلقىمىزنىڭ تارىخىنى، باي مەدەنىيىتىنى ۋە ئولمەس سەنئەت مەراسلىرىنى چوڭقۇر ئېگىلەشكە، زامانىۋىي پەن- تېخنىكىدىن پۇختا مەلۇماتلىق بولۇشقا چاقىردى.

مەراسىم جەريانىدا بىز مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى سۇۋېتلانا جاپپاروۋا بىلەن سوھبەتلەشتۇق.

— بىيىلمۇ مەكتىۋىمىزدە مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ،— دېدى ئۇ،— ئۇلارنىڭ ئىچىدە 100 گە يېقىنى مەكتىۋىمىز بوسۇغىسىنى تۇنجى قېتىم ئاتلاۋاتقان ياش غۇنچىلاردۇر. ئېلىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئالەمشۇمۇل قېتىمدىن ھەقسىز تاماقلىنىدۇ. ئەندى مەھەللىمىزدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ شوبىسى يېنىدىكى خەيرىخاخلىق گۇرۇپپىسىمۇ قاراپ تۇرغان يوق. ئۇلار كوپ باللىق ۋە ئاتا- ئانىسى ئەمگەك قابىلىيىتىگە ئېگە ئەمەس ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىغا ھەرجەھەتتىن ئىقتىسادىي ياردەم ئويۇشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. مانا بۇ غەمخورلۇقلارغا جاۋابەن بىز ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاشقا بەل باغلىشىمىز كېرەك.

ئەلۋەتتە، ئىلمىي مۇدىرنىڭ بۇ سەممىي مىننەتدارچىلىغىنى تەڭ بولۇشكەن ھالدا قىزىق ئوتۇۋاتقان مەراسىمنى تاماشا قىلىشقا باشلىدۇق.

ناخشا- ساز مۇئەللىمى س. زەينالوۋ باشچىلىغىدىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئورۇنلىغان شوخ ناخشىلىرى ياڭراپ، موشۇ مەكتەپتىن قانات قاققان تالانتلىق ئارتىستكا شەرۋانەم رازىيېۋا بىلەن ياش مۇئەللىمەلەر ئوقۇغۇچى قىزلار ئۇسسۇلغا چۈشكەدە مەكتەپ ھويلىسىدىكى بۇ مەراسىم تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى.

مەكتەپ ئىشىگىنى تۇنجى ئاچقان مەدىنە توختاخۇنوۋا بىيىلقى ئوقۇش ژىلىنىڭ بىرىنچى قوڭغىراق ساداسىنى ياڭراتتى. قۇچاقلىرى گۈلگە تولغان ئۇستازلار سېغىنىپ كەلگەن شاگىرتلىرىنى خوشال خۇراملىق بىلەن ئۆز سىنىپلىرىغا باشلاپ مېڭىشتى. مەزكۇر مەكتەپنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە بۇ قېتىمقى ئوقۇش ژىلىمۇ بىرىنچى ساۋاق- ئېچىلىق دەرىسى بىلەن باشلاندى.

س. باھاۋدىنوۋ.
ئالمۇتا شەھىرى.

ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە

جۇمھۇرىيەتلىك «غىلىم» نەشرىياتى ئاللا شكولوۋسكايانىڭ «ئۇيغۇر خەلىق ئېغىز ئەنئەنىسىنىڭ كەسپىي مۇزىكىسى» ناملىق كىتاۋىنى نەشر قىلدى. ئۇ مۇتەخەسسىسلەر ۋە خەلىق مۇزىكىسىنىڭ مۇخلىسلىرى ئۈچۈن چوڭ قىزىقىش پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدا سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇقام سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىسى تەكشۈرۈلىدۇ.

مۇقاملار ئوتتۇرا ئەسىر شەرقىنىڭ ئەڭ ياخشى شېرىيەت ۋە مۇزىكا دۇردانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان- دەيدۇ مۇئەللىپ،- مېنىڭ كوز قارىشىمچە، بۇ سەنئەتنىڭ ئەڭ ژۇقۇرى دەرىجىسى، قەدىمىي خەلىق روھىي ھاياتىنىڭ ئۆزىگە خاس باي ئالاھىدىلىگىدۇر. ئەپسۇسكى، مۇقاملار تولۇق ئوقۇپ ئۆگىنىلمىگەن.

ئاللا شكولوۋسكايانىڭ ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا ئون بەش ژىل بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نوۋەتتىكى ئەمگىگىنى زامانىۋىي ئۇيغۇر كومپوزىتورلىرىنىڭ ئىجادىيىتىگە بېغىشلاشنى نىيەت قىلىۋاتىدۇ.

مۇھەررىر ئا. قاسىموۋ

يېڭى ھايات
ئالمۇتا، 480044
ئىپەك يولى كوچىسى،
50- ئۆي 8- قەۋەت

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى: قازاقستان س س ج مىنىستىرلار كابىنېتى.

گېزىت ئوفسېت ئۇسۇلى بىلەن بېسىلدى. بىر باسما تاۋاق.

تېلېفونلار: مۇھەررىر- 69-86-33، مەسئۇل كاتىپ- 50-86-33، پارتىيە بولۇمى- 81-86-33، ئىقتىسات بولۇمى- 06-86-33، ئەدەبىيات بولۇمى- 27-86-33، مەدەنىيەت بولۇمى- 01-92-33.

زاكاز (3438) تىراژ 8250

«Йеңи хаят» («Новая жизнь») индекс 65359, приложение Республиканской Социально-политической газеты на уйгурском языке «Уйғур авази», выходит — по вторникам, четвергам и субботам.
Ордена Трудового Красного Знамени типография Издательства ЦК Компартии Казахстана. г. Алма-Ата, 480044. Проспект Ленина, 2/4.

ПОГ-60

ئاتا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روي‍ۇڭ سامان بولماس.

يېڭى ھايات

1991 ژىل
7 سېنتەبر
شەنبە
№107
(3038)

باھاسى 4 تىيىن

گېزىت 1970- ژىلى 1- ياۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ. ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم سېيشەنبە، پەيشەنبە
شەنبە كۈنلىرى چىقىدۇ.

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سەياسىي گېزىت «ئۇيغۇر ئاۋازى»نىڭ قوشۇمچىسى.

م. س. گورباچېۋ

س س ج ئى خەلق دېپۇتاتلىرى سېيىزىدا

سۆزگە چىقتى

س س ج ئى پرېزىدېنتى مىخائىل گورباچېۋ خەلق دېپۇتاتلىرى سېيىزىنى «دانىشمەنلىك ۋە ئىرادە» كۆرسىتىشكە چاقىرىپ، ئۇزى سېيىزد ھارپىسىدا 10 جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى بىلەن بىللە ئىمزالىغان بىلدۈرۈشنى قوللاپ- قۇۋەتلىدى.

موشۇ ھۆججەتكە مۇۋاپىق ھەر بىر جۇمھۇرىيەت ئىتتىپاققا ئۆزىنىڭ قاتنىشىش شەكلىنى ئۆزى تاللاۋالايدۇ، ئەندى ھازىرقى ئىتتىپاقلىق ئورگانلار بولسا بىۋاستە جۇمھۇرىيەتلەر تەشكىل قىلىدىغان يېڭى ھاكىمىيەت ستروكتۇرلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ.

مىخائىل گورباچېۋ بىلدۈرۈشتە «ھەقىقىي ئىختىيارىي ئىتتىپاقنىڭ قۇرۇلۇشى كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقانلىغىنى تەكىتلىدى. ئۇنىڭغا جۇمھۇرىيەتلەر فېدېراتىۋ، كونفېدېراتىۋ ياكى ئاسوتسىئاتسىيە ئاساسىدا كىرەلەيدۇ. «سوۋېرېن دۆلەتلەر ئىتتىپاقى فورمۇلىسى، -دەپ بىلدۈردى س س ج ئى پرېزىدېنتى،- ئەگەر بىز ئۇنى قىلساق ۋە ئەگەر سېيىزد پرېزىدېنت ھەم جۇمھۇرىيەتلەر رەھبەرلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىدە ئېيتىلغان تەكلىپلەرنى قوللاپ- قۇۋەتلىسە، موشۇنىڭ ھەممىسىنى ھېساپقا ئېلىشقا مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ، شۇ چاغدا سېيىزد تارىخىي جاۋاپكەرلىك پەيتتە ئۆز رولىنى ئوينىيالايدۇ».

«شۇ نەرسە پرىنسىپال مۇھىمكى، دۆلەت ئاغدۇرۇشى مەملىكەتنى باشقۇرۇلماستىن پارچىلىنىش گىرۋىگىگە قويغان چاغدا جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى... كۆپ جەھەتتىن پۈتكۈل جەمئىيەتنى تەشۋىشلەندۈرۈۋاتقان ناھايىتى مۇھىم مەسىلىلەر بويىچە كېلىشىلگەن مۇقەمنى قولغا كەلتۈردى، -دەپ تەكىتلىدى مىخائىل گورباچېۋ، -شۇنداقلا ئىتتىپاقلىق شەرتنامىنى تۈزۈش زورۇرلىگى، جۇمھۇرىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىختىسادىي كېلىشىمنى مۇمكىن قەدەر چاپسان ئىمزالاش زورۇرلىگى توغرىلىق ئېيتىلىۋاتىدۇ... كوللېكتىۋلىق بىخەتەرلىكنى تەمىنلەش ۋە بىرلەشكەن قۇراللىق كۈچلەردە ھەربىي ئىسلاھاتنى ئۆرگۈزۈش توغرىلىق كېلىشىم كېرەك ئىكەنلىگى بىلدۈرۈلۈۋاتقانلىغى مۇھىم».

«شۇنداق قىلىپ گەپ ھازىرقى ناھايىتى مۇرەككەپ شارائىتتا سەياسىي ئىختىسادىي، مۇداپىئە، ئىلمىي، روھىي كەڭلىكنى ساقلاشقا ئىنتىلىش توغرىلىق بولۇۋاتىدۇ... خەلق ئارا مەجبۇرىيەتلەر، شۇ جۈملىدىن ھەربىي مەسىلىلەر، قۇراللارنى ئازارەت قىلىش بويىچە شەرتنامە مەجبۇرىيەتلىرى، تاشقى ئىختىسادىي مەجبۇرىيەتلەر- مەملىكەتنى ۋە دۇنياۋىي بىرلەشمىنى تەشۋىشلەندۈرۈۋاتقان ھەممە نەرسە تەكىتلەنمەكتە»- دەپ ئاتاپ كۆرسەتتى س س ج ئى پرېزىدېنتى.

مىخائىل گورباچېۋ سۆزىدە «بىلدۈرۈشنى كونستىتۇتسىيەگە ۋە مەملىكەت قانۇنلىرىغا قانداقتۇ بىر قارشى كېلىدىغان نەرسە سۈپىتىدە، ئۇنى ئاز دەپ يەنە بىر قانداقتۇر ئاغدۇرۇش سۈپىتىدە كۆرسىتىشنى خالىغان» دېپۇتاتلارنى كەسكىن تەنقىت قىلدى. «دېموكراتىيەنى ھىمايە قىلىش، مەملىكەتنى ساقلاپ قېلىش بويىچە كېچىكتۈرۈپ بولمايدىغان چارىلەرنى تەمىنلەش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ھەرىكەتنى خەلققە قارشى قانداقتۇ بىر قارا نىيەت دەپ كۆرسىتىش، ئەندى ئارقىسىدا مىللىيونلىغان سايلىغۇچىلار بىلەن پارلامېنتلار تۇرۇۋاتقان، قانۇنىي سايلانغان ئادەملەرنى بولسا، ساختا ۋەكىللەر دەپ ئاتاش ئۇرۇنۇشلىرى ئوخشاش باھا بېرىشلەرنى رەت قىلىمەن»،-دەپ بىلدۈردى س س ج ئى پرېزىدېنتى.

ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا س س ج ئى خەلق دېپۇتاتلىرىنىڭ سېيىزى بىلە ئەنبىلە س س ج ئى ئالىي كېڭىشىنىڭ ئارقىتىشقا ۋە ئۇنى يېڭى قايتا چىقىرىش ئورگىنى- خەلق دېپۇتاتلىرى ۋەكىللىرىنىڭ كېڭىشى بىلەن ئالماشتۇرۇشقا يول قويۇشقا بولمايدىغانلىغى توغرىلىق مۇنازىرە داۋامىدا ئېيتىلغان پىكىرنى ھېساپقا ئېلىش مەخسەتكە مۇۋاپىق دەپ بىلدۈردى. «بىلدۈرۈش مۇئەللىپلىرى موشۇ پىكىرلەرنى چوڭ جاۋاپكەرلىك بىلەن قوبۇل قىلدى،- دېدى مىخائىل گورباچېۋ، -موشۇ ئىدىيەنى ۋەكىللەر كېڭىشى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى بىز يېڭى ئىتتىپاقلىق شەرتنامە لايىھىسىدە بايان قىلغان قائىدە بويىچە ئالىي كېڭەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. بىزنىڭ پىكرىمىز ئەينە شۇنداق».

مىخائىل گورباچېۋ ئاۋغۇستىكى دۆلەت ئاغدۇرۇشى توغرىلىق ئېيتىپ، «توتالىتارلىق سىستېما ستروكتۇرلىرىدىن چاپسانراق قۇتۇلۇش كېرەكلىكنى ئۆز ۋاقتىدا كۆرمىگەنلىگىنى» تەكىتلەپ، يۈز بەرگەن ۋاقەدىكى ئۆز ئەيىۋىنى ئېتىراپ قىلدى.

(تاس س).

ئەيىپ قويۇلدى

موسكۋا. س س ج ئى دا 19-21- ئاۋغۇست كۈنلىرى يۈز بەرگەن دۆلەت ئاغدۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك يەنە تۆرت شەخسكە ۋەتەنگە خائىنلىق قىلغان دېگەن رەسمىي ئەيىپ قويۇلدى.

رس فس ج پروكۇراتۇرىسىدا تاس س مۇخبىرىغا خەۋەر قىلىشىچە، ئەيىپلەنگۈچىلەر ئارىسىدا س س ج ئى دېخانلار ئىتتىپاقىنىڭ ئىلگەركى رەئىسى ۋ. ستارودۇبتسېۋ، س ئى ك پ مەركىزىي كومىتېتى سەياسىي بيۇروسىنىڭ ئىلگەركى ئەزاسى، س ئى ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىلگەركى كاتىبى ئو. شېنىن، ئىلگەركى پىيادە ئەسكەرلەر باش قوماندانى، س س ج ئى مۇداپىئە مىنىستىرىنىڭ ئىلگەركى ئورۇنباسارىۋ. ۋارېننىكوۋ، شۇنداقلا س س ج ئى دۆلەت بىخەتەرلىكى كومىتېتى كۆزەتچىلەر خىزمىتىنىڭ ئىلگەركى باشلىغى يۇ. پلېخانوۋ بار.

2- سېنتەبر كۈنى ۋ. پاۋلوۋقا، د. يازوۋقا، ۋ. كريۇچكوۋقا، گ. يانايېۋقا، ئو. باكلانوۋقا ۋە ئا. تىزياكوۋقا موشۇ خىلدىكى رەسمىي ئەيىپلەر قويۇلدى.

س س ج ئى ئالىي كېڭىشىنىڭ ئىلگەركى رەئىسى ئا. لۇكيانوۋ 2-سېنتەبر كۈنى «دۆلەت ئاغدۇرۇشىغا قاتناشقانلىقىغا گۇمانلىنىپ» تۇتقۇنغا ئېلىندى. قانۇنغا مۇۋاپىق ئۇ ئون كۈن داۋامىدا تۇتقۇندا بولىدۇ، موشۇ ئون كۈن ئىچىدە ئۇنىڭغا قويۇلۇۋاتقان رەسمىي ئەيىپلەر دەلىللىنىشى لازىم، ئەكسىچە بولغان ھالەتتە ئۇ تۇتقۇندىن بوشىتىلىشى لازىم.

(تاس س).

س س ج ئى خەلق دېپۇتاتلىرى سېيىزىنىڭ توختاملىرى

گ. ئى. يانايېۋنى س س ج ئى ۋىتسې- پرېزىدېنتى ۋەزىپىسىدىن بوشىتىش توغرىلىق

س س ج ئى خەلق دېپۇتاتلىرىنىڭ سېيىزى **توختام قىلىدۇ:**

يانايېۋ گېننادىي ئىۋانوۋىچ س س ج ئى ۋىتسې- پرېزىدېنتى ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلسۇن.

س س ج ئى خەلق دېپۇتاتلىرىنىڭ سېيىزى.
موسكۋا، كرېمل. 1991- ژىل، 4- سېنتەبر.

* * *

ئا. ئى. لۇكيانوۋنى س س ج ئى ئالىي كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋەزىپىسىدىن بوشىتىش توغرىلىق

س س ج ئى خەلق دېپۇتاتلىرىنىڭ سېيىزى **توختام قىلىدۇ:**

لۇكيانوۋ ئاناتولىي ئىۋانوۋىچ س س ج ئى ئالىي كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلسۇن.

س س ج ئى خەلق دېپۇتاتلىرىنىڭ سېيىزى.
موسكۋا، كرېمل. 1991- ژىل، 4- سېنتەبر.

* * *

قازاقستان س س ج پرېزىدېنتىنىڭ پەرمانلىرى

قازاقستان س س ج ياشلار ئىشلىرى بويىچە دۆلەت كومىتېتىنى قۇرۇش توغرىلىق

«قازاقستان س س ج دا دۆلەت ياشلار سەياستى توغرىلىق» قازاقستان س س ج قانۇنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا باغلىق ۋە ياشلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە رىۋاجلىنىشى ھەم ئىجتىمائىي جەھەتتىن تىكلىنىشى ئۈچۈن سەياسىي -ھوقۇقى، ئىجتىمائىي- ئىختىسادىي ۋە تەشكىلىي شەرت -شارائىت يارىتىش، ئۇنىڭ ئىلمىي ۋە ئىجادىي ئىختىدارىنى جۇمھۇرىيەت مەنپىيەتلىرىدە تولۇق دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەخسىتىدە **توختام قىلىمەن:**

1. قازاقستان س س ج ياشلار ئىشلىرى بويىچە دۆلەت كومىتېتى قۇرۇلسۇن.
2. قازاقستان س س ج ياشلار ئىشلىرى بويىچە دۆلەت كومىتېتىغا:
 -«قازاقستان س س ج دا دۆلەت ياشلار سەياستى توغرىلىق» قازاقستان س س ج قانۇنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛
 - جۇمھۇرىيەت مىنىستىرلىكلىرى ۋە ئىدارىلىرى، كارخانىلىرى، مەھكىمىلەرنىڭ پائالىيىتىنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ۋە ياشلار پروگراممىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ياشلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىختىسادىي ۋە مەنىۋىي تەلەپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يوللىرى بىلەن شەكىللىرىنى ئېنىقلاش بويىچە جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى بىلەن ئۆز ئارا ھەرىكەت قىلىش ژۈكلەنسۇن.
3. قازاقستان س س ج مىنىستىرلار كابىنېتى موشۇ پەرماننى ئورۇنلاش بويىچە زورۇر چارىلەرنى كۆرسۇن.

قازاقستان س س ج پرېزىدېنتى ن. نازاربايېۋ.
ئالمۇتا شەھرى، 1991- ژىل، 31- ئاۋغۇست.

* * *

يولداش ئى. ن. تاسماغامبېتوۋنى قازاقستان س س ج ياشلار ئىشلىرى بويىچە دۆلەت كومىتېتىنىڭ رەئىسى قىلىپ تايىنلاش توغرىلىق

يولداش تاسماغامبېتوۋ ئىمانغالى نۇرغالى ئوغلى قازاقستان س س ج ياشلار ئىشلىرى بويىچە دۆلەت كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇپ تايىنلانسۇن.

قازاقستان س س ج پرېزىدېنتى
ن. نازاربايېۋ.
ئالمۇتا شەھرى، 1991- ژىل، 31- ئاۋغۇست.

* * *

يولداش ق. تۇرسوۋنى قازاقستان س س ج تۇرىزم، فىزكۇلتۇرا ۋە سپورت مىنىستىرى قىلىپ تايىنلاش توغرىلىق

يولداش تۇرسوۋ قاراتاي قازاقستان س س ج تۇرىزم، فىزكۇلتۇر ۋە سپورت مىنىستىرى بولۇپ تايىنلانسۇن. ئۇ قازاقستان س س ج باش مىنىستىرى ئورۇنباسارى لاۋازىمىدىن بوشىتىلسۇن.

قازاقستان س س ج پرېزىدېنتى ن. نازاربايېۋ.
ئالمۇتا شەھرى، 1991- ژىل، 31- ئاۋغۇست.

قىزىلوردا ۋىلايىتى: سىر دەريا ئا بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن بۇ يەردە يېڭى ھېيەسى «پېرۋومايسكىي» سوۋخوزا ئېكىلىكنىڭ باشقا شاھارلىرىغىمۇ زى قاراكۆل ئەسىللىك قويلارنى ئوسئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. تۇرۇشكە ئىختىساسلاشتۇرۇلغان. لېكىن باشقا ئېكىلىكلەركە باغلىق بولسۇئا تائۇمانوۋا سوۋخوزدا سېغىنچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ماسلىغى ۋە ئۆزىنىڭ ئەمگەكچىلىرىنى كېرەك ئوزۇق- تۈلۈك مەھسۇلاتلىرى
سۈرەتتە: بې. ئاكىموۋا ۋە م.

(قاز تاگ).

ئەۋلاتلار تەغدىرى - كېلەچىكىمىز

مۇۋاپىقىيەتلەر ۋە ئۈمۈتلەر

شەھەرنىڭ سۇلتانقورغان مەھەللىسى ئاھالىسىنىڭ ئاساسى كۆپچىلىگى ئۇيغۇرلاردۇر. شۇڭلاشقىمۇ بۇ يەردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى مەسىم ياقۇپوۋ نامىدىكى ئۇيغۇر-رۇس ئوتتۇرا مەكتىۋى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 1066 بالىدىن تەركىپ تاپسا، ئۇلارنىڭ 800ى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىدۇر. ۋاھالەنكى، بۇنىڭغا قارىماي، ئۇيغۇر سىنىپلىرىدا ئوقۇيدىغان بالىلارنىڭ سانى بارى-يوقى 200 بالىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھەر بىر ئوقۇش ژىلى ئاياقلاشقاندا مەكتەپنىڭ ئۇيغۇر سىنىپلىرىنى ئارانلا 11-12 بالا تاماملايدۇ. مانا بۇ ئەھۋال ھازىرقى دېموكراتىيە تەنتەنە قىلىۋاتقان بىر چاغدا ئۇيغۇر ئاھالىسىنى تەشۋىشكە سالماقتا. سەۋەۋى، بىزنىڭ بالىلىرىمىز ئانا تىلىنى، ئۆرپى-ئادەتلىرىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى ئۇنتۇماقتا. شۇ سەۋەپتىن مەھەللىمىزدىكى مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ خادىملىرى،ژۇت موتىۋەرلىرى ئابدۇساتتار ھەمرايېۋ، كوممۇنار ئىمرىۋ، مەھەممەت ھوشۇرۇۋ، ئومەر سىيمەتوۋلار بالىلىرىمىزنىڭ كېلەچىگىنى ئويلىغان ھالدا، بالا تەربىيىسىنى ئۇيغۇر بالىلىرى باغچىسىنى ئېچىشتىن باشلاشنى توغرا كۆردى. ئۇلار مەھەللىدىكى تازا ئۇيغۇر بالىلىرى باغچىسىنىڭ بەرپا بولۇشىغا قولىدىن كەلگىچە ياردەملەشتى.

ئىلگىرى ئاتا-ئانىلار ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئانا تىلدا تاماملىغان ئوغۇل-قىزلارنىڭ كەلگۈسىگە، جۈملىدىن، ئۇلارنىڭ ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەخسۇس ئوقۇش ئورۇنلىرىغا كىرىپ ئوقۇشىغا ئەندىشە قىلاتتى. ۋاھالەنكى، ئەھۋال تامامەن باشقىچە ئۆزگەردى. بىپايان ۋەتىنىمىزدىكى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بىزگە ئوخشاش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئانا تىلىنى، مەدەنىيىتىنى، سەنئىتىنى ۋە ئۆرپى-ئادىتىنى تىكلەپ تەرەققىي قىلىشقا چوڭ ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرمەكتە. بالىلار ئۆز ئانا تىلىدا ئىمتىھان تاپشۇرۇپ، ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرىغا چۈشۈش يولىغا قويۇلدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆتكەن ژىلى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى رۇس تىلىدا تاماملىغان ئۇيغۇر بالىلىرىدىن 40تىن ئوشۇغى ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرىغا كىرگەن بولسا، مەكتەپنى ئانا تىلدا تاماملىغان 120دىن ئوشۇق ژىگىت-قىز ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. دېمەك، ژۇقۇرىدىكى ئەنسىزچىلىكلەر بىلەن ئۈمۈتسىزلىكلەرنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى ئەمەلىيەت ئەستىقلىمەكتە.

ئانا تىلدا ئوقۇۋاتقان بالىلار بويىغا ئانا تىلىنى سىڭدۈرگەن، مىللىي ئەنئەنىلىرىمىز ئاساسىدا تەربىيىلەنگەن، ئاتا-ئانىلارغا ئىتائەتكار، سالام-سائەتلىق، ھۆرمەتچان بولۇپ ئۆسمەكتە. شۇنداقلا، ئانا تىلدا بىلىم ئېلىۋاتقان پەرزەنتلىرىمىز ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىنى بىلىشى بىلەن بىللە چوڭقۇر بىلىم ئالماقتا. مۇنداق بالىلار ھەر قانداق سىناقتىن ئىشەشلىك ئۆتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل. مانا موشۇ ھاياتىي ھەقىقەتنى چۈشەنگەن مەھەللىمىزدىكى 101-رۇس-ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ ئۇيغۇر مۇئەللىملىرى يېڭى ئوقۇش ژىلىنى باشلاش ئالدىدا ئۇرغۇن ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى كوچىلارنى ئارىلاپ، ئاتا-ئانىلار بىلەن ئوچۇق سۆھبەتلەشتى. پېداگوگلار ئاھالىگە ئانا تىلدا ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈردى. نەتىجىدە بۇ ژىلى ھەر بىرىدە 20دىن ئوشۇق ئوقۇغۇچىسى بار ئىككى ئۇيغۇر سىنىپى تەشكىل قىلىندى. بۇ ئەھۋال مەھەللە تۇرغۇنلىرىنى بەك خوشال قىلدى.

يەنە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمىزكى، مەزكۇر مەكتەپتىكى بىر مىڭدىن ئوشۇق بالىنىڭ 80 پروتسېنتى ئۇيغۇر بالىلىرى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ 20 پروتسېنتى ئانا تىلدا ئوقۇيدىغانلىقى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. مانا بۇ مەسىلە ھەققىدە مەھەللە موتىۋەرلىرىنىڭ، ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئويلىنىشى، ئۇنىڭدىن ئېگىشلىك خۇلاسە چىقىرىشى كېرەك.

بىز ژۇقۇرىدا مەھەللىمىزدە ئۇيغۇرچە بالىلار باغچىسىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى خوشاللىق بىلەن ئېيتتۇق. بۇ بولسا مەكتىۋىمىزنىڭ كېلەچىگىنى پارلاق قىلىشقا ياردەملىشىدۇ دېگەن ئۈمۈتىمىزنى ئاقلايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. بىراق مەھەللىمىزدىكى بەزى بىر ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ تەربىيىسىگە ۋە مەكتەپ ھاياتىغا ئېتىۋارسىز قارايدۇ. ئۇلار مۇئەللىملەر بىلەن بىرلىشىپ، ئىشلەشكە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. بۇ يېڭى ئوقۇش ژىلىدا ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇ خاتالىقىنى چۈشەنگەن ۋە تۈزەتكەن ھالدا مۇناسىۋەت قىلىشىنى ئۈمۈت قىلىمىز.

بالىلارغا چوڭقۇر بىلىم ۋە ياخشى تەربىيە بېرىشنىڭ جان كۆيەرى، مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئىمھانەم توختاخۇنوۋا ئۇيغۇر سىنىپلىرى بويىچە ئوقۇش ئىشلىرىنىڭ مۇدىرى نۇربۇۋى مەنسۇروۋالار بارلىق پېداگوگلار بىلەن بىرلىكتە يېڭى ئوقۇش ژىلىنى يېڭى كۈچ بىلەن باشلاشقا قارىتىلغان ئىش پىلانلىرىنى ئالدىن-ئالا تەييارلىدى. يېڭى ئوقۇش ژىلىدا ئۇلارنىڭ شەرەپلىك ۋە جاپالىق ئىشىدا مۇۋاپىقىيەتلەر تىلەيمىز.

شۇنداقلا كەلگۈسىدە ئۇيغۇر سىنىپلىرىدا بالىلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئىشەنچە بىلدۈرىمىز.

سەنجەر باراتوۋ،

ئالمۇتا شەھەرلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ خادىمى.



ئالمۇتا ۋىلايىتى ئەشكىلەڭ ناھىيەسى «لېنىنسكىي» سوۋخوزىنىڭ ئىجارىچىسى ن. ن. دمىترىيېۋ ئائىلىسى بىلەن ئۆز ئالدىغا 45 توپاقنى ئېلىپ باقتى. ياخشى ئىشلەش نەتىجىسىدە ماللار بوردىلىپ بولدى. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ سالمىغى 420 كىلوگراممىغا يەتتى.

ھازىر ئىجارىچى مالچى يەنە 68 توپاقنى بورداشقا ئالدى.

سۈرەتلەردە: 1. نىكولاي نىكولايېۋ ۋە ۋېرا لېپىندوۋنا دمىترىيېۋلار. 2. ئېگىلىك قوراسىدا.

(قاز تاگ).

مال ئوزۇغى كۆپەيمەكتە

قاراسۇ ناھىيەسىگە قاراشلىق «قىرغىزستان» سوۋخوزىنىڭ دېھقانلىرى مال ئوزۇغىنى مول تەييارلاش ئۈچۈن تىرىشىپ ئەمگەك قىلماقتا. ئۇلار بىيىل 1300 تونا چۆپ، 1300 تونا سېناژ، 1320 تونا سامان تەييارلاشنى مەخسەت قىلغان بولۇپ، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇلار 1123 تونا چۆپ، 1000 تونا سېناژ، 911 تونا ساماننى تەييارلاپ بولدى. بىيىل 330 گېكتار يەردىكى بېدىنىڭ ھەر گېكتارىدىن 73،7 سېنتنېردىن ھوسۇل ئېلىنىشى كۆزدە تۇتۇلغان ئېدى. ھازىرقى كۈندە ئۇنىڭ ھېساۋىغا ھەر گېكتاردىن 63 سېنتنېردىن ھوسۇل ژىغىلىندى. ئەندى قالغان 170 گېكتار يەردىكى بېدىنىڭ ھەر گېكتارىدىن 330 سېنتنېردىن ھوسۇل ئېلىش مەخسەت قىلىنىۋاتىدۇ. شۇنداقلا مال ئوزۇغى ئۈچۈن تېرىلگەن قىزىلچىنىڭمۇ ھەر گېكتارىدىن 300 سېنتنېردىن ھوسۇل ئېلىش پىلانلانغان.

سوۋخوز ئەمگەكچىلىرى مال ئوزۇغىنى تەييارلاش ئۈچۈن ئۆزلىرىدىكى بار ئىمكانىيەتلەرنى ئىشقا سالماقتا. بولۇپمۇ سوۋخوزنىڭ 1-بۆلۈمىدىكى، قىرغىزستان ئالىي كېڭىشىنىڭ دېپۇتاتى ئاسلىبېك ماشايېۋ باشچىلىقىدىكى كومۇقوناق ئۆستۈرگۈچىلەر بولەكچە غەيرەت بىلەن ئەمگەك قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار 50 گېكتار مەيداندىكى كومۇقوناقنىڭ ھەر گېكتارىدىن پىلاندىكى 75 ئورنىغا 82 سېنتنېردىن ھوسۇل ئېلىشنى ھودىلىمەكتە. ئۇلار بۇنداق ژۇقۇرى دەرىجىدە ھوسۇل ئېلىش مەخسىتىدە كومۇقوناق ئېتىزلىرىغا ئىككى قېتىمدىن ئوغۇت بېرىپ، 3 قېتىم سۇغىرىپ چىقتى. بۇ ئىشلاردا سۇچىلار؛ ئۇ. ئارنوۋ، ئا. جاھانبايېۋ، ئا. ئابدۇللايېۋ، ئا. توقۇرۇۋ ۋە باشقىلار ماختىنىدەك ئەمگەك قىلدى.

سوۋخوزنىڭ 1-بۆلۈمىدىكى كېمىت سابىربېكوۋ يېتەكچىلىگىدىكى بېدە ئۆستۈرگۈچىلەرمۇ ئۈنۈملۈك ئەمگەك قىلماقتا. ئۇلار ئۆز كۆتۈمىدىكى 73 گېكتار بېدىنىڭ ھەر گېكتارىدىن، 73،6 سېنتنېردىن ھوسۇل ئېلىشنى كۆزلىمەكتە. شۇنداقلا ئېگىلىكنىڭ 5-بۆلۈمىدىكى باقى ئاخۇنبېكوۋ باشقۇرغان برىگادا ئەزالىرىمۇ 35 گېكتار مەيداندىكى بېدىنى پەرۋىش قىلىپ، كۆزلىگەن مولچەرىدىكىدىن ئارتۇق ھوسۇل ئالماقتا. ئۇلار بېدىنىڭ 1-ئورۇمىدىلا گېكتارىغا 50 سېنتنېردىن ھوسۇل ژىغىپ ئۈلگەردى. شۇنداق قىلىپ مەزكۇر ئېگىلىكتە مالنىڭ قىشتىن توق چىقىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىلماقتا.

س. بىنبايېۋ.

قارسۇ ناھىيەسى.

قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى.

مەھسۇلات سۈپىتىنى ئاشۇرۇش

بىرلەشمىمىز 1970-ژىلى 1-ياۋاردا تەشكىل قىلىنغان. ئۇ چاغدا سېخلىرىمىزنىڭ دائىرىسى تار بولۇپ، ئىشلەپ چىقىرىش كۆپ جەھەتتىن قول ئەمگىگى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلاتتى. ھازىر بىر ژىلدا 7،5 مىللىون جۈپ ئاياق-كىيىم ئىشلەپ چىقىرىش قۇدرىتىگە ئېگە بولدۇق. ئۈچ ئورۇندا كارخانىمىزنىڭ شۆبىلىرى بار. ئۇ يەرلەردە ئاساسەن چوڭلار ۋە بالىلار ئۈچۈن ئاياق كىيىملەر تىكىلىدۇ. ئىشچى-خىزمەتچىلىرىمىز 1990-ژىلى پىلاندىن تاشقىرى 90مىڭ جۈپ سۈپەتلىك ئاياق كىيىم ئىشلەپ چىقاردى. بىيىل بازار ئىختىسادى شارائىتىدا ياشاۋاتىمىز. ئەلۋەتتە، بىر قاتار قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشىمىز ئېنىق. چۈنكى ئاھالى بىزدىن پەقەت سۈپەتلىك ئاياق كىيىم كۈتىدۇ. ئۆزىمىزدىكى ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، مەھسۇلات تەننەرقىنى ئۆستەرمەسلىككە تىرىشىۋاتىمىز.

كارخانىمىزغا گېرمانىيەدىن 200گە يېقىن يېڭى زامانىۋىي ئېرە ستانوكلارلى سېتىپ ئالدۇق. بۇ ستانوكلار ژۇقۇرى ئۈنۈم بىلەن ئىشلەپلا قالماي، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئاشۇرۇشقىمۇ ئاساس بولماقتا، ھەر ژىلى 160-170 قا يېقىن يېڭى ئۈلگىلەر بويىچە مەھسۇلات چىقىرىۋاتقانلىقىمىز شۇنىڭ پايدىسىدىندۇر. لېكىن بۇنداق ئۈلگىلەرنى ئاھالىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ، ھەر ژىلى ئۆزگەرتىپ، يېڭىچە ئۈلگىلەردىكى ئاياق كىيىملەرنى ئىشلەپ چىقىرىۋاتىمىز.

كارخانىمىز يېنىدىكى كەسپىي تېخنىكىلىق بىلىم يۇرتىدا ھەر ژىلى 200دىن ئوشۇق بالا ئوقۇپ كېلىدۇ. شۇنداقلا ھەر ژىلى تاشكەنتتىن توقۇمىچىلىق ئىنستىتۇتىنى پۈتەرگەن كىشىلەرمۇ ۋە ئۆزىمىزدىن پەرغانە شەھىرىدىكى كەسپىي تېخنىكىلىق بىلىم يۇرتىغا بېرىپ ئوقۇپ كەلگەن ياشلارمۇ ئالدى بىلەن بۇ يەردىكى شەرت-شارائىتنى ئۆگىنىدىغان مەخسۇس ۋاقىتتىن ئۆتىدۇ. شۇنىڭ ئۈزىدىن مەلۇمكى بىزنىڭ تېخنىك كادىرلارغا بولغان تەلىۋىمىز ژۇقۇرى.

كوللېكتىۋىمىزدا ئىشچى، تېخنىك كادىرلارنىڭ ئۈنۈملۈك ئىشلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەمگەك ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا بىردەك كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتىمىز. ھازىر بىرلەشمىدىكى ياشلار ئۈچۈن ئىككى ياتاق بىناسى، ئۈچ يەردە بالىلار باغچىسى ۋە پەرغانە ۋادىسىغا جايلاشقان، ئىشچىلارنىڭ دەم ئېلىش ئورنى بار. شۇنداقلا ئىشچىلىرىمىز ھەر كۈنى ھەقسىز تاماقلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن 120 مىڭ سوم پۇل ئاجرىتىلغان. كۆپ باللىق ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىمۇ ھەقسىز تەربىيەلىنىدۇ. ئىشچىلىرىمىز ھەقسىز ترانسپورت بىلەن ئىشقا قاتنايدۇ.

ئەگەر بىر ئىشچى ئۈزلۈكسىز 20 ژىل ئىشلىگەن بولسا، ئۇنىڭغا ئالتە ئايلىق پۇلىنى قوشۇپ مۇكاپات سۈپىتىدە تاپشۇرىمىز. ئەگەر بىر ياش بىزدىن ئارمىيەسېپىگە كېتىپ، ئۆز ۋاقتىدا قايتىپ كېلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ دەسلەپكى ئايلىقىغا 100 سوم قوشۇپ بېرىلىدۇ.

بىرلەشمىدىكى داۋالاش ئورنىدا ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش بويىچە ئالىي مەلۇماتلىق 8 شىپاكار خىزمەت قىلماقتا. شۇنداقلا بىرلەشمىنىڭ 4-قەۋىتىدە سپورت كومپلېكسى بار. ئەندى ئىشچىلارنى ئۆي بىلەن تەمىنلەشتىمۇ خېلە ئىش قىلىپ كېلىۋاتىمىز. شۇڭلاشقا بىزدە ئۆيگە نۆۋەتتە تۇرغانلار بار-يوقى 20 ئائىلە. ئۇلارنىمۇ نۆۋەتتە كۆپ تېز ئۆزماسلىق چارىلىرىنى ئىزدەۋاتىمىز.

قىسقىسى بىز مەيلى ئىشلەپ چىقىرىش سۈرئىتى، مەيلى مەھسۇلات سۈپىتى جەھەتتە بولسۇن، ئىشچىلىرىمىزنى مەنىۋىي ۋە ماددىي جەھەتتىن رەغبەتلەندۈرۈشتە بولسۇن بازار ئىختىسادىغا ئۆتۈپ ئىشلەشكە تەييار ھالەتتە ياشاۋاتىمىز.

بىيىلنىڭ ئۆزىدە 8 مىللىون جۈپ (بۇ ئۆتكەن ژىلدىكىدىن 500 مىڭ جۈپ ئارتۇق) سۈپەتلىك ئاياق كىيىم ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز.

جەۋلان تۇردىيېۋ،

پەرغانە ئاياق كىيىم ئىشلەپ چىقىرىش بىرلەشمىسىنىڭ دىرېكتورى.

مېتروغا ئىشچىلار كېرەك.

ئالمۇتا شەھىرىدىكى مېترو قۇرۇلۇشىنىڭ باشلانغىنىغا خېلە ۋاقىت بولدى. لېكىن ئۇنىڭ ئىشى ئىشتىك سۈرئەت بىلەن مېڭىۋاتىدۇ دەپ ئېيتىش تەس. سەۋەۋى مەزكۇر قۇرۇلۇشقا پەقەت شەھەر تۇرغۇنلىرى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەندى شەھەر ياشلىرىنىڭ ئاتالمىش قۇرۇلۇشقا تەييارلايدىغان بىلىم يۇرتىغا بارمايدىغانلىقى ھېچ كىمنى ئۈچۈن سىر ئەمەس. مېترو قۇرۇلۇشىدا ئىشلەش كۆپلىگەن يېزا ياشلىرىدا ئېيتىلغان سەۋەپ ئۇلارنىڭ رايىنى قايتۇرغان.

مانا موشۇ مەسىلە پات يېقىندا ۋىلايەتلىك ئىجرائىي كومىتېتدا قويۇلدى. ھەر تەرەپلىمە مۇھاكىمىدىن كېيىن بۇ مەسىلە ئىجابىي يېشىلدى. شۇنداق قىلىپ، پايتەختىمىزدىكى 16-كەسپىي-تېخنىكىلىق بىلىم يۇرتىنىڭ مېترو قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يەر ئاستىدا ئىشلىگۈچىلەرنى ئۆگىتىش بۆلۈمىگە سىرتتىن كەلگەن ياشلارنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى.

مەسئۇت ئەپەندى ھەققىدە ھەقىقەت

(داۋامى، بېشى ئۆتكەن سانلاردا)

شىڭ شى سەي ئۆزىنى ئوڭلاپ، ھوكۈمراللىق ئورنىنى مۇستەھكەملەپ ئالغاندىن كېيىن، ستالىنچىلارنىڭ بىۋاستە قاتنىششى بىلەن، سابىت داموللام باشلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۈمەت رەھبەرلىرىنى، ئىنقىلاپقا ئاكتىپ قاتناشقان ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى، زىيالىلىرىمىزنى، ئۆلىمالىرىمىزنى ھەم تىجارەتچىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تۇتقۇن قىلىپ، ئاممىۋى تۈردە قىرغىن قىلىشقا كىرىشىدۇ. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىڭ شى سەي جاللاتلىرى جەمئىي يۈز مىڭغا يېقىن ئادەمنى ئۆلتۈرگەن.

ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان ئاز ساندىكى ئىنقىلاپچىلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىپ، كۈرەشنى يەنە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز يۇرتىنى ۋاقىتلىق تاشلاپ، چەت ئەللەرگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇلارنىڭ قاتارىدا مەسئۇت ئەپەندى سابىرىيمۇ بار ئىدى.

مەسئۇت ئەپەندى 1934-يىلى قەشقەردىن چىقىپ، ئاۋال كەشمىرگە، ئاندىن كېيىن ھىندىستانغا بارىدۇ. بىللە ماڭغان بىر توپ كىشىلەر ھىندىستانغا بارغاندىن كېيىن: «ئەندى قانداق قىلىش كېرەك؟» — دېگەن مەسىلىلەر ئەتراپىدا جىددىي مۇزاكىرىلەر ئۆتكۈزىدۇ. شۇ چاغدا كۆپچىلىك كىشىلەر: «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋى مەغلۇپ بولدى، ۋەتەننىڭ ئىستىقلالىدىن ئۈمۈت قالمىدى. مۇنداق شارائىتتا كۈرەش قىلىشمۇ پايدىسىز، ۋەتەنگە قايتىپ بېرىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈركىيەگە ياكى ئەرەبىستانغا كېتەيلى، شۇ ياقتا ياشاپ، تىرىكچىلىك قىلىپ جان باقايلى!» — دېيىشىدۇ. بىراق، مەسئۇت ئەپەندى مۇنداق يېنىك يولنى تاللىمايدۇ. ۋەتەن مۇنقەرىز بولۇپ، مىللەت قۇل بولۇپ ياتقاندا چەت ئەلگە بېرىپ كۆرگەن راھەت — پاراغەتلەر ئۇنىڭغا ئېتىمايتتى، ئەلۋەتتە. ئۇ، بىرىنچىدىن، «مىللەتنىڭ ئىستىقلالىدىن راستىلا ئۈمۈت يوقمۇ؟ پۈتۈن دۇنيادا ئازاتلىق ئاڭلىرى ئېتىۋاتقان، زورلۇق-زۇلۇم دەۋرى كەلمەسكە كېتىۋاتقان موشۇنداق بىر دەۋردە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەڭگۈ قۇللۇقتا قېلىشى مۇمكىن ئەمەس! ئىككىنچىدىن، ھازىر شىڭ شى سەي شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل باشقۇرىدىغان «شىڭ دۇبەن» بولۇۋالدى. ئۇنىڭ خىتاي مەركىزىي ھوكۈمىتى بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ، سوۋېت بىلەن يېقىنلىششى — مەركىزىي خىتاي ھوكۈمىتىنىڭ غەزىۋىنى قوزغىدى. دېمەك، شىڭ شى سەي بىلەن مەركەز ئوتتۇرىسىدا ئوتكۇر زىددىيەت بار. موشۇ زىددىيەتتىن پايدىلىنىشقا نېمىشكە بولمايدۇ؟ ئۈچىنچىدىن، خىتاي ھوكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز دۆلىتىنىڭ تەركىۋى قىسمى — بىر ئۆلكىسى دەپ تونۇيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي ھوكۈمىتىنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ ۋەتەننى مۇستەقىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئەندىكى كۈرەش ئۇسۇلىمىز قوراللىق كۈرەش ئەمەس، بەلكى سەياسىي — ئىدېئولوگىيەلىك كۈرەش بولۇشى كېرەك.

شۇنداق بولغاندىن كېيىن ئىنچكى خىتايغا بېرىپ، مەركىزىي ھوكۈمەت ئالدىغا قانۇنلۇق تەلەپنى قويۇپ، ھېچ بولمىغاندا ئۆلكىنىڭ مۇختارىيەت ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن! شىڭ شى سەينىڭ ساتقۇنلىقى تۈپەيلى، شەرقىي تۈركىستان چەت ئەلنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىش خوۋۇپى ئاستىدا تۇرىدۇ. ئاز تولا مۇختارىيەت ھوقۇقىنى بېرىش يولى بىلەن، ئۇنى خىتاي دۆلىتىنىڭ تەركىۋىدە ساقلاپ قېلىش خىتايغا مەنپىيەتلىك. بىز بولساق، بېرىلگەن مۇختارىيەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، خەلقىمىزنى تەربىيەلەيمىز. ئاستا-ئاستا شەرت شارائىت يارىتىپ، ئاندىن ئالىي مۇختارىيەت ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشىمىز مۇمكىن. دېمەك، موشۇ ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستىقلالى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش مۇمكىنچىلىكى بار. ئۈمۈتۋار بولۇپ بەلنى مەھكەم باغلاپ، سەياسىي ئىدېيەۋىي كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك! مەسئۇت ئەپەندىنىڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى ئەينە شۇ بولدى. شۇنداق قىلىپ، مەسئۇت سابىرىي كۈرەشنىڭ **تىنچلىق، پارلامېنتلىق** يولىنى تاللاپ ئالدى.

مەسئۇت سابىرىي خىتايدا ۋە شەرقىي تۈركىستاندا شۇ دەۋردە قېلىپلاشقان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ۋەزىيەتكە باھا بەرگەن ھالدا، «ئەلەم كۈرىشىنى ئەمەس، قەلەم كۈرىشىنى» توغرا تاللاپ ئالغان. روسسىيە بولشېۋىكلار پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى ۋە ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ تەشكىلاتچىسى ۋە ئىلھامچىسى ۋ. ئى. لېنىن ئۆزىنىڭ «كوممۇنىزمدىكى «سولچىلىق» باللار ئاغرىقى» دېگەن ئەسەرىنىڭ «بۇرژۇئالىق پارلامېنتلار ئىشتىراك قىلىش كېرەكمۇ؟» دېگەن بابىدا نېمىسلارنىڭ «سولچى» كوممۇنىستلىرىنىڭ بۇ سوئالغا ئىنتايىن چوڭ ئىلتىپاتسىزلىق

گومىنداڭ قۇرغان جۇڭخۇا مىنگو (خىتاي خەلق ھوكۈمىتى) مىللىي ئىشلار پالاتىسىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى 1945-يىلى چۈشكەن مەزكۇر سۈرەتتە ئىككىنچى قاتاردا (ئوڭدىن سولغا) ئىككىنچى ئادەم- مەسئۇت ئەپەندى.

ۋە ئىنتايىن چوڭ كالتە پەملىك بىلەن سەلبىي جاۋاپ بەرگەنلىكىنى قاتتىق تەنقىتلەپ، «... تەنقىتنى ۋە ئەڭ قاتتىق رەھىمسىز، مۇرەسسەسىز تەنقىتنى — پارلامېنتارىزمغا ياكى پارلامېنت پائالىيىتىگە قارشى قاراتماي، بەلكى پارلامېنت سايلىمىدىن ۋە پارلامېنت مىنبىرىدىن ئىنقىلاۋى... پايدىلىنىشنى بىلمەيدىغان ۋە يەنە كېلىپ، ئۇنى خالىمايدىغان داھىلارغا قارشى قارىتىش كېرەك. پەقەت يارىماس داھىلارنى ھايداۋېتىش ۋە ئۇلارنى يارامىلىقلار بىلەن ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق باغلاشتۇرۇلغان مۇنداق تەنقىت — «داھىلارنىڭ» ئىشچىلار سىنىپىغا ۋە ئەمگەكچىلەر ئاممىسىغا مۇناسىپ بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سەياسىي ئەھۋالنى توغرا چۈشىنىشىنى ۋە پات-پاتلا بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە قالايمىقان ۋەزىپىلەرنى چۈشىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى بىر مەزگىلدە تەربىيەلەيدىغان پايدىلىق ۋە ئۈنۈملۈك **ئىنقىلاۋىي ئىش بولىدۇ**»، — دەپ يازغان ئىدى.

مەسئۇت ئەپەندى ماركسچە-لېنىنچە تەلىماتنى ئۆگەنمىگەن بولسىمۇ ۋە شۇڭلاشقا ئۇنى ئۆز پائالىيىتىدە رەھبەرلىككە ئالمىغان بولسىمۇ، ئۆز خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ۋە مىللىي مۇستەقىللىكى ئۈچۈن سۇنجۇڭسەننىڭ تەلىماتىغا ۋە ھەتتا ئۆزىنىڭ سەياسىي يولىغا رىئايە قىلغان بولسىمۇ، بۇ يول **ئىنقىلاۋىي يول** بولغان ئىدى. ئۇنداق بولغىنى ۋاقىت ۋە پەزا، مەملىكەتنىڭ كونكرېت ۋەزىيىتى لېنىن ئېيتقاندەك «چارىزمنىڭ ئالاھىدە ياۋايى ۋە ئەشەددىي زۇلۇمى خىلمۇ-خىل مەملىكەتتىكى ئىنقىلاپچىلارنى، ئالاھىدە خىلمۇ-خىل شەكىللەردە پەيدا قىلغان، ھەيران قالارلىق ساداقەتلىك، غەيرەتلىك، قەھرىمان، ئىرادىسى كۈچلۈك ئىنقىلاپچىلارنى پەيدا قىلغاندەك»، خىتايدىمۇ، شۇ جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستاندىمۇ شۇنداق بولغان ئىدى. ئەلاھاسىل، ئىنقىلاپچى بولۇش ئۈچۈن ماركسچى-لېنىنچى بولۇش شەرت ئەمەسقۇ؟! شۇ دەۋردىكى خىتاي خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي داھىسى سۇنجۇڭسەنمۇ، تۈرك خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي داھىسى موللا مۇستاپا ئاتا تۈركمۇ، ھىندىستان خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي داھىسى ماخاتما گاندىمۇ، ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي داھىسى ئەخمەت سۇكارنومۇ، ۋە باشقا ئۇللىغان ئىرىك ۋە ئۇلۇق ئىنقىلاپچىلار ماركسچىلار بولماي تۇرۇپ، ئۆز خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ۋە مىللىي مۇستەقىللىكى ئۈچۈن كۈرەشكەن ئىدى. شۇنداق بولسا، مەسئۇت سابىرىي، مەمتىمىن بۇغرا، ئەيسابەگ ئالىپتېكىن كەبى ئىنقىلاپچىلار نېمىشكە ئۆز خەلقىگە دۈشمەن بولغىدەك؟!

شۇنداق قىلىپ، كۈرەشنىڭ تىنچلىق، پارلامېنتلىق يولىنى تاللاپ ئالغان مەسئۇت ئەپەندى ھىندىستاندىن يولغا چىقىپ، دېڭىز-ئوكيانلارنى كېمىدە ئۈزۈپ ئوتۇپ، خىتاينىڭ شاڭخەي شەھىرىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئاندىن شاڭخەيدىن خىتاينىڭ شۇ چاغدىكى پايتەختى- نەنجىڭ شەھىرىگە كېلىدۇ.

مەسئۇت ئەپەندى ئىچكى خىتايغا كەلگەندىن كېيىن، خىتاي ۋە ئىنگلىز تىللىرىنى پىششىق ئۆگىنىش بىلەن بىللە، ئىچكى خىتايدا ۋەتەن داۋاسىنى قىلىپ يۈرگەن يۇرتداشلىرى، ئەيسابەگ ئالىپتېكىن، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، ھاجى ياقۇپ ۋە باشقا كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ، شۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار ھەر خىل سەۋەپلەر بىلەن ئىچكى خىتايدا مۇھاجىر بولۇپ ياشاۋاتقان يۇرتداشلىرىنىڭ بېشىنى قوشۇپ، «شەرقىي تۈركىستان يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى»نى تەشكىل قىلىدۇ. شۇ ئۇيۇشمىنىڭ تەشۋىقات ئورگىنى سۈپىتىدە «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى»، «خانتەڭرى»، «ئالتاي»، «ئەرك» ناملىق ژۇرنال ۋە ئالمانەخلارنى نەشر قىلىپ، ئىچكى خىتايدا ھەم شەرقىي تۈركىستاندا تارقىتىدۇ. شۇ ئارقىلىق خەلقنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھتا تەربىيەلەيدۇ. خەلقنى ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە چاقىرىپ، كۈرەش قىلىشنىڭ تاكتىكىسى بىلەن ستراتېگىيەسىنى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىدۇ. ژۇرناللار ئىككى تىلدا: ئۇيغۇر ھەم خىتاي تىللىرىدا چىقىرىلاتتى. ئۇيغۇرچىسى ئۇيغۇر خەلقىنى ئويغىتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھتا تەربىيەلەش ئۈچۈن بولسا، خىتاي تىلىدىكىسى خىتاي ئەرباپلىرى بىلەن زىيالىلىرىغا تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى تونۇشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، توغرا تەساۋۇرغا ئىگە قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ۋەتەننى ئازات قىلىش مەخسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئىدى.

مەسئۇت ئەپەندى ئۆزى يات ئەلدە مۇساپىر بولۇپ، يوقسۇزچىلىق دەردىنى تارتىپ يۈرسىمۇ، تاپقان پۇلىغا قەغەز-قەلەم سېتىۋىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھتىكى ئىلمىي ئەسەرلەر بىلەن، سەياسىي پۇبلىتسىستىك ماقالىلارنى يازدى. ئۇنىڭ شۇ يىللاردا يازغان ئەسەرلىرىدىن «ئۇلۇق ئانا»، «تۈركلۈك نۇرانى»، «يۇرت يېغىمى»، «نىياز قىز»، «ئىلىك ئۆگرەتمەن»، «ياشلىرىمىز ھەققىدە»، «بىرىنچى پۈتۈك»، «ئىككىنچى پۈتۈك»، «ئۈچىنچى پۈتۈك»، «تۆرتىنچى پۈتۈك»، «بەشىنچى پۈتۈك»، «قازاقلار»، «تۇڭگانلار»، «ئۇيغۇرچە سەرپ ۋە نەھۋى» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە نادىر ئەمگەكلىرى بار. بۇ ئەمگەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى يېزىپ، ئۆزى كۆچۈرۈپ، ئۆزى بېسىپ چىقىرىپ، ئۆزى تارقاتقان. مەسئۇت ئەپەندىم ئۇ چاغلاردا ئىچكى خىتايدا مۇھاجىر بولۇپ ياشاۋاتقاچقا ھاكىمىيەتنىڭ قوللىشىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇنداق شارائىتتا، موشۇنداق جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، ئون نەچچە يىلنى ئوتكۈزدى.

مەسئۇت ئەپەندى ژۇقارقى ئەمگەكلىرىدە خەلقىمىزگە ئىنقىلاۋىي غايىنى تارقىتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى سىڭدۈردى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئانا تىلىمىزنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش، لۇغەت بايلىقىنى ئاشۇرۇش جەھەتتىمۇ زور ئەمگەك قىلدى. تۈركىي تىلنىڭ (ئۇيغۇر تىلىنىڭ) ئىپادىلەش قۇۋۋىتىنىڭ ژۇقۇرلىقىنى، گوزەللىكى بىلەن ئاھاڭدارلىقىنى تەكىتلەپ، بۇ تىلنى ئۆزىمىزنىڭ تۈركىي تىل فوندىمىز ھېساۋىغا بېيىتىشنى، چەت تىل ئاتالغۇلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. ساپ تىلدا سوزلەپ، جۈملىلەرنى راۋان، ئىخچام تۈزۈش كېرەكلىكىنى ئۆگەتتى.

مەسئۇت ئەپەندى ئىچكى خىتايغا بارغاندىن كېيىن، ئەيسابەگ ئالىپتېكىننىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق خىتاي دۆلىتىنىڭ ھەم مەركىزىي ھوكۈمىتىنىڭ ئەرباپلىرى بىلەن تونۇشىدۇ. بۇ ئەرباپلار بىلەن ئاستا-ئاستا يېقىنلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا شەرقىي تۈركىستانغا مىللىي مۇختارىيەت ھوقۇقى بېرىش مەسىلىسىنى قويۇشقا باشلايدۇ. مۇمكىن بولغان بارلىق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيەۋى ئورنى، ئۇنىڭ تارىخى، بۇ ئۆلكىنىڭ ئەسلى ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە شۇ زىمىندا ياشاۋاتقان باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەھۋالى، خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ يەرلىك خەلقلەرنى رەھىمسىز ئېزىۋاتقانلىقى، ئۆلكىدە مىللىي مەسىلىنىڭ بارغانسېرى كەسكىنلىشىۋاتقانلىقى، بۇ مەسىلىنى دۇرۇس ھەل قىلىشنىڭ زورۇرلۇقى ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

مەركىزىي ھوكۈمەت بۇ تەكلىپلەر بىلەن تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلىمىگە ھەم ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېتىۋار بىلەن قاراپ، ھورمەت قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەكىلى دەپ تونۇپ، خىتاي مەركىزىي ھوكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىدۇ. مەلۇم ۋاقىت ئوتكەندىن كېيىن، مەركىزىي ھوكۈمەت تەپتىش پالاتاسىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا تايىنلەيدۇ. ئۇ موشۇ سالاھىيىتى بىلەن خىتاي ھوكۈمىتىنىڭ ھەر قانداق يىغىنلىرى بىلەن قۇرۇلتايلىرىغا قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. ئۇ ئۆزى قاتناشقان يىغىن ياكى قۇرۇلتاينىڭ مىنبىرىدىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قانۇنىي ۋەكىلى سۈپىتىدە سوزلەپ، بۇ ئۆلكىگە ئالىي دەرىجىدىكى مىللىي مۇختارىيەت ھوقۇقى بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق تەلەپلەرنى ھەر بىر يىغىندا دېگىدەك ئېغىزچە ياكى يازمىچە شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرىدۇ. شۇلارنىڭ ئىچىدە تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغىنى مەسئۇت ئەپەندىنىڭ 1941-يىلى 27-مارت كۈنى، گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ چۇڭچىڭ شەھىرىدە ئېچىلغان 8-قۇرۇلتىيىدا سوزلىگەن نۇتقىدۇر.

(داۋامى بار).

ھۆۋۇللام گايتوۋ

قەيسەرلىك

باھار پەسلى،
گۈل- گىيالار ئېچىلغان گوزەل،
قېدىم غۇلجا بەك سولەتلىك بولار بۇ مەھەل.
دولقۇنلىرى ئۇركەش ياساپ ئاقاتتى ئىلى،
قۇشلارنىڭمۇ بۇ پەسلدە سايراتتى تىلى.

دەل -دەرەخلەر ئالا- يېشىل جالالار ئاسقان،
دەپ قالسەن كەشتىمۇ بۇ چېۋەر قول باسقان.
دەريانىڭ قوش قىرغاقلىرى بەئەينى گىلەم،
قول تۇتۇشۇپ ژۇرسەڭھوزۇردوستلىرىڭبىلەن.

بۇ شەھەرنى بىر كورۇشكە ئىنتىزار ھەممە،
ئات- ئۇلاقلار يولدا قاتتار، دەريادا كېمە.
قەشقەر،تۇرپان، ئاقسۇلۇقلار ئۇقاق ئارتىشىپ،
كېلەر توگە، ئات، خېچىرغا ژۈكلەر ئارتىشىپ.

سودىگەرلەر بەس- بەسلىشىپ ئالىشار بازار،
ھە، بەزىلەر تاۋاپ قىلىپ ئايلىنار مازار.
گوزەل شەھەر ئوتتۇرىسىدا بار ئىدى ساراي،
نامى ئۇنىڭ ئىدى ئەسلى «چوڭ قەشقەر
ساراي»،

ئۇندا دەڭلەر، دۇكاللارمۇ ئەمەس ئىدى ئاز،
كېچە-كۈندۈز قىلىشاتتى بەگلەر بەزمە-ساز.

تۈيۈقسىزلا بازار ئىچى بولدى پاي-پېتەك،
«ھاكىم بەگنىڭ بۇغراسى قويۇلۇپ كېتىپتەك».
دېگەن سوزنى ئاڭلىغانلار قېچىشتى ھەر يان،
ھەر كىم ئۇچۇن نەڭ كېرىگى ئەمەسمىدى،جان؟!

بىر بالىنى پۇتتا بېسىپ ئۆراتتى بۇغرا،
ھېچ كىم جۇرئەت قىلالماتتى كېلىشكە توغرا.

ۋاراڭ-چۇرۇڭ راسا قايناپ، باشلاندى چوقان،
سودىگەرلەر چوچۇپ دەرھال تاقاشتى دۇكان.
ئاھ، بالادىن قۇتۇلالماي زارلىنار گودەك،
چارە ئىزدەپ قايمۇقاتتى ئاتا پاي-پېتەك.

تۇيىنى يېرىپ چىقىپ كەلدى شۇ چاغ بىر ياش
مەرت،
باتۇرلارچە چامداتتى ئۇ كېلىشكەن قامەت.
ئۇنىڭ ياشار چامىسىدا بارمىكىن تايلىق،
ئاڭا ھەيران ئاغىز ئېچىپ قالدى خالايىق،

بىردىن ژىگىت كوپچىلىككە مۇراجەت قىلىپ،
دېدى«چاققان بىر ئاغارنى كېلىڭلار ئېلىپ»،
ئالدىن ئالا-يېشىل لاتا ئويناتتى سىلكىپ،
بۇغرا ئاڭا ئەگىشەتتى قىزىقىپ، سىلجىپ.
ماڭدى ئىككى ئۇچ قەدەمچە بۇغرا يورغىلاپ،
ئارقىسىدىن ئۇ قەيسەرنىڭ كەتتى ھەم قوغلاپ.
قەيسەر شۇندا ئايىغىغا ئايىنىپ ئېلىپ،
بىرلا سەكرەپ بۇغرالى تېز ئالغاندى مىنىپ،
چاقماق كەبى تېزلىكتە ئۇ ئاغارنى ئالدى،

ھايال ئوتمەي ئۇ بۇغرالىڭ بېشىغا سالدى.
ئاغار بۇغرا بېشىغا ئاندا كىيىلگەچ،
قالدى قەدەم باسالماستىن مەڭدەپ تېنىگەچ.

خەلىق ھەيران «ئېتىڭ نېمە؟» دەپ سورار
ئاندىن،
قەيسەر ئوزى سەل قىزاردى بۇ شەرەپ -
شاندىن.
ئوغلىن ساقلاپ قالغان قەيسەر ئۇچۇن دەپ
سوغا،

ئاتا باشلاپ كىردى ئۇنى سودا ئورنىغا،
بەگ پۇلىنى ئالمىدى ئۇ، كىيىمنى ھەم،
سوغا ئۇچۇن ئېلىشتىمۇ باركەن ئۇندا پەم.
بىر كاللەك رۇس قەلتىنى ئۇ ئالدى دەپ
«رەخمەت»،
«ئېتىم سادىر، ھە ئاتامنىڭ ئېتى خۇش
ئەخمەت».
ئۇ ئالغان بىر كاللەك ئورۇس قەلتى سوغا دەپ،
ئەشۇ قەنتتەك ئاپپاق ئىدى سادىردا نىيەت...

مەكتەپنىڭ يېڭى نامى

ھەر بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى،
تىلىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش، ئۇلار-
نىڭ مىللىي مەنپىيەتلىرىنى ھىمايە قى-
لىشتا يارىتىلىۋاتقان مۇمكىنچىلىكلەر
ئۇيەيلى كېيىنكى ژىللاردا ئانا تىلىمىز
دىكى مەكتەپلەر سانى كوپەيمەكتە.
شۇ قاتارىدا ئوتكەنكى ئوقۇش ژىلى-
نىڭ بېشىدا ئالمۇتا شەھرىدىكى زارە
ۋوستوكا مەھەللىسى رۇس ئوتتۇرا
مەكتىۋى يېنىدىكى ئۇيغۇر سىنىپلىرى
ئاھالىنىڭ تەلەپلىرى،جۇمھۇرىيەتلىك،
شەھەرلىك ۋە مەھەللىدىكى ئۇيغۇر مە
دەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ كۈچ چىقى-
رىشى بىلەن باشقا بېناغا مۇستەقىل
ئۇيغۇر مەكتىۋى بولۇپ بولۇنۇپ
چىققان ئىدى.

بىيىلقى ئوقۇش ژىلىنىڭ بېشىدا،
31-ئاۋغۇست كۈنى ئۇيغۇر مەكتىۋى-
نىڭ رەسمىي ئۇردىكى ئېچىلىش مەرا
سىمى ۋە ئۇنىڭغا ئاتاقلىق ئالىم، پې-
داگوگ مۇرات ھەمرايېۋنىڭ نامىنى
بېرىش تەنتەنىسى بولۇپ ئوتتى.

تەرەپ- تەرەپتىن خۇش كەيپىيا-
تا ژىغىلىۋاتقان كىچىك- چوڭ مەھەل-
لە ئاھالىسى، قوللىرىغا دەستە- دەس-
تە گۈللەر تۇتۇپ، بىرىنچى قوڭغۇ-
راق دەقىقىلىرىگە سەپ بولۇشۇپ
تۇرغان ئوقۇغۇچىلار، مۇئەللىملەر بى-
لەن مەكتەپ مەيدانى بايراملىق تۈس
ئالدى.

ئەۋېزوۋ ناھىيەسىدىكى سوۋېت،
پارتىيە ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇل خادىم-
لىرى، ئانا تىلىمىزدا چىقىۋاتقان گېزىت-
لىرىمىز ۋە جۇمھۇرىيەتلىك، شەھەر-
لىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرى-
نىڭ ۋەكىللىرى، پايتەخت ئالىي ئو-
قۇش ئورۇنلىرىدىن كەلگەن كورنەك-
لىك ئالىملار، م. ھەمرايېۋنىڭ ئۇرۇق
-تۇققان، قېرىنداشلىرى قاتناشقان بۇ
تەنتەنىنى مەكتەپ مۇئەللىملىرى ۋە
ئاتا-ئانىلار كېڭىشىنىڭ رەئىسى م.
ئەخمەتوۋ ئېچىپ، ئۇيغۇر مەكتىۋى-
نىڭ ئېچىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئوتكۇ-
زۇلۇۋاتقان بۇ چارە- تەدبىرنىڭ ئا-
لاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى
تەكىتلەپ، ژىغىن قاتناشچىلىرىنى بۇ
خوشاللىق بىلەن تەبرىكلىدى.

- مەھەللىمىزدە مۇستەقىل ئۇي-
غۇر مەكتىۋىنى ئېچىش مەخسىتىدە
كوپ ژىللاردىن بېرى ژۇقۇرى ئورۇن-
لارغا مۇراجەت قىلىپ كەلگەن بول-
ساقمۇ، قايتا قۇرۇش شاراپىتىدىن ئۇ
ئارمان ئەندىلا ئەمەلگە ئاشتى،- دەپ
سوزىنى باشلىدى نۆۋەتتە سوزگە
چىققان يۇرت موتىۋەرى، زارە- ۋوس-
توكا مەھەللىسىنىڭ ژىگىت بېشى ئا.
خەيرېيېۋ.- شۇندىمۇ بۇ ئوڭايلىق
بىلەن ھەل قىلىنغىنى يوق. ئۇنىڭ ئۇ-
چۇن كوپلىگەن قارشىلىقلارنى، قىيىن-
چىلىقلارنى يېڭىشقا توغرا كەلدى. مە
ھەللىمىز ئاھالىسىنىڭ مۇئەللىملەر بى-
دى ۋە ماددىي قىيىنچىلىقلىرىنى قىس
مەن ھەل قىلىشتا ئالمۇتا شەھرىدى-
كى ئاسفالت- بېتون زاۋۇدىنىڭ باش
دىرېكتورى گ. ئىسلاموۋ، تاش مەھ-
سۇلاتلىرى ئىشلەپ چىقىرىش مەھكىمە-
سىنىڭ باشلىقى ئە. شەردىنوۋ ۋە مەك
تەپ ئىشىغا ماددىي ياردەم كورسەت-

لەن بىرلىكتە جىددىي تەلەپ بىلدۈ-
رۇشى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركەز-
لىرىنىڭ بۇ ئىشتا يېقىندىن ياردەم
كورسىتىشى ئەتىجىسىدىلا تىلىگىمىز
ھەل قىلىندى. نۆۋەتتە بىز مەكتىۋى-
مىزگە خەلقىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر پەر-
زەنتلىرىنىڭ بىرى -مۇرات ھەمرايېۋ-
نىڭ نامىنى بېرىش قارارىغا كەلدۇق.
ئۇنىڭدىن كېيىنكى سوزگە چىققان-
لاردىن جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدە
نىيەت مەركىزىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى
ھ. مەشۇروۋ مەكتەپنىڭ ئېچىلىشىدا
يېزا ئاھالىسىنىڭ ئاھايىتى چوڭ ئاك-
تىۋلىق كورسەتكەنلىكىگە مىننەتدار-
لىغىنى ئىزھار قىلغان بولسا، مەكتەپ
مۇدىرى م. زايىتوۋ بۇ يېڭى ئېچىل-
غان مەكتەپتىكى ئوقۇتۇش، تەربىيە
ئىشلىرىنىڭ كېتىپ بېرىشى، كەلگۈ-
سىدە مەكتەپ پېداگوگلار كوللېكتى-
ۋى تەرىپىدىن ھەل قىلىنىشقا تېگىش-
لىك مەسىلىلەر، جۈملىدىن ئۇ يەردى-
كى رۇس مەكتىۋىدە ئوقۇۋاتقان با-
لىلارنىڭ ئوز ئوقۇشلىرىنى ئۇيغۇر
تىلىدا داۋاملاشتۇرۇش خاھىشىنى بىل-
دۇرۇپ، ئۇيغۇر مەكتىۋىگە يوتكىلى-
شى ئەتىجىسىدە بالىلار سانى بارغان-
سىرى كوپىيىپ، مەكتەپ بېناسىنىڭ
تارلىق قىلىۋاتقانلىغىنى بىلدۈردى. يې-
ڭى ئېچىلغان بۇ مەكتەپنىڭ ئىختىسا-
كەن باشقىمۇ كىشىلەر نامىغا مەك-
تەپ كوللېكتىۋىنىڭ تەشەككۇرىنى
ئىزھار قىلدى.
«ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ باش
مۇھەررىرى ي. ئازاماتوۋ مەھەللە
ئاھالىسىنى مۇستەقىل ئۇيغۇر مەك-
تىۋى ئېچىش شەرىپىگە ئىگە بولغان-
لىغى بىلەن تەبرىكلەپ، ئۇنىڭغا ئاتاق-
لىق ئالىم، پروفېسسور مۇرات ھەم-
رايېۋنىڭ نامىنىڭ بېرىلىشىنى ئالقىش-
لىدى. ئۇ سوزىنىڭ داۋامىدا مەھەللە
ئاھالىسى، مۇئەللىملەر ئوقۇغۇچىلار
كوللېكتىۋىنىڭ ئانا تىلىمىزدا چىقىۋات-
قان «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى ھا
يات» گېزىتلىرىنىڭ پائالىيىتىگە يېقىن-
دىن ئارىلىشىپ، ئۇلارغا مۇشتىرى بو
لۇشقا چاقىردى.
شەھەرلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەر
كىزىنىڭ رەئىسى، يازغۇچى تۇرغان
توختەموۋ مەركەز پائالىيىتىدىكى ئەڭ
ئاساسىي ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى مىللىي
مائارىپىمىزنى يۈكسەلدۈرۈش، جۈم-
لىدىن ئانا تىلىمىزدىكى مەكتەپلەرنى
ئېچىشقا قارىتىلغانلىغى، زارە- ۋوس-
توكا مەھەللىسىدە مۇستەقىل ئۇيغۇر
ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ بارلىققا كېلىشى
ئەشۇ يونىلىشتىكى چوڭ مۇۋاپپەقى-
يەتلەرنىڭ بىرى بولغانلىغىنى ئاتاپ
ئوتتى. ئۇ مەكتەپنىڭ ماددىي تېخنى-
كىلىق بازىسىنى ياخشىلاشقا ياردەم
رېتىدە شەھەرلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت
مەركىزى مەبلىغىدىن مىڭ سوم سوغا
قىلدى.
مەراسىم تەنتەنىسىدە سوزگە چىق
قان فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى،
پروفېسسور ت. كەكشىيېۋ، فىلوسو-
فىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى د. سىگىز-
بايېۋ، ۋە باشقا ئالىم، يازغۇچى- شا
ئىرلار مۇرات ھەمرايېۋنىڭ قىسقا،
لېكىن مەزمۇنلۇق ئوتكەن ھاياتىدا پۇت
كۇل ئىستىپاق ۋە دۇنيا مىقياسىدا تو
نۇلغان ئالىم دەرىجىسىگە كوتىرىلگەن-
لىكى، ئۇنىڭ يۈكسەك تالانتلىق، ھە-
قىقىي ئىنسان رېتىدىكى ئىزگۈخىسلەت
لىرى ھەققىدىكى خاتىرىلىرىنى ئېيتىش
تى.
مەراسىمغا قاتناشقان م. ھەمرايېۋ
نىڭ ئانىسى بەشارەت ھەدە ۋە باش-
قىمۇ قومى -قېرىنداش، ئۇرۇق- تۇق
قانلىرى نامىدىن سوزلىگەن سىڭلىسى
سائادەت يولداشخاجيېۋا مەھەللە
جامائەتچىلىگى ۋە پېداگوگلار كوللېك
تىۋىنىڭ ئوزلىرى ئۇچۇن قەدىرلىك
بولغان ئاكىسىنىڭ نامىنى بۇ مەكتەپ-
كە قويۇش قارارىغا كەلگەنلىكىگە مىن
نەتدارلىغىنى بايان قىلدى.
ئالمۇتا شەھرىنىڭ 44- مەكتىۋى-
دىن تەبرىكلەشكە كەلگەن ئوقۇغۇچى-

لار ۋە مەھەللە سەنئەت ھەۋەسكارلى-
رى ئومىگى تەرىپىدىن ئورۇنلانغان
كونسېرت نومېرلىرى مەراسىم تەنتە-
نىسىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ
قاتناشچىلىرىغا ئۇستۇن روھى كەيپ-
يات بېغىشلىدى.

س. ئىسكەندەروۋ.

سۈرەتلەردە: تەنتەنە پەيتلىرىدىن
كورۇنۇشلەر.
ي. ئارزىيېۋنىڭ سۈرەتلىرى.

«دەققى يۈنۈستىن قالغان»

خەلقىمىزدە كونىرىغان، ئەمەلدە
ئىشلىتىلمەيدىغان، ھازىرقى دەۋىر ئۇ
چۇن غەيرىي- تەبىي بولۇپ قال-
غان ئەرسىلەرنى «دەققى يۈنۈستىن
قالغان» دەپ تەرىپلىشىدۇ. ھەتتا ئە
سىرىمىز بېشىدا قوللىنىلغان تەڭگە
(ياماق)، پەرەنجە، كەشە، ساپان نو
خشاش ئەرسىلەرنىمۇ «دەققى يۈنۈ
ستىن قالغان» ئەرسىلەر دېيىشىدۇ.
خوش، مەزكۇر ئىبارە تىلىمىزغا قە
يەردىن، قانداق كىرىپ قالغان، دەققى
يۈنۈس دېگەن كىم؟

ئەڭ قېدىمىي زامانلاردا دەققى يۈ
نۈس دېگەن پادىشا ئوتكەن ئىكەن. ئۇ
تولىمۇ زالىم بولۇپ، خەلقنى ئې-
زىشنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن.
دەققى يۈنۈسنىڭ كوز كورۇپ،
قۇلاق ئاڭلىمىغان زۇلۇمى ۋە زوراۋاد
لىقىدىن تويۇپ كەتكەن بىر توپ كى
شىلەر شەھەردىن قېچىپ چىقىپ، بىر
تاغنىڭ غارىغا يوشۇرۇنۇپتۇ. ھېرىپ
چارچىغان بۇ ئادەملەر غاردا ئېغىر
ئۇيقىغا كېتىپ، ئۇيغانغانلىرىدا قارى
سا، قوساقلىرى راسا ئېچىپ كېتىپ-
تەك. ئۇلار ئوز ئارا مەسلىھەتلى-
شىپ، شېرىكلىرىدىن بىرىنى شەھەرگە
نان ئەكىلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ئۇ نان ئا
لاي دەپ پۇل بەرسە ئاۋاي كوت-
مەسمىش. ئۇلار بىر-بىرىگە تىلىنى
چۈشەندۈرەلمەي، ئاخىرى تىلماچ چا
قىرىشقا مەجبۇر بوپتۇ. تىلماچ دەق
قى يۈنۈسنىڭ ئولگىنىگە 300 ژىل
بولغانلىغىنى، نان ھەققى ئۇچۇن بەر
مەكچى بولغان پۇلى دەققى يۈنۈس
تىن قالغانلىغىنى ۋە ھازىر ئۇ پۇل-
نىڭ ئوتمەيدىغانلىغىنى ئېيتىپتۇ.
مەلۇم بولۇشىچە، غارغا يوشۇ-
رۇنغان كىشىلەرمۇ 300 ژىل ئۇخلاپ
تۇرغانىمىش. «دەققى يۈنۈستىن قا-
لغان» دېگەن سوز ئەينە شۇنىڭدىن
بۇيان ئىشلىتىلىپ كېلەرمىش.

مۇھەررىر ئا. قاسىموۋ

يېڭى ھايات
ئالمۇتا، 480044
ئېپەك يولى كوچىسى،
50-ئوي 8-قەۋەت

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى:
قازاقىستان س س ج مىنىسترلار
كابىنېتى.

گېزىت ئوفسېت ئۇسۇلى بىلەن
بېسىلدى. بىر باسما تاۋاق.

تېلېفونلار: مۇھەررىر-69-86-33،مەسئۇل كا-
تىپ-50-86-33، سەياسىي-ئىجتىمائىي بولۇم
81- 86-33، ئىختىسات بولۇمى-06-86-33،
ئەدەبىيات بولۇمى- 27-86-33، مەدەنىيەت
بولۇمى- 01-92- 33.

زاكاز (3439) تىراژ 8250

«Йеңи хаят» («Новая жизнь») индекс 65359, приложение Республиканской Социально-политической газеты на уйгурском языке «Уйгур авази», выходит — по вторникам, четвергам и субботам.
Газета отпечатана в типографии газетно-журнального Издательства.
г. Алма-Ата, 480044 пр. Ленин 2/4.

ПОГ-60

ئاتا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى -روھۇڭ سامان بولماس.

يېڭى ھايات

1991 يىل 10 سېنتەبىر سېيشەنبە №108 (3039)
باھاسى 4 تىيىن

گېزىت 1970-يىلى 1-يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ. ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم سېيشەنبە، پەيشەنبە شەنبە كۈنلىرى چىقىدۇ.

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي-سەياسىي گېزىت «ئۇيغۇر ئاۋازى»نىڭ قوشۇمچىسى.

تاس س، فرانس پرېسس، ئاپ، رېيتېر ئاگېنتلىقلىرىنىڭ خەۋەرلىرى

س س ج ئى پرېزىدېنتى م. گورباچېۋ برەنسكى ۋىلايىتىدە چېرنوبىل ھالاكىتىدىن زىيانغا ئۇچرىغانلارغا ياردەمگە 100 مىڭ دوللارغا چېك بېرىش توغرىلىق بۇيرۇق چىقاردى.

* * *

مەركىزىي سايلام كومىسسىيەسى ئۇكرائىنا پرېزىدېنتى لاۋازىمىغا 21 نامزاتقا گۇۋانامە بەردى.

پەرەز قىلىنىشىغا قارىغاندا، ئۇكرائىنا پارلامېنتىنىڭ ھازىرقى باشلىقى لېونىد كراۋچۇك ۋە خەلق دېپۇتاتلىرى لۋوۋ ۋىلايەتلىك كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋەچېسلاۋ چورنوۋىل ئوتتۇرىسىدا ئاساسىي كۈرەش بولىدۇ.

ئۇكرائىنا پرېزىدېنتىنىڭ سايلىمى 1991-يىلى 1-دېكابىر كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

* * *

گرۇزىيە س س ج ئى بىلەن بارلىق رەسمىي مۇناسىۋەتلىرىنى توختىتىدۇ.

بۇ توغرىلىق ژۇرنالىستلارغا گرۇزىيە ئالىي كېڭىشىنىڭ رەئىسى ئاكاكىي ئاساتىانى بىلدۈردى، ئۇ موسكۋادا بولۇپ ئۆتكەن دۆلەت كېڭىشىنىڭ 1-مەجلىسىدە بايقىغۇچى سۈپىتىدە ئىشتىراك قىلغان ئىدى. مۇنداق مەۋقەنى ئۇ دۆلەت كېڭىشى پرىبالتىكا دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىكىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، گرۇزىيەنىڭ مۇستەقىللىكىنى ئېتىراپ قىلىش توغرىلىق مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلمىغانلىقى بىلەن چۈشەندۈردى. مۇنداق شارائىتتا، دەپ تەكىتلىدى ئۇ، گرۇزىيە باشقا جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي كېلىشىمنى ئىمزالىمايدۇ، ئەندى مۇداپىئە ئىتتىپاقى توغرىلىق «سۆزنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس».

ئەتىمالىم، گرۇزىيە ئىشىغا قاتنىشىشى مۇمكىن بولغان بىردىن-بىر ئىتتىپاق سترۇكتۇرىسى- بۇ خەلق ئىگىلىكىنى ئوپېراتىۋ باشقۇرۇش بويىچە كومىتېت، لېكىن 6-سېنتەبىر كۈنى گرۇزىيە ۋەكىلى ئۇ يەردىن چاقىرتىپ ئېلىندى.

* * *

ئۆزبەكىستان پرېزىدېنتى ئىسلام كەرىموۋ مۇداپىئە ئىشلىرى بويىچە مىنىستىرلىق قۇرۇش توغرىلىق پەرمان چىقاردى.

پەرماندا تەكىتلىنىشىگە قارىغاندا، ئۇ «ئۆزبەكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت سۇۋېرېنىتېتىنى، پۇقرالارنىڭ كونستىتۇتسىيون ھوقۇقلىرىنى ۋە ئەركىنلىكلىرىنى ھەم تەۋەلىك پۈتۈنلۈكىنى ھىمايە قىلىش مەخسىتىدە» چىقىرىلغان. ئۆزبەكىستاننىڭ مۇداپىئە ئىشلىرى بويىچە مىنىستىرلىك قارمىقىدا، جۈملىدىن، جۇمھۇرىيەتتە قۇرۇلۇۋاتقان مىللىي گۋاردىيە بولىدۇ.

* * *

ئالمۇتا ۋە يېرېۋاندىن «ئىزۋېستىيە» گېزىتىنىڭ مۇخبىرلىرى قازاقىستان ۋە ئەرمەنىستان كومپارتىيەلىرىنىڭ موجۇت بولۇشتىن قالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

ئالمۇتىدا قازاقىستان كومپارتىيەسىنىڭ نۆۋەتتىن تاشقىرى پەۋقۇلاددە سېيىزىدا ئۇزاق تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن كومپارتىيەنى قازاقىستان سوتسىيالىستىك پارتىيەسى (ق س پ) قىلىپ ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى. ق س پ ئۆزىنى قازاقىستان كومپارتىيەسىنىڭ ھەقىقىي ۋارىسى دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ پروگراممىلىق بىلدۈرىشىدە سوتسىيالىزمنىڭ ئىلمىي ئىدېيەسىگە ۋارىس ئىكەنلىكىنى جاكالىدى.

سېيىزد دېلېگاتلىرى ئالدىدا سۆزگە چىققان قازاقىستان پرېزىدېنتى ن. نازارباييېۋ پارتىيەگە رەھبەرلىك قىلىشنى نىيىتىدە ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ پىكرىچە، پرېزىدېنت ھېچقانداق سەياسىي پارتىيەدە بولماسلىقى كېرەك.

ئەرمەنىستاندا جۇمھۇرىيەت كوممۇنىستلىرى سېيىزى دېلېگاتلىرىنىڭ كۆپچىلىكى كومپارتىيەنىڭ پائالىيىتىنى توختىتىش ئۈچۈن ئاۋاز بەرگەندىن كېيىن، سوتسىيال-دېموكراتىك پىكىردىكى يېڭى پارتىيە قۇرۇش بويىچە تەشكىلىي كومىتېت ئۇيۇشتۇرۇلدى. دېلېگاتلارنىڭ يەنە بىر قىسمى پارتىيە سترۇكتۇرىلىرىنى قايتا تەشكىل قىلىش ۋە كومپارتىيەنى يېڭى تۈردە رويخەتكە ئېلىش ئۈچۈن پىكىر قىلدى.

* * *

س س ج ئى پرېزىدېنتى م. گورباچېۋنىڭ پەرمانى بىلەن س س ج ئى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىگە بىرلەشكەن كومپلېكسلىق پروگراممىلارنى تۈزۈپ چىقىش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاساسىدا جۇمھۇرىيەتلەر ئارا مەدەنىي ئالاقىلارنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى يۈكلەندى.

س س ج ئى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ھوزۇرىدا جۇمھۇرىيەتلەر مەدەنىيەت مىنىستىرلىرىنىڭ كېڭىشى قۇرۇلىدۇ. س س ج ئى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ھوزۇرىدا مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش فوندىغا بيۇدجېت مەبلەغلىرىنى ئاجرىتىش كۆزدە تۇتۇلىدى. پرېزىدېنت نىكولاي نىكولايېۋىچ گۇبېنكونى س س ج ئى مەدەنىيەت مىنىستىرى قىلىپ تايىنلىدى.

* * *

ئىلگىرى ئۆزئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىشىش كېڭىشىنىڭ ئەزالىرى بولغان چېخوسلوۋاكىيە، ۋېنگرىيە ۋە پولشا يېڭى سەياسىي ئىقتىسادىي سترۇكتۇرىنى قۇرۇشى مۇمكىن.

بۇ توغرىلىق چ س ف ج تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لىسابوندا بولغان مەتبۇئات كونفېرېنسىيەسىدە بىلدۈردى. بۇ مەملىكەتلەردىكى ئىچكى شارائىت ھەر خىل بولۇشىغا قارىماي، ئۇلارنى كۆپ جەھەتتىن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن، ئەندى بۇ بولسا، مەلۇم ساھالاردا ئۆز ئارا ھەرىكەت قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئېھتىمالىنى رىياللىققا ئايلاندۇرىدۇ، دەپ تەكىتلىدى مىنىستىر.

* * *

كخدج لىتۋا، لاتۋىيە ۋە ئېستونىيەنىڭ مۇستەقىللىكىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلدى، دېيىلىدۇ پخېنياندا تارقىتىلغان شىمالىي كورېيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋەكىلىنىڭ مەتبۇئات ئۈچۈن قىلغان بىلدۈرۈشىدە.

* * *

لاتۋىيە مۈلۈكنى قايتۇرماقتا

لاتۋىيەنىڭ ئالىي كېڭىشى 1940-يىلى لاتۋىيە جۇمھۇرىيىتى ئاننېكسىيە قىلىنغاندىن كېيىن قانۇنسىز تارتىۋېلىنغان جۇمھۇرىيەت تەۋەسىدىكى چەت دۆلەتلەرنىڭ مۈلكىگە بولغان ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشنى توختام قىلدى.

چەت دۆلەتلەر لاتۋىيە بىلەن دېپلوماتىك كونسۇللۇق مۇناسىۋەتلىرىنى ئەكسىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۆز ئەلچىخانىلىرىنىڭ ۋە كونسۇلخانىلىرىنىڭ ھەم تەۋەلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشى مۇمكىن.

خەلق ئارا ھوقۇق پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان ھالدا، لاتۋىيە ئالىي كېڭىشى لاتۋىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۈلكى توغرىلىق باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھېچقانداق كېلىشىملىرىنى ئېتىراپ قىلماسلىقنى توختام قىلدى.

ھۆكۈمەتكە چەت دۆلەتلەردىكى لاتۋىيەنىڭ مۈلكىنى، ئۇنىڭ يەرلىك شەخسلىرىنى ئېنىقلاش ھەم ئۇلارنى قايتۇرۇۋېلىش بويىچە چارىلەرنى كۆرۈش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى.

يېڭى ئۇسۇل جارىي قىلىنماقتا

ئالمۇتا شەھىرىدىكى س س ج ئى ئامانەت بانكىلىرى سىستېمىسىدا ئىگىلىك ھېساپ ۋە ئۆزىنى ئۆزى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ئۇسۇلى كەڭ جارىي قىلىنماقتا.

ئۆتكەن يىلىنىڭ يەكۈنى شۇنى كۆرسەتتىكى، مەزكۇر ئۇسۇل شەھەر ئامانەت بانكىلىرى بويىچە ئالاھىدە ئىجابىي ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلماقتا. بۇ ئۇسۇلنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدىۋىلەن ئىگىلىك ھېساپ توغرىلىق كەڭ كۆلەمدە مۇھاكىمە قىلىنىپ، تەييارلىق ئىشلىرى ژۈرگۈزۈلدى. شۇنداقلا پۇل ئېلىش ۋە قوبۇش ئوپېراتسىيەلىرى، ھەر بىر خادىمنىڭ ئىشلەش مۇمكىنچىلىكى ۋە ئامانەت بانكا شۆبىلىرىنىڭ رېنتابىللىقى چوڭقۇر تەكشۈرۈلدى.

شەھەردىكى يەتتە ئامانەت بانكا ۋە ئۇنىڭ 93 شۆبىسى ئاھالىغا خىزمەت قىلىشتا بىرگادىلىق بولاۋېلىشقا كۆچتى. بۇ ئۇسۇل خادىملارنىڭ مەنپىيەتدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۆز ئىشىغا بولغان جاۋاپكەرلىكىنى كۈچەيتتى. ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 25 پروتسېنت ئاشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە س. بايمۇلدىنا رەھبەرلىكىدىكى فرۇنزې، ك. سىردالىيېۋ رەھبەرلىكىدىكى ئوكتەبىر، ئا. كېمبلباييېۋ رەھبەرلىكىدىكى كالىنىن، گ. كابدىيېۋا رەھبەرلىكىدىكى ئەۋېزوۋ ناھىيەلىرىدىكى ئامانەت بانكىلىرىنىڭ ئىشىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئامانەت بانكىلىرىدا ئىگىلىك ھېساپنى ئۆگىنىش ۋە جارىي قىلىش بويىچە شەھەرلىك باشقارما يېنىدا كوئوردىناتسىيەلىك كېڭەش قۇرۇلغان. ئۇنىڭ تەركىۋىدە ئالتە ئادەم بولۇپ، ئۇنى لېنىن ناھىيەلىك ئامانەت بانكىسىنىڭ باشلىقى ن. تابۇلتايېۋ باشقۇرىدۇ. مەزكۇر كېڭەشتە شەھەردىكى ئامانەت بانكىلىرىنىڭ جاۋاپكەر خادىملىرى س س ج ئى قانۇنلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋە ئىگىلىك ھېساپنىڭ تەرەققىي قىلىشى توغرىلىق لېكسىيەلەرنى ئىگىلەپ، تەجرىبىدىن ئۆتىدۇ.

قايتا قۇرۇش شارائىتىدا س س ج ئى ئامانەت بانكىسى شەھەرلىك باشقارمىسىنىڭ ئىش ستىل-مېتودلىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلدى. بىرىنچى نۆۋەتتە شەھەردىكى ئامانەت بانكىلىرى خادىملىرىنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتىنى ياخشىلاشقا توغرا كەلدى. ئەتىجىدە كېيىنكى ئىككى-ئۈچ يىلدا يەرلىك سوۋېتلەر تەرىپىدىن مەخسۇس جىھازلار بىلەن جابدۇلغان 20 خىزمەت بۆلۈملىرى ئاجرىتىلدى. مەدەنىي-ئىجتىمائىي چارە-تەدبىرلەر ئۈچۈن 5 مىڭ سوم خىراجەت قىلىندى. 100دىن ئوشۇق ئامانەت بانكا خادىملىرىغا ساناتورىيە ۋە كۇرورتلارغا يوللانما بېرىلدى.

«ئاق بۇلاق» پانسىوناتىدا دەم ئېلىش كۈنلىرى بالا-چاقىسى بىلەن دەم ئېلىش مەسىلىسى ھەل قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. قاپچىغايدىكى دەم ئېلىش ئۆيىدە ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئادەم دەم ئېلىپ كەلدى. ئامانەت بانكا خادىملىرى ئۈچۈن س س ج ئى ئامانەت بانكىسى قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك باشقارمىسى تۆرت كۋارتىرا بەردى. شۇنداقلا ئالمۇتا ئاماكا كومبىناتى ۋە تۆمۈر يول باشقارمىسى بىلەن ئۆي بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى توغرىلىق شەرتنامە تۈزۈلدى. شەھەرلىك ئامانەت بانكا باشقارمىسى 900 مىڭ سوم تۇرۇشلۇق ئۆي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاجراتتى.

بۇ كۈنلەردە شەھەردىكى ئامانەت بانكىسى سىستېمىسىدا ھەر مىللەت ۋەكىللىرىدىن تەركىپ تاپقان ژۇقۇرى مەلىكىلىك مۇتەخەسسىسلەر ئىشلەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ياشلارغا ئۆگەتمەكتە. مەسىلەن، ئەۋېزوۋ ناھىيەسىدىكى ئامانەت بانكىسىنىڭ باش بۇغالتېرى- ت. لوبانوۋا (رۇس)، شەھەرلىك ئامانەت بانكىسى باشقارمىسىدا- ي. ئىتكىباييېۋا (قازاق)، بۇغالتېر ئىنسپېكتور- ن. مۇساييېۋا (ئۇيغۇر)، باشقارما باشلىقىنىڭ ئورۇنباسارى- ل. كىم (كورېيس)، باشقارمىنىڭ چوڭ مۇتەخەسسىسى- ش. بوساقوۋ (ئۇيغۇر) ۋە باشقىلار شۇلار جۈملىسىدىندۇر. ئۇلار بۇ سىستېمىدا 25 يىلدىن كۆپرەك ئىشلەپ كەلمەكتە. ھازىر ئۇلار 40 پروتسېنت كومپېنساتسىيە ئۈستىدە ئىشلىمەكتە. بۇ، ئەلۋەتتە، ئاھايىتى مۈرەككەپ ئىش. بىر مىللىوندىن كۆپرەك ئامانەت قويغۇچىنىڭ ھېساۋىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قاراپ چىقىش ئاسان ئەمەس، ئەلۋەتتە.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئامانەت بانكىسى كوللېكتىۋى ئارىسىدا مىللەتلەر مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىلمەكتە. بۇ ئىش بابىدىكى ئىنسانىي مۇناسىۋەت ۋە ئەخلاقىي-مەنىۋىي ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىغا ياردەم بەرمەكتە.

ك. ئوتارباييېۋ،
ئالمۇتا شەھەرلىك ئامانەت بانكىسى باشقارمىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقى.





قاراغاندا مېتاللۇرگىيە كومبىناتىنىڭ ئاق قاڭالتىر سېخىغا ئوت كەتكەندىن كېيىن ئۈچ ئاي ئۆتتى. بۇ ئاپەتكە قارشى ئېلىمىزنىڭ ئۇرغۇلىغان ئەمگەك كوللېكتىۋلىرى ياردەم قوللىرىنى سۇنۇلدى. ئاپەت ئاقىۋەتلىرىنى يوق قىلىش فوندىنىڭ سچيوتىغا 14 مىللىون سومدىن ئوشۇق ئاخچا چۈشتى. ھازىر ئەكسىگە كەلتۈرۈش ئىشلىرى ژۈرگۈزۈلۈۋاتىدۇ.

سۈرەتلەردە: 1. ئاكا-ئۇكا ۋادىم ۋە مىخائىل كوخارېنكولار موشۇ سېختا ئىشلەيدۇ. 2. ئاق قاڭالتىر ئىشلەپ چىقىرىش سېخىدا.

(قازتاگ).

ياخشى كىشىلەر يېنىمىزدا

ئەمگەك بىلەن ئۆتكەن ھايات

يۇرت ئىچىدە شۇنداق ئادەملەر-مۇ بولىدىكى، كۆكرىكى ئوردېن — مېداللار بىلەن تولغان بولمىسىمۇ، ھاياتىنىڭ شەرەپلىك يولىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى ئۇزىنىڭ سالاپىتىدىن ھەتتا چىرايىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. كام سۆز، ئويچان ۋە ئېغىر بېسىقلىقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ھاكىم ئاكا سادىقوۋمۇ يۇرتىمىزدىكى ئەينە شۇنداق ئاددىي ۋە ھۆرمەتلىك ئادەملىرىمىزنىڭ بىرىدۇر.

ئەسلىدە تاشكەنبايساز يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ توققۇزتارا ناھىيەسىدە ئۆتكۈزگەن ھاكىم ئاكا ئائىلىدىكى بالىلارنىڭ چوڭى بولغاچقىمۇ ئەمگەككە ياش ئارىلىشىپ، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق — چۈچۈكىنى كۆرۈپ ئۆستى. ئۇ 1955-يىلى ئائىلىسى بىلەن سوۋېت ئېلىگە كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن، بىر نەچچە يىل تۈرلۈك ئىشلاردا ئىشلەپ يۈرۈپ، ئاندىن ھازىر ئۆزى ياشاۋاتقان دىرۇژبا مەھەللىسىگە تۇراقلىق ئورۇنلىشىپ قالغان ئىدى. ئاقساي سوت ۋە كۆكتاتچىلىق سوۋخوزىدا كوللېكتىۋنىڭ تاپشۇرغان ھەر قانداق ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ ئورۇنلاپ كەلگەن ھاكىم ئاكا كۆپ ئۆتمەي ئىلغارلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ ئۆز ياشلىقىنىڭ جاپالىق ئەمگەكتە ئۆتكەنلىكى تۈپەيلى، بىلىم ئېلىپ، بىرەر زامانىۋى ھۈنەر، كەسىپ ئىگەللەشكە مۇيەسسەر بولالمىغانلىقىنى ئېچىنىش بىلەن ئەسلەيتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىنى ياخشى ئوقۇتۇپ، بىلىملىك، ھۈنەر، كەسىپلىك قىلىپ چىقىش ئۈچۈن جان دىلى بىلەن تىرىشتى. بالىلىرىغا ياخشى غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلارنىڭ كام-كۈتىسىز ئوسۇشىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئېغىر بولسىمۇ ئىش ھەققى يۇقۇرى ئىشلارنى قىلىپ، ئائىلىسىنى ھالال ئەم-



گەك بىلەن بېقىشتىن باش تارتماي كەلدى. شۇ مەخسەت بىلەن ئۇ 1963-يىلى ئالمۇتا پاختا-رەختلىرى كومبىناتىغا ئىشقا كىرىپ، يۈك توشۇغۇچىلار بىرىگادىسىدا ئەمگەك قىلىشقا باشلىدى. بالىلىرىنىڭ چوڭى ئۇرجامال مانا بىر قانچە يىللاردىن بېرى دىرۇژبا مەھەللىسىدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىدە ياشلارغا تەلىم-تەربىيە بېرىشتەك ئۇلۇغ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كەلمەكتە. چوڭنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭغان كېيىنكى بەش پەرزەندىمۇ ياخشى كەسىپلەرنى ئىگىلەپ، ھازىرقى كۈندە خەلق ئىگىلىگىنىڭ تۈرلۈك ساھالىرىدا ئەمگەك قىلىۋاتىدۇ.

يىللار ئۆتتۈەردى. ھاكىم ئاكىنىڭ پاختا-رەختلىرى كومبىناتىدا ئىشلەۋاتقىنىغا 28 يىل بولدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئىشلىگەن يۈك توشۇغۇچىلار بىرىگادىسى ھەر دايىم ئايلىق، مەۋسۇملۇق ۋە يىللىق پىلانلارنى 130—150 پىروتسېنتقا يەتكۈزۈپ ئورۇنلاتتى. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇتۇقلاردا پېشقەدەم ئىشچى ھاكىم سادىقوۋنىڭ تېگىشلىك ھەسسىسى بار ئىدى. فابرىكا كوللېكتىۋى ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەمگەك ئەجرىنى توغرا باھالاپ، ئۆتكەن يىلى ئەمگەك ۋېتىرانى دېگەن ئاتاق بىلەن ھۆرمەتلىك دەم ئېلىشقا ئۇزاتتى.

ھاكىم ئاكا ئۆزى بولسا تېخى بەقۇۋەت. جامائەتچىلىك ئىشلارغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ياشلارنى توغرا يولغا باشلاشقا تىرىشىپ، تۇرمۇشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھاراقخورلۇق ۋە باشقا يامان ئادەتلەردىن ۋاز كېچىش بويىچە تەشۋىق-تەرغىبات ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈپ كەلمەكتە. ئۇ ئالاتاۋ ناھىيەسىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ دىرۇژبا مەھەللىسىدىكى شۆبىسىنىڭ قۇرۇلغان كۈنىدىن باشلاپ، ئۇنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىگە قىزغىن قاتنىشىۋاتىدۇ.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇ ھەر يىلى ئاتا تىلىمىزدىكى گېزىتلەرگە جامائەتچىلىك ئاساستا مۇشتەرى توپلاش كامپانىيەسى باشلانغاندا ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلىشىچە خالىس ياردىمىنى قىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، ئۆتكەن يىلى ئۇ ئۆز كوچىسىدىكى ئاكتىۋىستلاردىن ئىسمايىل ئىسايېۋ بىلەن بىرلىكتە 50دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئائىلىسىنى مەزكۇر گېزىتلارغا مۇشتەرى قىلدى. بىلىمۇ ھاكىم سادىقوۋ بۇ مۇھىم كامپانىيەگە ئاكتىپ قاتناشماقتا.

س. باھاۋدىنوۋ.

ئالمۇتا شەھىرى.

ئاخىرقى نەتىجىلەرگە ئىنتىلىپ

پانفىلوۋ ناھىيەسى كىرۇۋ نامىدىكى كولخوزنىڭ قۇش ئۇستۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىش كېلىۋاتقىنىغا چارەك ئەسىردىن ئاشتى. ئۆتكەن يىللار مابەينىدا بۇ مۇھىم ساھانى تەرەققىي ئەتكۈزۈش بويىچە ئەمەلىي چارىلەر كۆرۈلدى. ھازىر فېرمىغا كەلسىڭىز قۇش ئۇستۇرۇش شەھەرچىسىنىڭ بەرپا بولغانلىقىنى كۆرىسىز. كۆپلىگەن زامانىۋى سېخلار سېلىنىپ پايدىلىنىشقا بېرىلدى. ئۇلاردا ئىككى يۈزگە يېقىن ئادەم ئىشلەۋاتىدۇ. ھەممىسىنىڭ ئۇنۇملۇك ئەمگەك قىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىتلار يارىتىلغان.

كوللېكتىۋىمىز قۇش ئۇستۇرۇش بويىچە باي تەجرىبىگە ئىگە. ھەر بىر يىلنى ئۇتۇقلۇق يەكۈنلەۋاتىمىز. ئۆتكەن يىلى دۆلەتكە پىلاندىكى 14 مىڭ ئورنىغا 26 مىڭ سېنتنېر قۇش گۆشىنى تاپشۇرۇپ، ئۈچ مىللىون سومغا يېقىن پايدا ئالدۇق. ئۆدەك ئۇستۇرۇش كولخوزدا گۆش يېتىشتۇرۇشنى كەسكىن كۆپەيتىشكە ۋە قوي ئېگىلىگىنى رىۋاجلاندۇرۇشقا كەڭ مۇمكىنچىلىكلەر ياراتتى. مەسىلەن، ئۆتكەن يىلى ئۆتكۈزۈلگەن قۇش گۆشى ھېساۋىدىن ھەر بىرىنىڭ سالمىقى 50 كىلوگرام كېلىدىغان 52 مىڭ قوي ئىختىسات قىلىندى.

فېرمىنىڭ ئېگىلىك ھېساپىغا كۆچۈرۈلۈشى قۇش ئۇستۇرگۇچىلەرنىڭ ئىشقا بولغان مەنپەئەتدارلىقىنى كۈچەيتتى. ھەر بىر سېخ كوللېكتىۋى مەھسۇلدارلىقنى ئاشۇرۇش يولىدا پىداكارانە ئەمگەك قىلماقتا. داۋۇر ئۇراليېۋ، يۇنۇس ھاشىروۋ، جالال ئەخمەتوۋ ئوخشاش قۇش ئۇستۇرگۇچىلەرنىڭ ئەمگىگىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇلار ھەر دايىم ئۆتكەن تۇخۇم ئېلىشتا باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ كەلمەكتە.

قۇش فېرمىسىدىكى ئەڭ جاۋاپكەر ئۇچاستكا — بۇ ئىنكوباتسىيە سېخى. ساھانىڭ تەرەققىياتى سېخ ئىشىغا بېۋاستە باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر ئۇچاستكا تەجرىبىلىك مۇتەخەسسىس ئۇراخمەت ساليېۋقا تاپشۇرۇلغان. بۇ ئىشەنچە ھۆددىسىدىن شەرەپ بىلەن چىقىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قۇش فېرمىسىدا ئىشلەۋاتقىنىغا يىگىرمە يىلغا يېقىن ۋاقىت بولدى. دەسلەپ بۇ يەردە ئىنژېنېر — ئېلېكترىك، چوڭ مېخانىك بولۇپ ئىشلەپ، فېرمىدىكى ئىش جەريانلىرىنى مېخانىكىلاشتۇرۇشقا چوڭ ھەسسە قوشتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە تەجرىبىلىك قۇش ئۇستۇرگۇچىلەر ئوراز ئابايېكوۋ، ئامانگېلدى ئارۇپجانوۋ، تۇرار قىلىشبايېۋ، زىننەت ئېلەكوۋا، ھېلىمەم ئەخمەتوۋا، زامىن رىسبايېۋا ۋە باشقىلار ئۇنۇملۇك ئەمگەك قىلىشى نەتىجىسىدە ئۆتكەن يىلى بىر مىللىون ئۈچ يۈز مىڭ جۈجە ئېلىندى.

شۇ ئېلىنغان جۈجىلەرنى چىقىمسىز ئۇستۇرۇش ئاكلىمازاتور سېخى ئىشچىلىرىغا يۈكلەنگەن. تۇرسۇن ۋاھاپوۋ باشقۇرۇۋاتقان بۇ كوللېكتىۋ ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن شەرەپلىك چىقىۋاتىدۇ. سېخ بويىچە سەكسەنگە يېقىن ئادەم ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆز ئىشىنىڭ ماھىرلىرى كۆپلەپ سانىلىدۇ. بولۇپمۇ تۇتى كىتابايېۋا، سونە گولوتوۋا، ئاغدەنە جۇمىغۇلوۋا، زۇمۇر سەلىموۋا، تۇرنىمان ئىسمائىلوۋا، قۇرالاي قۇدايېكوۋا ۋە باشقىلارنىڭ قۇش ئېگىلىگىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشكە قوشۇۋاتقان ھەسسىلىرى چوڭ.

ئۆدەك جۈجىلىرى ئاتمىش كۈنگە يېقىن بوداش مەيدانلىرىدا بېقىلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن گۆش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۆتكەن يىلى قۇش بودىغۇچىلار گۆشكە ئۆتكۈزۈلگەن ئۆدەكنىڭ سالمىقىنى 2,6 كىلوگرامغا يەتكۈزدى. ئەندى ياقۇپ جاپپاروۋ، نۇسۇپقالى دەۋلېتبېكوۋ، ساغات بېيسبېكوۋ، ئاۋرۇزباي نۇسۇپبېكوۋلارنىڭ كۆرسەتكۈچلىرى ئۇنىڭدىنمۇ يۇقۇرى.

فېرمىدا كېيىنكى ۋاقىتلاردا قۇش چىقىمىنى ئازايتىشنىڭ ئەمەلىي چارىلىرى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتىن فېرما مال دوختۇرى ن. قىلىشبايېۋنىڭ سىڭىرىۋاتقان ئەمگىگى چوڭ. تەجرىبىلىك مۇتەخەسسىس ئۆدەكلەرنىڭ فىزىولوگىيەلىك ئالاھىدىلىرىنى، ئۇلارنى ئۆزۈقلاندۇرۇش، ئۇستۇرۇش ۋە باشقا جەريانلىرىنى ياخشى بىلىدۇ. ياشلارغا قۇش ئۇستۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ھارماي — تالماي ئۆگىتىۋاتىدۇ.

مەلۇمكى، ئۆدەك توختالسىز ئوزۇقلىنىدىغان قۇش، فېرمىنىڭ پايدىسىمۇ ئۆدەكلەرگە بېرىلىدىغان يەمنى سەرىپ قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك. بۇ ھازىر ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان مەسىلە بولۇۋاتىدۇ. ئۇنداق دېگىنىم، يەمنىڭ باھاسى بارغانسېرى قىممەتلەۋاتىدۇ. شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ئۇنىڭ باھاسى ئوسۇۋاتقىنى بىلەن سۈپىتى تۆۋەن. شۇنداقلا قۇش فېرمىدا ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىمۇ كۆپ پايدىلىنىلىدۇ. جۈجە ئۇستۇرۇلىدىغان قورالار دايىم ئۆز دەرىجىسىدە ئىسسىق بولۇشى لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، جۈجىلەر كۆپلەپ چىقىمغا ئۇچرايدۇ. ھەر يىلى قۇش قورالىرىنى رېمونتلاش، يېڭىلىرىنى سېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ كەسكىن قىممەتلىشى ۋە يېتىشمەسلىكى بۇ ئىشقىمۇ پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتىدۇ.

فېرما كوللېكتىۋى شۇنداق بولسىمۇ بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بېيىلگەن مەجبۇرىيەتلىرىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ چىقىش يولىدا بارلىق مۇمكىنچىلىكلىرىنى سەپەرۋەر قىلماقتا.

ئا. مەسىموۋ،

قۇش ئۇستۇرۇش فېرمىسىنىڭ باشلىقى.

ئالاقىچىلار ھىممىتى

ئۇيغۇر ناھىيەلىك ئالاقە بولۇمىنىڭ بىرىنچى ئۇچاستكىسىدا تۆت ماتېيور پىداكارانە ئەمگەك قىلىدۇ. مەزكۇر ئۇچاستكىغا چونجا، باھار، شېرىن، تاشتىقارسۇ ۋە چارىن يېزىلىرى قارايدۇ. بۇ يېزىلارغا تېلېفون ۋە رادىئو تارماقلىرىنى ئورنىتىش، كابېللارنى تارتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئۈزۈلگەن جايلىرىنى ئۇلاپ، كەلىشىپ چىقىش ئەشۇ ماتېيورلارنىڭ ئىشى. ئۇلار ۋاقتى-ۋاقتىدا ئاددىي ۋە مۇرەككەپ رېمونت ئىشلىرىنى ئورۇنلاپ تۇرىدۇ.

ئۆتكەن يېرىم يىل ئىچىدە ئۇچاستكىمىز بويىچە 125 تېلېفون ۋە 100 رادىئو توچكىلىرى ئورنىتىلدى. پىلانلىق تاپشۇرۇقلارنى دايىم شەرەپلىك ئورۇنلاپ كېلىۋاتىمىز. دەيدۇ مەزكۇر ئۇچاستكا ماتېيورلىرىنىڭ بىرىگادىرى سادىر ئورۇزوۋ. ئالاقە بولۇمىدىن پانفىلوۋ چوڭ يولىغىچە كابېلنى يەر ئاستىدىن تارتىپ چىقتۇق. شۇنداقلا باھار يېزىسىدىكى تېلېفون، رادىئو تارماقلىرىنى ئۇۋەتتىكى ئاددىي رېمونتتىن چىقاردۇق.

مەلۇمكى، ناھىيەدە بوران-چاپقۇن تۈپەيلى رادىئو ۋە تېلېفون تارماقلىرى تېز-تېز ئىشتىن چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنى دەرھال رېمونت قىلىش، ئىشقا قوشۇش ماتېيورلاردىن ئالاھىدە ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. مۇقات ماناسبايېۋ، ئېرىك مۇختەروۋ، ئۇسەن ھەمرايېۋلار بۇ جەھەتتىن ياخشى ئەمگەكلىرى بىلەن كۆزگە چۈشكەن. كابېل تارتىشتا بولسا ھاشىم ئابدۇرىموۋ، قادىر ھاسامدىنوۋ، مىر زەخمەت ئابدۇلكاپوۋ ۋە زايىتجان تېيىپوۋلار ياشلىق غەيرىتى بىلەن باشقىلارغا ئۈلگە بولماقتا.

ت. نىزاموۋ.

ئۇيغۇر ناھىيەسى.



شەمەي ۋىلايىتى ئاياگوز ناھىيەسى «تارباغاتاي» سوۋخوزىنىڭ چوڭ چوپىنى بېيسېنغالى ژاقانوۋ زەربدار ئەمگەك قىلىپ، ياخشى مۇۋاپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئوتارىدا 600دىن ئوشۇق قوي بار. ئۇ ھەر يىلى يۈز ساغلىقتىن 115 قوزا ئېلىۋاتىدۇ.

سۈرەتلەردە: 1. «تارباغاتاي» سوۋخوزىنىڭ چوڭ چوپىنى ب. ژاقانوۋ.
2. يىراق مال قىشلىتىش جايلىرىنىمۇ مېھمانلار خۇشخۇي قارشى ئالىدۇ.

(قاز تاگ).

مەسئۇت ئەپەندى هەققىدە هەقىقەت

(داۋامى، بېشى 105، 106، 107- سانلاردا)

بۇ نۇتۇقنى قانداق تەييارلاپ، قانداق سۆزلىگەنلىكى توغرىسىدا، مەسئۇت ئەپەندىنىڭ يېقىن سەپدىشى، ئۇنىڭ نۇتقىنى بىۋاستە خاتىرىگە يېزىۋالغان ئەيسابەگ ئالىپتېكىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1941- ژىلى 2- ئاينىڭ 20- كۈنى بىز تۈرك ئۇيغۇر مۇئەللىپلىرى- موڭغۇل- تىبەتنىڭ ۋەكىللىرى جۇڭگو دولەت پالاتاسىنىڭ باشلىقى سۇن كو جاناپلىرىنى زىيارەت قىلغان ئىدۇق. زىيارەت مەزگىلىدە چىن دولىتىنىڭ ئالدىدا تۇرغان مۇهىم مەسىلىلەر ئۈستىدە سوز بولدى. بىز رەئىس جاناپلىرى بىلەن تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ زورۇر ئېهتىياجلىرى هەققىدە سوهبەتلەشتۇق. بۇ ئېهتىياجلارنى هەل قىلىش ئۈچۈن رەهبەرلەرنىڭ هەر جەهەتتىن ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈندۇق. سۇن كو جاناپلىرى بىزگە زور ئىلتىپات كورسەتتى. ئالدىمىزدا ئېچىلىدىغان پىرقە قۇرۇلتىيىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرىگىمۇ سوز قىلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىشكە ۋەدە بەردى. بىز قايتىپ چىققاندىن كېيىن، تۈركىستانلىق يۇرتداشلار بىرلىشىپ، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىمىزنىڭ يۇرت توغرىسىدىكى تىلەك ۋە تەكلىپلىرىمىزنى قەغەز يۈزىدە ئىزهار قىلىپ، گومىنداڭنىڭ ئېچىلغۇسى 8- قۇرۇلتىيىغا سۇنماقچى بولدۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي مەكتۇپىمۇ تەييار بولدى. مەزكۇر تەكلىپنامىنى سۇن كو جاناپلىرىغا سۇنماق ئۈچۈن تۈركىستانلىقلاردىن، موڭغۇللاردىن، تىبەتلىكلەردىن بولۇپ جەمى 9 كىشىلىك ۋەكىلەر ئومىگى تەشكىل قىلىندى. تۈركىستانلىق ۋەكىللەرنىڭ قاتارىدا مەنمۇ بار ئىدىم.

3- ئاينىڭ 25- كۈنى كەچتە بىز سون كو جاناپلىرىنىڭ قوبۇلىدا بولدۇق. سۇن كو جاناپلىرى بىزنىڭ تەكلىپنامىمىزنىڭ مەزمۇنى بىلەن تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن، مەسئۇت ئەپەندىدىن:

— قۇرۇلتايغا باشقا تەكلىپلىرىڭىز بارمۇ؟ دەپ سورىدى.

— تەكلىۋىم بار، بىراق مېنىڭ تەكلىۋىمنى ختاي مىللىتىدىن بولغان ۋەكىللەر ئانچە قوللىماس، دەپ ئويلايمەن. چۈنكى مەن تۈركىستانغا خاس مىللىي مەسىلىلەرنى هەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان مىللەتپەرۋەرلىك روهىدىكى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇمەن. چىن دولىتىنىڭ ئاتاقلىق ئەرباپلىرى، ئېهتىمال، تۈركىستاننى ئۇ يەردىكى تۈركلەرنىڭ ئەهۋالىنى، مىللىي ئارزۇلىرىنى چۈشەنمەيدىغاندۇ، بەزىلەر بىزنىڭ ئاممىزنى «خۇي» دەپ ئاتاشنى تەكلىپ قىپتۇ. «خۇي» دېگەن ئەسلىدە ئىسلام دىنىغا ئائىد ئىسم بولۇپ، بىزنىڭ «تۈرك» دېگەن ئاممىز بىلەن ئاتىلىشىمىز كېرەك! بۇ بىرىنچىدىن؛

ئىككىنچىدىن بولسا، بىز ئۆزىمىزنى ئازات قىلىش بىلەن بىللە باشقىلارنىڭمۇ ئازات- هور بولۇشىنى ئىستەيمىز. بۇ بولسا، «تيەن شياۋىي گۇڭ» شۇئارىغىمۇ، هوكۇمەتنىڭ دۇلياۋىي سەياستىگىمۇ ئويغۇن كېلىدۇ»،- دېدى. سۇن كو جاناپلىرى مەسئۇت ئەپەندىنىڭ بۇ پىكىرلىرى بىلەن كېلىشتى.

مەسئۇت ئەپەندى يەنە سوز ئېلىپ، مۇمكىن بولسا، تۈركىستان مەسىلىسى هەققىدە بىر مەرۇزە سوزلەش ئۈچۈن قۇرۇلتاي مىنبىرىدىن ئورۇن بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

مارتنىڭ 26- كۈنى مەركىزىي هوكۇمەت مىللىي ئىشلار هەيئىتىنىڭ رەئىسى ۋۇ سوڭشىن، مەسئۇت ئەپەندىگە: «رەئىسلەر كېڭىشى قۇرۇلتاينىڭ كېلەركى نۆۋەتلىك ژىغىنىدا، سىزنىڭ سوزگە چىقىپ، تۈركىستان مەسىلىسى توغرىسىدا ئوز پىكىرلىرىڭىزنى ئېيتىشىڭىزغا رۇخسەت قىلدى»،- دەپ خەۋەرلىدى.

مارتنىڭ 27- كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ژىغىندا، رەئىسلىك قىلغۇچى سون كو جاناپلىرى، تۈركىستان مەسىلىسى توغرىسىدا مەسئۇت ئەپەندىگە سوز بېرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ۋەكىللەرنىڭ كۆلدۈرلىگەن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە مىنبەرگە مەسئۇت كوتىرىلدى. ئۇ نۇتقىنى موشۇنداق باشلىدى:

— رەئىس جاناپلىرى، جانابى ۋەكىللەر هەم مېهمانلار! تۈركىستان خەلقى نامىدىن سوز قىلىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن ئاهايىتى خۇرسەنمەن. ماڭا سالاهيەتلىك قۇرۇلتاي مىنبىرىدە تۇرۇپ، ئوز پىكىرلىرىمنى ئېيتىشىمغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنلىكلار ئۈچۈن مىننەتدارمەن.

جاناپلار، بۈگۈن بۇ مىنبەردە مېنىڭ تۈركىستان هەققىدە بىر نۇتۇق سوزلەپ بېرىشىمنى خالىغان ئىكەنسىلەر، ئارزۇيىڭلارغا زىت، تۈركىستان هەققىدە مەن ئوزەممۇ چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئەمەسمەن، چۈنكى يۇرتۇمدىن ئايرىلغىنىمغا ئۇزاق بولدى. شۇنداق بولسىمۇ تۈركىستان بىزنىڭ يۇرتۇمىز، تۈركىستانلىقلار



سۈرەتتە: (ئوڭدىن سولغا) بىرىنچى قېتىم قىتىم تۈزەشكە بەلگۈلەنگەن ۋەكىللەر باشلىقى رەخىمجان سابىر هاجى بايقوزى بىلەن ئىككىنچى قېتىم تۈزەش ۋەكىللىرىنىڭ كېيىنكى ۋە ئاخىرقى باشلىقى ئەخمەتجان قاسىمىي. 1946- ژىل خا تىرىسى.

مېنىڭ قېرىنداشلىرىم بولغانلىقى ئۈچۈن بىزنىڭ ئەقلىمىز، قايغۇمىز، قۇلغىمىز دايىم شۇ ياقتا. يۇرت توغرىلىق ئاڭلىغانلىرىمىز، ئوقۇغانلىرىمىز بار. ئەگەر خالىساڭلار ئەينە شۇلار توغرىلىق، تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئارزۇلىرى هەم ئوزەمنىڭ ئويلىغانلىرىم توغرىلىق پىكىرلىرىمنى بايان قىلىپ بەرمەكچىمەن.:

مېنىڭچە، بۈگۈنكى تۈركىستاندىكى ئەڭ ئاساسى، ئەڭ مۇهىم مەسىلە- بۇ مىللىي مەسىلىدۇر. بۇ مەسىلە توغرا هەل قىلىنماي تۇرۇپ، تىچلىق، تەرەققىيات بولۇشى مۇمكىن ئەمەس...

... چىن مەملىكەتى تۈركىستاننى ئوزىگە قوشۇۋالغىنىغا ئىككى يۈز ژىل بولدى دېيىشىدۇ. ئەگەر شۇنداق دېگەن تەغدىردە، ئۇ تارىخ پۈتۈنلەي ئۇرۇش ۋە جەڭ- جېدەللەر تارىخىدۇر. بۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋىردە هېساپسىز كوپ قانلار توكۇلدى. هەر ئىككى تەرەپتىن مىللىونلارچە ئىنسانلار هالاك بولدى.! تۈركىستان خەلقىنىڭ مىڭ ژىللار بويى ياراتقان مەدەنىيىتى، ئۇرۇش ئوتلىرىدا كويۇپ كۈل بولدى! بۇ كەبى پاجەلىك ۋاقىئەلەر تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. خەلقىمىزنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ كۈلپەتلەرنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس ... تۈركىستان زېمىنىدا تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان زورلۇق- زومبۇلۇقلار قانۇن بىلەن مەنئى قىلىپ توختىتىلمىسا، تۈركىستاندا يەنە بىر ئىنقىلاپنىڭ كېلىپ چىقىشى تەبىيدۇر. ئىنقىلاپنىڭ تۇغۇلۇشى قانچىلىك يوللۇق بولسا، ئۇنىڭ داۋاملىشىشىمۇ شۇنداق يوللۇقتۇر ... قىسقىسى، بىز تۈركىستانلىقلارنىڭ مىللىي هورلۇك داۋالىرىمىز تارىختىن تارتىپ بۈگۈنگىچە هەل قىلىنماي كېلىۋاتىدۇ... بۇ چىن جەمىيىتىدىكى جىددىي ئويلىنىپ كورۇپ، ئۇزۇل- كېسىل هەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىجتىمائىي مەسىلىدۇر. بۇنىڭ بىز بىلەن ۋە دۇنيا بىلەن مۇناسىۋىتى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ زىددىيەتلەر ئوز ۋاقتىدا دۇرۇس هەل قىلىنمايدىغان بولسا، كېلەچەكتە يەنە ئىنقىلاپ بولغۇسى، يەنە قانلار توكۇلۇپ، قۇربانلار بېرىلگۇسىدۇر ... ئەگەر مەركىزىي هوكۇمەت، تۈركىستاندا مىللىي مەسىلىنى توغرا هەل قىلىپ، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئارزۇلىرىنى قانائەتلەندۈرسە، ئۇلار هوكۇمەتتىن رازى بولۇپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ژۈرگۈزىلىشى ئۈچۈن ئوزلىرىنىڭ ياردىمىنى ئايىمايدۇ. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە چىن دولىتى ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ بىرلىك- ئىتتىپاقىنى تەقەززا قىلماقتا. موشۇنداق شارائىتتا، مەملىكەتنىڭ ئارقا سېپىدە ئىتتىپاقسىزلىق، ئىچكى ئۇرۇش كېلىپ چىقىدىغان بولسا، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا سەلبىي تەسىر قىلىدىغانلىقى تەبىي ۋە سوزسىزدۇر.

مەن تۈركىستاندا مىللىي مەسىلىنى توغرا هەل قىلىش ئۈچۈن مەركىزىي هوكۇمەت ئالدىغا تۇۋەندىكى تەكلىپلىرىنى تەغدىم قىلماقچىمەن:

1. بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭ نامى: «شىنجاڭ» ئەمەس، تۈركىستاندۇر. تۈركىستاندىكى يەرلىك خەلقنىڭ نامى- ئۇيغۇر- قازاق- قىرغىز ئەمەس، بىر پۈتۈن تۈرك مىللىتىدۇر. (بۇ يەردە مۇئەللىپ قېدىمىي زامانلاردا بىر پۈتۈن تۈرك قەبىلىلىرى، خەلقى بولۇپ، كېيىن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بۇ خەلقنىڭ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئوزبەك، تۈركمەن ۋ. ب. مىللەتلەرگە بولۇنۇپ، ئوز ئالدىغا مىللىي تىل، مەدەنيەت، ئەدەبىيات، سەنئەت ۋە هاكازا شۇ مىللەتكە خاس مىللىي قەدرىياتلارنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشكە باشلىغانلىقىنى نېمىشكىدۇ هېساپقا ئالمىغان ۋە هېچبىر ئىلمىي ئاساسسىز ئۇلارنىڭ هەممىسىنى بىر تۈرك مىللىتى دەپ ئاتىغان. شۇڭلاشقا ئۇلار «بىر پۈتۈن تۈرك مىللىتى»، بولماي، بەلكى هەر خىل مىللەتلەردىن تەركىپ تاپقان، بىر پۈتۈن تۈركىي خەلقلىرىدۇر.- **ماقالە مۇئەللىپلىرى)** شۇنىڭ ئۈچۈن مەركىزىي هوكۇمەت ئالدى بىلەن بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭ هەم مىللىتىمىزنىڭ هەقىقىي ئوز نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرسۇن، شۇ نام بىلەن ئاتىسۇن، بۇنى دولەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق بېكىتسۇن.

هازىر مەركەزدىكى ئايرىم ئەرباپلارنىڭ نۇتۇقلىرىدا هەم بەزى نەشرلەردە- چىن دولىتى تەركىۋىدە ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ هەممىسى خەنزۇلار بىلەن نەسىلداش ئۇرۇق، بىز هەممىمىز «خۇاڭدى»نىڭ ئەۋلاتلىرى بولىمىز!- دېيىلىدىغان پىكىرلەر پات- پاتلا تەكرارلىنىدىغان بولدى. مۇنداق سوزلەر بىزنى قورقۇتماقتا ۋە ئەندىشىگە سالماقتا. بۇ قىلچە ئىلمىي ئاساسى يوق، ساختا ۋە يالغان چۈشەنچىدۇر. ئەگەر مەركىزىي هوكۇمەت ئوزىنىڭ مىللىي سەياستىنى موشۇنداق خاتا چۈشەنچىلەر ئاساسىغا قۇرىدىغان بولسا، بۇ ئاهايىتى چوڭ خاتالىق بولىدۇ. مۇنداق خاتا سەياسەت ئەمەلگە ئاشمايلا قالماستىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى بۇزىدىغان زىيانلىق سەياسەتتۇر!..

چىن هوكۇمىتى پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا ماختىنىپ: «بىز، دېموكراتىك دولەت. بىز مىللىي، دېموكراتىك، ئەركىن جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن كۈرىشىۋاتىمىز. بىز پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرگە، ئۇلارنىڭ مۇستەملىكچىلىك هوكۇمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ياردەم بېرىمىز! جاهانگىرلار بولسا، كىچىك مىللەتلەرنىڭ يېرىنى بېسىۋېلىپ، ئوزلىرىنى قول قىلىپ ئىشلەتمەكتە، ئېزىپ قانلىرىنى شورىماقتا. ئۇلارنىڭ مەخسىتى كىچىك مىللەتلەرنى كامىستىپ يوقىتىشتىن ئىبارەت!»،- دەپ، دۇنياغا جار سالماقتا!

موشۇنداق دەپ ۋاقىراۋاتقان چىن دولىتى، ئوزىنىڭ ئېيتقان سوزلىرىگە ئوزى ئەمەل قىلمىسا، كىچىك مىللەتلەر ئۇلارغا قانداقمۇ ئىشەنسۇن، مەملىكەتتە قانداقمۇ ئىناقلىق، خاتىرجەملىك بولسۇن؟ ئۇنىڭ خەلق ئارا مەيداندا قانداقمۇ ئابرويى بولسۇن؟!

ئەپەندىلەر، بىز تۈركىستانلىقلار چىن دولىتىنىڭ تەركىۋىدە بولساقمۇ، تەڭ هوقۇقلۇق، ئەركىن، پاراۋەن ۋە مەدەنيەتلىك مىللەت سۈپىتىدە ياشاشنى ئىستەيمىز! بىز مەركىزىي هوكۇمەتنىڭ بۇ ئىزگۇ نىيىتىمىزنى توغرا چۈشىنىپ، چىن دولىتىدە مىللىي مەسىلىنى توغرا، ئادالەتلىك هەل قىلىدىغان يولنى تاپالايدۇ، دەپ ئىشىنىمىز!

شۇنداق بولسىمۇ، تۈركىستاندا مىللىي مەسىلىنى توغرا، ئۇزۇل- كېسىل هەل قىلىشتا ياردىمى بولار دېگەن نوي بىلەن تۇۋەندىكى پروگراممىنى تەكلىپ قىلىمەن....

ۋەكىللەر، مەن گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان دوكتور سۇنجۇسەننىڭ روهىغا ئېهتىرام بىلدۇرىمەن. موشۇ قۇرۇلتاي مىنبىرىدىن بۇ نۇتۇقنى سوزلىشىمگە پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن، باشقۇرۇش هەيئىتىگە يەنە بىر قېتىم تەشەككۇر ئىزهار قىلىمەن!»

مەسئۇت ئەپەندىنىڭ نۇتقى ئاياقلاشقاندا پۈتۈن زالدىكى ۋەكىللەر بىر نەچچە مىنۇتقا سوزۇلغان ئالقىش سادالىرىنى ياڭراتتى. ئەپەندىمىنىڭ بۇ نۇتقى قۇرۇلتاي زالىدىن ئالقىپ چىقىپ، پۈتۈن چىن دولىتىنى بۈيۈك بىر تەسىرات ئىچىدە قالدۇردى.

ئەتىسى قۇرۇلتاينىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى توغرىسىدا قارار»نىڭ لايىهىسى مەسئۇت ئەپەندىگە ئەپكىلىپ كورسىتىلدى. بۇ لايىهىدە، ئەپەندىنىڭ تەكلىپلىرى تۈگەل ئورۇن ئالغان ئىدى!»

بۇنىڭدىن 50 ژىل بۇرۇنقى گومىنداڭ ئەرباپلىرى- «چىن دولىتى تەركىۋىدە ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ هەممىسى خەنزۇلار بىلەن نەسىلداش ئۇرۇق. بىز هەممىمىز «خۇاڭدى»نىڭ ئەۋلاتلىرى بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز هەممىمىز بىر پۈتۈن جوڭخۇا مىللىتى بولۇپ هېساپلىنىمىز!»، دەپ جار سالغان ئىدى. بۇ تىزىس ئىلمىي ۋە ئەمەلىي جەهەتتىن ئاساسسىز ئىدى.

مەسئۇت ئەپەندىنىڭ يۇرت مۇختارىيىتى توغرىسىدىكى داۋالىرى ژۇقارقى بىر نۇتۇق بىلەنلا توختاپ قالغىنى يوق، ئەلۋەتتە. ئۇ مەسىلىداش سەپداشلىرى مۇهەممەت ئىمىن بۇغرا، ئەيسابەگ ئالىپتېكىنلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئوزلىرىگە قولايلىق بولغان هەر بىر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئېغىزچە هەم يازمىچە هالدا، جاللات شىڭ شى سەينىڭ ستالىنچىلار بىلەن بىرلىشىپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قىرغىن قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، شىكايەت قىلاتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە تېزىرەك ئالىي دەرىجىدىكى مىللىي مۇختارىيەت هوقۇقى بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. مەسىلەن، ختاي هوكۇمىتى دولەت ئاساسىي قانۇنىنىڭ لايىهىسىنى ئېلان قىلىپ، خەلقنىڭ مۇهاكىمە قىلىپ، پىكىر بېرىشىگە سۇنغان ۋاقتىدا، موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن تۇۋەندىكى تەكلىپلەرنى يېزىپ چىقىپ، مەركىزىي هوكۇمەتكە تەغدىم قىلدۇ:

(داۋامى بار).

شائىر دەپتىرىدىن

مەمنۇن

سەنئىتىم

ئاشلار ئەمەس، قۇملاردىنمۇ كوپ ھەسرىتىم،
بىر كۇلسەم، مىڭ قېتىم ۋىغلاپ، بىر پەسلىدىم.
ئامان ئېلىپ كەلدىڭ موشۇ كۇنگە جېنىم،
مېنىڭ ئوگمەس گوزەللىكىم ھۇر سەنئىتىم.
ئوزەڭ دوستقا دەستەك قىلار سولتىم سەن،
ۋۇرەك-باغرىم ۋۇغۇرۇلغان سېنىڭ بىلەن.
سېنىڭ بىلەن تىرىلمەن ئولۇپ كەتسەم،
ياگراپ تۇرساڭ، سايراپ تۇرساڭ گۇل سەنئىتىم.
دەرتلىرىمنى سەن ئارقىلىق ئۇنتۇلۇمەن،
ئارزۇ قىلغان كۇنلىرىمگە ئىنتىلىمەن.
پۇغانىمدىن چىقىپ، قاھ-قاھ مەن كۇلۇمەن،
يوللىرىمنى يورۇتسەن نۇر سەنئىتىم.
جان ھەم تېنىڭ-سازەندەمدىن ئورگىلەيمۇ،
ئەۋرىشىمدەك گۇل بەدەندىن ئورگىلەيمۇ،
جانان چىنىدەك سۇخەندىن ئورگىلەيمۇ،
قايتىپ كەلمەس ياشلىقىمدەك تۇر، سەنئىتىم.
تا تورت پەسىل ياگراپ تىنماس خۇش سازلىرىڭ،
بوغۇلمايدۇ قاش تېشىدەك ئاۋازلىرىڭ.
ئاھ، ئازلىرىڭ، ئۇيغۇر قىزى، پەرۋازلىرىڭ،
غېنىمەت بۇ دەۋرانىڭنى سۇر، سەنئىتىم،
بىر بايرەملەپ ئالدى خەلقىم سېنىڭ بىلەن،
زەپ يېنىكلەپ قالدى قەلبىم سېنىڭ بىلەن،
سەن باغلىنىپ كەتتىڭ جېنىم-تىنىم بىلەن،
ۋىغلىماستىن ئەندى پەقەت كۇل، سەنئىتىم.
كۇنىڭ قىزى، ئاينىڭ ئوغلى قۇچىقىڭدا،
ئېچىلغان مىڭ رەڭدە گۇلۇڭ پاھ، بېغىڭدا.
ئومۇر- سەنئەت ئىكەن، بىلسەڭ ياش چېغىڭدا.
قەنتىڭنى چاق، دوستىنى ئاشىق قىل، سەنئىتىم.

ئاھ، پاشا!

سەھنىدە سەن بولغان چاغدا پەيدا، پاشا،
مىڭ-مىڭ ئۇزلەر باقتى ساڭا شەيدا، پاشا.
قەلبلەرنى قويدىڭمىكىن داغدا، پاشا،
شۇكرى ئوتتۇز ۋىلدا كوردۇم ھەغدا، پاشا.
سېنى گوزەل ھەم كوز تەگمەس قىلغان ئاخشاڭ،
ئاھ، بىر چاغلار باغرىڭنىمۇ تىلغان ئاخشاڭ.
ئاۋازىڭنى بوغالماستىن رەقىپ، ئاخشام،
ئاڭغا يېقىن ئوزى بولدى جۇدا، پاشا!
ئېيتقىنا ئۇ ھەرەمباغنىڭ ئاخشىسىنى،
ئاخشىلارنىڭ ئەڭ سەر خىلى، ياخشىسىنى.
باغلاپ كەلدىڭ جېنىم، دوستلۇق رىشتىسىنى،
باغلالمىغان تەغدىر قىلىپ جۇدا، پاشا...
سەن-ئۇيقۇلۇق، مىسكىن قەلبنى ئويغاتسەن،
شوق ئاخشاڭدا ئەلەم-دەردنى توختىتىسەن
ۋۇرىگىمنى تېپىرلىتىپ، شوخلىتىسەن،
كويسەم رازى ئوتتا، ئاقسام سۇدا، پاشا!
پاشا دېسە، بوشۇكتىكى بوۋاق كۇلەر،
پاشا دېسە، بەرگى قىياق، بۇلاق كۇلەر،
بولبۇل، كاككۇك سەھەر ئارتىپ ئۇقاق، كۇلەر،
ئە-ئەلەردىن ياگرىتىسەن سادا، پاشا!!!
ئاخشا ئۇچۇن يارالدىڭمۇ ئېيتقىن، پاشا،
يارالغانمۇ سېنىڭ ئۇچۇن ياكى ئاخشا؟
ۋۇرەكلەرنىڭ قات-قېتىغا سىڭىپ كېتەر
ئاڭلىمىدىم ئاخشىچىنى سەندىن باشقا...
پاشا، سېنى ئۇلۇقلايمەن بار دەرماندا،
چاچراپ تۇرۇپ مەن تىڭشايمەن سۇبھى-تاڭدا،
ئاخشا بولۇپ ياگراپ قالدىڭ بۇ جاھاندا،
باق، ئولمەيسەن، كوڭۇللەردە ياشا، پاشا.

ئۇسسۇلچى پەرى

قارىقاتتەك كوزلىرىڭنى ئېيتايمۇ مەن،
ئاق ئاۋاتتەك ئۇزلىرىڭنى ئېيتايمۇ مەن،
غۇنچە-پورەك لەۋلىرىدىن شېكەر ئامغان،
سەندەك ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئېيتايمۇ مەن.
ئاققۇشىمۇ سايرامىڭكى، «ماھىچامال؟
بويۇڭ زىلۋا، بېلىڭ ئىنچىك ئاھ، مەجنۇن ئال.
نەسىپ بولدى ئەجەپ بىزگە شېرىن ۋىسال،
كۇلۇپ ئېيتقان سوزلىرىڭنى ئۇنتايمۇ مەن.
مولدۇرلىگەن جۇپ كوزلىرىڭ ئاھۇنىڭمۇ،
ئەۋرىشىمدەك بىلەكلىرىڭ ئاققۇنىڭمۇ،
بىر تۇتامغۇ، بىر تۇتامغۇ بەللىرىڭچۇ،
رازى بولساڭ شېرىمغا قاتايمۇ مەن؟
ئۇسسۇل ئويناپ، تۇرسۇناي، ئاڭ قالدۇردۇڭسەن،
قانچە-قانچە تەشنا دىلنى قاندۇردۇڭسەن.
ئەللىك ياشنى ئوتتۇز ياشقا قايتۇردۇڭ سەن،
ئاھ، بۇ ياشتا ئىشىقنىڭ دەردىن ئارتايمۇ مەن؟
گۇمانىم بار پەرىلەرگە جەننەتتىكى، —
مېنىڭ ئۇچۇن ئوزەڭ پەرى سەنئەتتىكى.
سۇ ئىچكۇزدۇڭ ۋۇرەكلەرگە ئاھ — دەرتتىكى،
سەن ئۇزگەن شۇ كولگە جاننى ئاتايمۇ مەن؟
يوققۇ دەيمەن تېنىڭدە ھېچ سۇيەكلىرىڭ،
ئېلان كەبى تولغىنىدۇ بىلەكلىرىڭ.
بىلەمسەن شۇ ئاپتا نېمە تىلەكلىرىم،
تا ئولگىچە سېنى ئويلاپ ئوتەيمۇ مەن...

ھورمەتلىك گېزىتخانلار!

يېزىلىش باھاسى: «ئۇيغۇر ئاۋازى» (ئىندېكسى — 65357) بىر ۋىلغا 15 سوم. «يېڭى ھايات» (ئىندېكسى — 65359) بىر ۋىلغا 7 سوم 80 تىيىن. ئەسكەرتىش: «ئۇيغۇر ئاۋازىغا» 75 تىيىن، «يېڭى ھاياتقا» 39 تىيىن پرېزىدېنت سېلىقى سېلىنىدۇ.

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سەياسىي گېزىت «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىغا 1992- ۋىلغا مۇشتىرى قوبۇل قىلىش داۋاملىشىۋاتىدۇ.

ئانا تىلدا چىقىدىغان ئوز گېزىتلىرىغا مۇشتىرى بولۇش- ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ مىللىي ئويغىنىشىنىڭ، خەلقىگە چىن مەنادا كويۇنىشىنىڭ ھەقىقىي ئۇيغۇرلىقىنىڭ — يارقىن بىر ئىپادىسى. جاي-جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئوز نامىغا يارىشا ئۇيۇشۇپ، مۇشتىرى بولۇشتەك بۇ قۇتلۇق ئىشنى ئوز ۋاقتىدا ئوتۇقلۇق تاماملايدۇ دەپ ئىشىنىمىز.

گېزىتلارغا «سويۇز پېچات» ئورگانلىرىدا، ئالاقە بولۇملىرىدە، شۇنداقلا ئىش ۋە ئوقۇش ئورۇنلىرىدا، ۋۇرۇشلۇق مەھەللىلەردە جامائەتچىلىك ئاساستا مۇشتىرى توپلىغۇچىلار ئارقىلىق يېزىلىشقا بولىدۇ.

جىنايىي ئىشلار خەۋەرلىرى

«ئالمۇتا- لېنىنگراد» رېيسىدا

ئوتكەن ھەپتە ئىچىدە نەشىخورلارغا قارشى كۇرەش ئېلىپ بېرىش خادىملىرى جۇمھۇرىيەت بويىچە 96 ئادەمدىن ئاركوتىكلىق ماددىلارنى مۇسادىرە قىلدى.

19- ئاۋغۇست كۇنى قاراغاندا ۋىلايىتى سېلىنىنى تومۇر يولىنىڭ موينىتى ستانسىيەسىدە «ئالمۇتا -لېنىنگراد» بولۇۋچىلار پويېزى ئىچىدە مىلىتسىيە خادىملىرى تەرىپىدىن ۋۇرگۇزۇلگەن ئوپېراتىۋ ھەرىكەتلەر نەتىجىسىدە ھېچ يەردە ئىشلىمەيدىغان ل. شەرىپوۋ قولغا ئېلىندى. ئۇنىڭدىن 2 كىلوگرام 350 گرام مارىخۇئانا ۋە مىلىتسىيە خادىمىنىڭ كىيىمى چىقتى.

ھازىر ۋاقىە بويىچە تەرگەۋ ئىشلىرى كېتىپ بارىدۇ.

ئوي ئوغرىلىرى ئېخى قولغا چۇشمىدى

21-ئاۋغۇست كۇنى نامەلۇم بىرلىرى ئاشقى ئىشكىنى سۇندۇرۇپ، ئاخبەك خادىمى، دروۋبا مەلىسىدە ياشايدىغان گ. ئىسمايلوۋانىڭ، 22- ئاۋغۇست كۇنى مەزكۇر مەلىنىڭ ئۇيغۇر كوچىسىدا ياشايدىغان ئا. تۇردىيېۋانىڭ ئويىگە دېرىزە ئارقىلىق ۋە شۇ كۇنى شەھەرنىڭ برىگادنايا كوچىسىدا ياشايدىغان ب. باقىيېۋانىڭ ئويىگە ئوغرىلار چۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ۋىدېو-ماگنىتوفونلىرى، ئاخچىلىرى بىلەن ئالتۇن بۇيۇملىرىنى ۋە چەت ئەل كىيىملىرىنى ئوغرىلاپ كەتكەن ئېكەن.

بۇ كۇنگىچە جىنايىي ئىشلارنىڭ سىرى پاش قىلىنمىدى.

«ئوگەي بالا»

ئانىسى بىلەن ئوگەي ئاتىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى كۇندە كورۇپ ئۇلارنىڭ بۇ جاڭجاللىرى ياخشىلىققا ئاپارمايدىغانلىقىنى سەزگەن، 1975- ۋىلى تۇغۇلغان ھېچ يەردە تۇراقلىق ئىش ئورنى يوق ئا. ئا. زدور ئوگەي ئاتىسى گ نوۋىكوۋنى شەھەرلىك سوۋېت ناھىيەسىنىڭ گاگارىن كوچىسىدىكى 37- ئوينىڭ قوراسىدا بوغۇپ ئولتۇرۇپ، جەسىدىنى ئەخلەتخانىغا ئاشلاۋېتىدۇ. ئىچكى ئىشلار بولۇمى تەرىپىدىن جىنايەتچى قولغا ئېلىنىپ جىنايىي ئىش قوزغالدى.

يېڭى ئاشلىق ھوسۇلىنى ئوغرىلىغۇچىلار

ئىچكى ئىشلار بولۇملىرىنىڭ خادىملىرى تەرىپىدىن بىيىلقى قۇرغاقچىلىق ۋىلى ئاشلىقنى ئىسراپ قىلماي، خامانغا توپلاش ئۇچۇن مەلۇم ئىشلار قىلىنماقتا.

23- ئاۋغۇست كۇنى ئاشلىق ئوغرىلاشقا قارشى ئوپېراتسىيە قولغا ئېلىندى: سېلىنوگراد ۋىلايىتى كراسنوزنامېنسكي ناھىيەسىنىڭ شۇ ئاملىق سوۋخوزنىڭ خامان ئارازىچىسى ۋ. شىگدوۋا 1100 كىلوگرام بۇغدايىنى، ئالدىقورغان ۋىلايىتى سارقەند ناھىيەسىدە 2308- ئاۋتوكارخانا شوفېورى نوۋالىنكوۋ ئېتىزدىن 800 كىلوگرام ئارپىنى، ئاقتوبە ۋىلايىتى «قمبودارووسكي» سوۋخوزىنىڭ مېخانىزاتورى ك. كوپېنوۋ 1330 كىلوگرام قارا بۇغدايىنى ۋە مەزكۇر ۋىلايەت مارتۇق ناھىيەسىنىڭ رايكومخوز شوفېورى ئا. سولوۋ 2700 كىلوگرام بۇغدايىنى ئوغرىلىغاندا قولغا ئېلىندى.

19-ئاۋغۇستقىچە قولىمىزدىكى بار مەلۇماتلاردا جۇمھۇرىيىتىمىز بويىچە 54 قېتىم بۇغداي ئوغرىلىشى ئىزىمىغا ئېلىنغان. 41 ئوغرىلىق بويىچە جىنايىي ئىش قوزغالسا، 13 ئوغرىلىق بويىچە ماتېرىياللار ئەمگەك كوللېكتىۋلىرىغا ئەۋەتىلگەن.

مىلىتسىيە خادىملىرىنىڭ يېڭى ئاشلىق ھوسۇلىنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە جۇمھۇرىيەت خامانلىرىغا ئوغرىلانغان 122 توننا ئاشلىق قايتۇرۇلۇپ بېرىلدى.

دۇكانچىلار پاش قىلىندى

مال يېتىشمەيۋاتقان چاغدا دۇكانغا چۇشكەن بۇيۇملارنى كوپچىلىككە تەڭ بولۇپ، يۇرتداش خېرىدارلىرىنىڭ كوڭلىدىن چىقىش ئورنىغا، ئۇنى يېقىن تۇققان- قېرىنداشلىرى ۋە تونۇش- ئاغىنىلىرىگە بېرىپ، شۇ ئارقىلىق شەخسىي پايدا ئېپىشنى مەخسەت قىلغانلار ئاز ئەمەس ئېكەنلىكىنى ئوبخسس خادىملىرى ئېنىقلىدى. ئۇلار ئوتكەن ھەپتە ئىچىدە سودا- سېتىق ساھاسىدا 149 جىنايىي ھەرىكەتنى پاش قىلدى. مەسىلەن: يېقىندا ئالمۇتا ۋىلايىتى چېلەك ناھىيەسىنىڭ قارىتۇرۇق سوۋخوز ئىشچىلار كوئوپېراتسىيەسىگە قاراشلىق «دوستلۇق» ئوزۇق-تۇلۈك دۇكىنىدا ئىشلەيدىغان سېتىقچى ئىدىرىسوۋا 2277 سوملۇق 461 كىلوگرام كەمپۇتنى ئىشقىپ قويغانلىقى پاش قىلىندى. ئەلدى يېزا ئېگىلىگى مەھسۇلاتلىرى دۇكىنىنىڭ سېتىقچىسى دۇستەموۋا 719 سوملۇق چەت ئەل بۇيۇملىرىنى «غەمخورچىلىرىغا» بېرىش ئالدىدا قولغا چۇشتى.

ھازىر بۇ ئىشلار بويىچە تەرگەۋ داۋام قىلىنماقتا.

قازاقستان س.س.ج ئىچكى ئىشلار مىنىسترلىگى مەتبۇئات مەركىزى.

مۇھەررىر ئا. قاسىموۋ

يېڭى ھايات
ئالمۇتا، 480044
ئىپەك يولى كوچىسى،
50-ئوي 8-قەۋەت

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى: قازاقستان س.س.ج مىنىسترلار كابىنېتى.

گېزىت ئوفسېت ئۇسۇلى بىلەن بېسىلدى. بىر باسما تاۋاق.

تېلېفونلار: مۇھەررىر-69-86-33، مەسئۇل كاتىپ-50-86-33، سەياسىي-ئىجتىمائىي بولۇم 81- 86-33، ئىختىسات بولۇمى-06-86-33، ئەدەبىيات بولۇمى- 27-86-33، مەدەنىيەت بولۇمى- 01-92- 33.

زاكاز (3440) تىراژ 8250

«Йени хаят» («Новая жизнь») индекс 65359, приложение Республиканской Социально-политической газеты на уйгурском языке «Уйгур авази», выходит — по вторникам, четвергам и субботам.
Газета отпечатана в типографии газетно-журнального Издательства.
г. Алма-Ата, 480044 пр. Ленин 2/4.

ПОГ-60

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روييۇڭ سامان بولماس.

1991
يىل
12
سېنتەبىر
پەيشەنبە
№109
(3040)
باھاسى
4 تىيىن

يېڭى ھايات

گېزىت 1970-يىلى 1-يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ. ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم سېيشەنبە، پەيشەنبە شەنبە كۈنلىرى چىقىدۇ.

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي-سەياسىي گېزىت «ئۇيغۇر ئاۋازى»نىڭ قوشۇمچىسى.

س.س.ج.ئى. دۆلەت كېڭىشىنىڭ مەجلىسى

6-سېنتەبىر كۈنى كرېملدا س.س.ج.ئى. پرېزىدېنتى م. س. گورباچېۋنىڭ رەئىسلىگىدە س.س.ج.ئى. دۆلەت كېڭىشىنىڭ مەجلىسى بولۇپ ئۆتتى. ئۇ س.س.ج.ئى. خەلق دېپۇتاتلىرىنىڭ نۆۋەتتىن تاشقىرى سېيىزىنىڭ قارارلىرىغا مۇۋاپىق قۇرۇلغان ئىدى.

دۆلەت كېڭىشى بالتىق بويى جۇمھۇرىيەتلىرىگە مۇستەقىللىق بېرىش توغرىلىق مۇراجەتنى قاراپ چىقتى. س.س.ج.ئى. تەركىۋىگە كىرىشى ئالدىدا بالتىق بويى جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئېنىق تارىخىي ۋە سەياسىي ۋەزىيەتىنى ئېتىۋارغا ئېلىپ، شۇنداقلا س.س.ج.ئى. خەلق دېپۇتاتلىرىنىڭ 5-سېيىزىنىڭ قارارلىرىغا ئاساسلىنىپ، دۆلەت كېڭىشى ئېستونىيە، لاتۋىيە ۋە لىتۋانىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىش قارارىنى قوبۇل قىلدى.

شۇنداقلا ھەربىي ئىسلاھاتنى ئۆتكۈزۈش توغرىلىق تەكلىپلەر قارالدى. دۆلەت كېڭىشى بۇ مەسىلە بويىچە س.س.ج.ئى. مۇداپىئە مىنىسترى يې. ئى. شاپوشنىكوۋنىڭ دوكلادىنى ئاڭلىدى ۋە ھەربىي ئىسلاھات بويىچە دۆلەت كومىسسىيەسىنى قۇرۇشنى زۆرۈر دەپ تاپتى.

دۆلەت س.س.ج.ئى. خەلق ئىگىلىگىنى تېز باشقۇرۇش بويىچە كومىتېت رەئىسى ئى. س. سىلايېۋنىڭ دوكلادىنى، مەملىكەت ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ئايرىم مۇئاممالىرى بويىچە گ. ئا. ياۋلىنسكىينىڭ خەۋىرىنى مۇھاكىمە قىلدى. ۋە كېيىنكى مەجلىستە مۇھاكىمە قىلىدىغان بىرىنچى نۆۋەتتىكى مەسىلىلەرنى بەلگۈلىدى.

قىرغىزستاندىن كۆچۈپ كېتىش داۋاملىشىۋاتىدۇ

بىشكېك. (تاسس). قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىدىن ئەمگەككە قابىلىيەتلىك ئاھالىنىڭ كۆچۈپ كېتىشى داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئوتتۇرا ئازىيەنىڭ مۇشۇ جۇمھۇرىيىتىنىڭ سوتسىئولوگلىرى كېيىنكى يىللاردىكى مىگراتسىيە جەريانلىرىنى تەكشۈرۈش بويىچە ئۆز مەلۇماتلىرىنى ئېلان قىلىپ، شۇنداق خۇلاسىگە كەلدى.

بىيىلقى يېرىم يىلدىكى مەلۇماتلار جۇمھۇرىيەت ئاھالىسىنىڭ سانى مىگراتسىيە ھېساۋىغا 74 مىڭ ئادەمگە ئازايغانلىقىنى مەلۇم قىلماقتا.

ھازىر قىرغىزستان ئاھالىسى تۆرت مىللىون ئادەمدىن سەل ئاشىدۇ. ئۇ س.س.ج.ئى.نىڭ 80 مىللىتى ۋە خەلقى ۋەكىللىرىدىن ئىبارەت. ئاھالىنىڭ 50 پروتسېنتقا يېقىنى — قىرغىزلار. رۇسلار 30 پروتسېنتقا يېقىن. پروتسېنت ھېساۋىدا ئاندىن كېيىن ئۆزبېكلەر، قازاقلار، ئۇكرائىنلار تۇرغۇن.

كۆچۈپ كەتكۈچىلەرنىڭ مىللىي تەركىۋىنى تەھلىل قىلىش قازاقلار بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ 90 پروتسېنتقا يېقىنى قىرغىزستان بىلەن ئۆزبېكستانغا كەتكەنلىكى توغرىلىق خۇلاسە چىقىرىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. كۆچۈپ كەتكەن رۇسلارنىڭ 70 پروتسېنتتىن ئوشۇغى روسسىيەگە كەتتى. ئۆز نۆۋىتىدە ئۆتكەن يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىيىل قىرغىزلارنىڭ ئۆز جۇمھۇرىيىتىگە كۆچۈپ كېلىشى ئۈچ ھەسسە كۆپەيدى.

قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىختىسان بويىچە دۆلەت كومىتېتىنىڭ مۇلاھىزىسىچە، ئەمگەككە قابىلىيەتلىك ئاھالى ئەڭ يېقىنقى بەش يىلدا ئورغۇن كېتىپ قالىدۇ. 1992-يىلى ئۇ 70 مىڭ ئادەمنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلماقتا.

مىنىستر ئىنتېرۋيۇ بەردى

نيۇ-يورك. (تاسس). «يەنە ئۈچ كۈن مابەينىدە ئىسيانىنى باستۇرغان خەلق، بۇ خەلق ياشاۋاتقان مەملىكەت بولسا ئۇلۇق مەملىكەت بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلايمەن»، — دەپ بىلدۈردى س.س.ج.ئى. تاشقى ئىشلار مىنىسترى بورىس پانكىن. «سى-ئېن-ئېن» تېلېۋىدېنىيە شىركىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلگىرىكىدەكلا ئۇلۇق دۆلەت بولۇپ قالامدۇ دېگەن سوئالىغا جاۋاپ بېرىپ.

ب. پانكىن ئاق ئۆي دۆلەت كابىنېتى دژېيمس بېيكېرنىڭ مەملىكىتىمىزگە بولىدىغان سەپىرىگە توختىلىپ، ئالدىمىزدىكى مۇزاكىرىلەر داۋامىدا سوۋېت تەرەپ قوشما شتاتلاردىن ياردەم سورىمايدىغانلىقىنى توغرىلىق ئېيتتى.

دژېيمس بېيكېرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىلىدىغان سەپىرى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ، دەپ تەكىتلىدى مىنىستر. دژ. بېيكېر لېنىنگرادنى، قازاقستاننى، بالتىق بويى جۇمھۇرىيەتلىرىنى زىيارەت قىلىدۇ. پرېزىدېنت م. گورباچېۋ، پرېزىدېنت ب. يېلتسىن ۋە باشقا سەياسىي ئەربابلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ. «مېنىڭچە، ئۇ پەقەت مۇزاكىرىلەرنى ئۆتكۈزۈشنىلا ئەمەس، بەلكى قانداق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىشنى خالايدۇ»، — دەپ تەكىتلىدى پانكىن. چۈنكى بۇ ئىسيانىدىن كېيىنكى ۋە خەلق دېپۇتاتلىرى سېيىزىدىن كېيىنكى باشقا مەملىكەت».

پايتەخت كارخانىلىرىدا

لىيوبوۋ سېلىۋانوۋا ئالمۇتىدا ئالاقە ساھاسىدا ئىشلەۋاتقىنىغا 20 يىلدىن كۆپ ۋاقىت بولدى، ئۇ شۇ جەريانىدا كۆپ تەجرىبە توپلاپ، ئورغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقاردى.

سۈرەتتە: ل. سېلىۋانوۋا.

* * *

ئالمۇتا مېتاللىدىن فۇرنىتۇر ئىشلەپ چىقىرىش زاۋودىدا 300دىن ئارتۇق ھەر خىل مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ.

سۈرەتتە: ئەمگەك ئىلغارى سىلىقلىغۇچى سېرگېي كولپاكوۋ.



م. مالىنوۋسكىي چۈشەرگەن سۈرەتلەر.

روسسىيە نېمىسلىرىنىڭ تەغدىرى

س.س.ج.ئى.دا ئاخىرقى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن ئاھالىنى روبىخەتكە ئېلىشنىڭ نەتىجىسى بويىچە ھازىر س.س.ج.ئى.دا ئىككى مىللىون نېمىس ياشايدۇ. ھازىر ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھوقۇقسىزلىقنى ۋە كەمسىتىشنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىغا ۋە ئەۋرىلىرىگە پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېتىش ۋەسىيىتىنى قالدۇرغان. يەنە بىرلىرى بولسا ئۆزلىرىگە خاس مىللىي-مەدەنىيەت خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقاتتى، دېسىمۇ بولىدۇ. ئۈچىنچى بىرلىرى بولسا، نېمىسلارنىڭ ئېتنىكلىق جەھەتتىن يوقاپ كېتىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ گېرمانىيەگە كۆچۈشىنى توختىتىشقا تىرىشىۋاتىدۇ.

نېمىسلارنىڭ روسسىيەگە كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىشى 1702-يىلدىن باشلاندى. شۇ چاغدا پادىشا پېتر-1 چەت ئەللىكلەرنى تەكلىپ قىلىش توغرىلىق پەرمان چىقاردى. ئۇلارغا روسسىيەدە خىلمۇ-خىل ئىمتىيازلار كاپالەتلەندۈرۈلگەن ۋە يەر ئۇچاستكىلىرىنى ئومۇرلۇك پايدىلىنىش ئۈچۈن بەرگەن. ئۇكرائىنىدا، جەنۇبىي روسسىيەدە، پوۋولژىيەدە نېمىس كولونىيەلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ۋولگا دەرياسى ئەتراپىدا نېمىسلارنىڭ ئەڭ چوڭ تۈركۈمى جايلاشتى. بۇ يەردە پادىشانىڭ پەرمانى بويىچە ئۇلارغا ئۆزىنى-ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىلدى. ئەندى 1924-يىلى پوۋولژيې نېمىسلىرىغا ئاۋتونومىيە بېرىلدى. ئۇ 1941-يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىغىچىلا موجۇت بولدى.

سوۋېت نېمىسلىرىنىڭ بىرىمىغا يېقىنى ياشايدىغان قازاقستانغا ئۇلار دەسلەپكى قېتىم 1880-يىلى كەلگەن. بۇ روسسىيەلىك نېمىسلار گېنېرال-گۇبېرناتور فون كائۇفماننىڭ تەكلىۋى بويىچە جەنۇبىي قازاقستاننىڭ ئادەملەر ئاز ياشايدىغان يەرلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن مېننونىتلار، پروتېستانت سېكتىسىنىڭ ئەزالىرى بولدى. قازاقستانغا كۆچۈپ كەلگەن نېمىسلارنىڭ تەركىۋىدە ئەجايىپ ئۇستا خىشچىلار ۋە ياغاچچىلار، دېخانلار ۋە ھۈنەرۋەنلەر، تۆمۈرچىلەر ۋە مېخانىكلار، پىۋو قايناتقۇچىلار ۋە باشقىمۇ كەسىپ ئىگىلىرى بولدى.

1941-يىلى 28-ئاۋغۇستتا فاشىست گېرمانىيەسىنىڭ س.س.ج.ئى.غا بېسىپ كىرگىنىدىن كېيىن، ئىككى ئاي ئۆتۈپ، ستالىن پەرمان چىقاردى. ئۇنىڭدا سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيەسىدە ياشايدىغان نېمىسلار تولۇغى بىلەن گىتلېرغا ياردەم بەرگەنلىكىدە ئەيىپلەندى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن مەملىكەتنىڭ ئىچكىرىسىگە — سىبىرغا ۋە قازاقستاننىڭ چۆللىرىگە مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن ئىدى. ستالىننىڭ بۇ پەرمانى قىسقا قەرەلدە ۋە ئاھايىتى قەتئىيلىك بىلەن ئورۇنلاندى. سوۋېت نېمىسلىرى ئۇزاق ۋاقىت داۋامىدا باشقا يەرلەرگە كۆچۈش ئەركىنلىگىدىن ۋە ئەمەلىيەتتە بارلىق گراژدانلىق ھوقۇقىدىن ئايرىلدى. جازالاش خۇۋۇپى ئاستىدا مەخسۇس قۇرۇلغان ئەمگەك ئارمىيەلىرى ئەڭ ئېغىر ئىشلارغا مەجبۇرىي تۈردە جەلىپ قىلىندى ۋە ئەمەلىيەتتە تۇتقۇنلار قاتارىدا بولدى.

پەقەت 1953-يىلى ستالىننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن سوۋېت نېمىسلىرى ياشاۋاتقان ئەركىنلىككە يەتتى. ئاخىرى ئۇلارغا ياشاش جايىنى تاللاۋېلىش ئىمكانىيىتى بېرىلدى.

ھازىر نېمىسلارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ئىشلەۋاتىدۇ، ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرىدا ئوقۇتۇش نېمىس تىلىدا ئۆزگۈزۈلۈۋاتىدۇ. نېمىس تېئاترى، تېلې ۋە رادىئو پروگراممىلار رېداكسىيەسى موجۇت، نېمىس گېزىتىمۇ نەشر قىلىنىدۇ، ئانا تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان كىتاپلارنىڭ ئوسمىسىمۇ ئۆسۈۋاتىدۇ. نېمىسلار قازاقستاننىڭ پارلامېنتىغا كىرىدۇ. نېمىسلارنىڭ بىرى قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىنىسترى لاۋازىمىنى ئىگىلەيدۇ.

لېكىن شۇنىڭغا قارىماي، نېمىسلار گېرمانىيەگە كۆچۈشنى داۋام قىلىۋاتىدۇ. ئۆتكەن يىلى 142 مىڭدىن ئوشۇق نېمىس س.س.ج.ئى.دىن كېتىپ قالدى. ئەندى بۇ يىلى چەت ئەلگە كەتكۈچىلەرنىڭ سانى ئۇنىڭدىنمۇ ئورغۇن، ئۇلارنىڭ س.س.ج.ئى.دىن كېتىشى گېرمانىيەدە قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە چەك قويۇلۇشى تۈپەيلى توختاپ قېلىۋاتىدۇ. شۇسى ئېچىنارلىقكى، چەت ئەلگە كېتىپ بارغانلارنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىگىنى ياشلار، كەسپىي جەھەتتىن تەييارلانغان ئادەملەر تەشكىل قىلىدۇ.

س.س.ج.ئى.دا قېلىۋاتقانلار بولسا كۆچۈش مەسىلىسىنى توختىتىشقا تىرىشىۋاتىدۇ — ئەنە شۇلار ئۈچ يىل ئىلگىرى «قايتا تىكلەش» جەمىيىتىنى قۇرغان. ئۇنىڭ مەخسىتى: س.س.ج.ئى.دا نېمىسلارنىڭ ئاۋتونوم جۇمھۇرىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

نېمىسلار ئاساسەن مەملىكەتتىكى ئىقتىسادىي تۇراقسىزلىق، ئوزۇق-تۈلۈك مەھسۇلاتلىرىنىڭ، تۇرۇشلۇق ئۆيلەرنىڭ يېتىشمەسلىگىدىن كېتىپ بارىدۇ. بىراق، تارىخچى ئالىم، قازاقستاندا نەشر قىلىنىدىغان نېمىس گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى كونستانتىن ئېرلىخنىڭ پىكرىچە، نېمىسلارنىڭ كۆچۈپ كېتىشى — بۇ تەقىپلەش ۋە خاقارەتلەش يىللىرى ئۈچۈن ئالاھىدە نارازىلىق.

«مەن گېرمانىيەگە كۆچۈپ كېتىش تەرەپدارى ئەمەس»، — دەيدۇ ئۇ. — ئەكسىچە، ئەگەر بىزگە ئاۋتونومىيەنى قايتۇرۇپ بەرگەندە، بىز مەدەنىيىتىمىزنى ۋە تىلىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ساقلاپ قالغان بولار ئىدۇق، دەپ ھېساپلايمەن. مېنىڭ ئەجداتلىرىم رۇس ئىمپېراتورىنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ ئىختىيارىي ھالدا ۋولگا ئەتراپىغا كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ مەخسىتىم — ئىلگىرى پوۋولژيېدە موجۇت بولغان نېمىس ئاۋتونوم جۇمھۇرىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈش. بالىلىرىم ئۆزلىرىنى ئىشەنچلىك تۈردە روسسىيە نېمىسلىرى، دەپ ئاتايدىغانلىقىغا ئۈمۈت قىلىمەن».

ۋالېرىي تۇۋېكوۋ.
(ئى ئا ئا).

خىتاينىڭ دۇنيادىن پىنھان كوز ياشلىرى

«خەلق ئارا ئامنىستىيە» ۋە «ئېيشا ئۇئوتچ» خىخجدىكى ئىنسان ھوقۇقى ئەھۋالى ھەققىدە

خىتايدا «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىن» بۇيان ئولۈم جازاسىنى ناھايىتى كوپ ئادەملەر توپلانغان شارائىتتا ئوتكۈزۈش قائىدىگە ئايلانغان. ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ پىكرىچە، بۇ «ئاممىنى تەربىيىلەرمىش». مەھبۇسلارنىڭ قوللىرىنى باغلاپ، ئۈستى ئوچۇق ژۈك ماشىنىلىرىغا سېلىپ، ئېتىش مەيدانىغا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ يەرگە كەلگىچە كولونتا يول-يولدا توختاپ، قىسقا ۋاقىتلىق مىتىنگلار ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. مەھبۇسلار ئېگىز قالپاق كيدۇرۇلگەن باشلىرىنى ژۇگاشلىق بىلەن ئېگىشكە مەجبۇر قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كوكرىگىگە ئىسىملىرى ۋە ئوتكۈزۈلگەن جىنايىتى يېزىلغان تاختا ئېسىلىدۇ (خىتايلىقلار ئۈچۈن مەنىۋىي ئولۈم، جىسمانىي ئولۈمدىنمۇ دەھشەتلىكرەكتۇر). بەزىدە بۇ ئەھۋال تېلېۋىزوردىن كورسىتىلىدۇ. ئاخىرقى پەللە ئاساسەن بىر: ئۇلارنى ئېتىپ تاشلايدۇ.

خىتاي رەھبەرلىكى ئولۈمگە ھوكۇم قىلىنغانلار ۋە ئولتۇرۇلگەنلەرنىڭ سانى توغرىلىق مەلۇماتلارنى ئېلان قىلمايدۇ، بىراق مەملىكەتتە ئەڭ ژۇقۇرى جازا كەڭ قوللىنىلماقتا. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنى بويىچە ئولۈم جازاسىنى ئوغرىلىق، كونترابانда، دولەت مۈلكىنى تالان-تاراژ قىلىش ۋە بىر قاتار باشقا ئىختىسادىي جىنايەتلەر ئۈچۈن بېرىش كوزدە تۇتۇلغان. 1990 - ژىلى «خەلق ئارا ئامنىستىيە» 960 ئولۈم جازاسىنى تىزىمغا ئالغان. ئۇنىڭ 750گى ئىجرا قىلىنغان. موشۇ ژىلنىڭ دەسلەپكى ئىككى ئېيىدا تىزىمغا ئېلىنغان 180 ئولۈم جازاسىنىڭ 120سى ئىجرا قىلىنغان. قەتل قىلىنغانلارنىڭ ئەمەلىيەتتىكى سانى بۇنىڭدىن خېلە كوپ بولۇشى مۇمكىن: بۇ ھەقتە خەۋەر ھېچنېمە بېسىلىۋەرمەيدۇ.

ئولۈم جازاسى پات-پاتلا توقۇپ چىقىرىلغان جىنايىي ماددىلار بويىچە سەياسىي مەھبۇسلارغىمۇ بېرىلىدۇ. 1989-ژىلى 4-ئىيۇندا بولغان تيەنئەنمىن مەيدانىدىكى ۋاقەلەردىن كېيىن، رەسمىي مەلۇماتلار بويىچە 50 تىن كوپرەك كىشى «ئەكسىل ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلىرى» ئۈچۈن ئەڭ ژۇقۇرى جازا بىلەن جازالانغان. «خەلق ئارا ئامنىستىيە» مۇتەخەسسىسلىرى «ۋىژدان تۇتقۇنلىرى» ئىچىدىن ئولتۇرۇلگەنلەرنىڭ سانى بۇنىڭدىن خېلە كوپ دەپ ھېساپلايدۇ. پەقەت 1989-ژىلى ئىيۇن-ئاۋغۇست ئايلىرىدىلا بېجىننىڭ ھەر خىل جايلىرىدا بىر قانچە يۈز سەياسىي مەھبۇس يوشۇرۇن ئولتۇرۇلگەن. ئولتۇرۇلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا «ئىسيانىي» باستۇرۇشتىن ئاۋال تيەنئەنمىن مەيدانىدىن چىقىپ كېتىشنى رەت قىلغان كىشىلەر تولىمۇ بار.

«توۋۋا قىلمىدى»

خىتايدا مەھبۇسلارنىڭ سانى قانچە؟ ئاخىرقى ۋاقىتقىچە خىتاي رەسمىي شەخسلىرى بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىشتىن باش تارتىپ كەلدى. بۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن بۇرۇنلا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئەدلىيە منىستىرىنىڭ ئورۇنباسارى جىڭ-جەن ئىنتېرۋيۇ بېرىپ، 1 مىللىون 260 مىڭ خىتايلىقنىڭ 600 تۈرمە ۋە «ئەمگەك بىلەن ئوزگەرتىش» لاگېرلىرىدا ئېكەنلىكىنى ئېيتتى. بىراق كەلتۇرۇلگەن بۇ رەقەملەر غەرپتە ئېيتىلىپ ژۈرگەن خىتاي تۈرمىلىرىدە 20 مىللىون جىنايەتچى بار دېگەنگە قارىغاندا، ناھايىتى ئازدۇر.

1989-ژىلى 4-ئىيۇلدىكى تيەنئەنمىن مەيدانىدىكى ۋاقەلەردىن كېيىن خىتايدا قولغا ئېلىنغانلارنىڭ سانى سېزىلەرلىك دەرىجىدە كوپەيدى. خەلق ئارا ھوقۇق قوغداش تەشكىلاتلىرىنىڭ باھالىشىچە، تيەنئەنمىن مەيدانىدىكى ۋاقەلەرگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانلارنىڭ سانى 10 مىڭدىن 30 مىڭغىچە، ئۇلارنىڭ كوپچىلىكىنىڭ تەغدىرى مەلۇم ئەمەس. رەسمىي مەلۇماتلاردىن ئەچچە ئادەمنىڭ سەياسىي ئەيىپلەر بىلەن تۈرمىگە تاشلانغانلىقىنى چۈشىنىش تەس. مەسىلەن، 1990-ژىلى «ئىيۇلدىكى قالايمىقانچىلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەكسىل ئىنقىلاپچىلاردىن» 881 كىشىنىڭ بوشىتىلغانلىقى ئېلان قىلىنغان ئېدى. موشۇ ژىلنىڭ بېشىدا يەنە 69 ئادەم ئازاتلىققا چىققان. ئارىدىن بىر قانچە ھەپتە ئوتكەندىن كېيىنلا رەسمىي ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى ئىككى ژىل بۇرۇنقى جىنايىتى ئۈچۈن 787 كىشىنىڭ جازالانغانلىقىنى خەۋەرلىدى.

خىتايدا گۇناكار دەپ ھېساپلانغانلارنىڭ ئۇزۇن ژىللىق تۈرمە جازاسىغا ھوكۇم قىلىنىشى قائىدىگە ئايلانغان. چىڭداۋلىق (سەندۇڭ ئولكىسى) 27 ياشلىق ئوكېانوگراف چېن لانتائو تۈرمىدە ئۇزۇن ۋاقىت بولۇشى جەھەتتىن رېكورد ياراتتى. تيەنئەنمىن ۋاقەلىرى ۋاقتىدا چېن ئوز شەھرىدە مىتىنگدا سوزگە چىقىپ، مەملىكەتتىكى رېپرېسسىيەنى قاتتىق قارىلىغان، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى سەياسىي سەھنىدىن كېتىشكە چاقىرغان. «ئەكسىل ئىنقىلاۋىي تەرغىبات ۋە تەشۋىقاتلىرى، جامائەت تەرتىۋىنى ۋە يول تەرتىۋىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن» چېن 18 ژىللىق قاماق جازاسىنى ئالغان. خىتايدىكى سەياسىي مەھبۇسلار ئارىسىدا تۈرمىدە ئۇزاق بولۇش جەھەتتىن رېكورد ياراتقانلار بار. ۋېي ژىنشېن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ مەشھۇرى بولۇپ، تۈرمىدە 12 ژىل ياتقان. 1979- ژىلى بۇ ئېلېكترىك خىتايدا «دېموكراتىيە تېمى» ھەرىكىتى راسا قانات يايغان پەيتتە دېموكراتىك ئىسلاھاتلارنى تەرغىپ قىلغىنى ئۈچۈن 15 ژىلغا ھوكۇم قىلىنغان ئېكەن.

بېجىندا ۋاڭ جۈنتاۋ بىلەن چېن جىمىن ئۈستىدىن ژۈرگۈزۈلگەن سوت جەريانى كەڭ جامائەتچىلىك پىكرىنى ھاسىل قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى 1976-ژىلى ئاپرېلدىلا يەنە شۇ تيەنئەنمىن مەيدانىدا «تورت كىشىلىك باندىغا» قارشى نامايىشقا قاتناشقان چاغدىلا مەشھۇر بولغان ئېدى. شۇ چاغدا ۋاڭ بىر قانچە ژىلغا تۈرمە جازاسىغا ھوكۇم قىلىنغان. ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەكشۈرۈش-ئېنىقلاش جەريانىدا بۇ ئىككى «ژىرىك ئەكسىل ئىنقىلاپچى» 13 ژىلدىن تۈرمە جازاسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا قوشۇمچە يەنە تورت ژىلدىن پۇخرالىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى. مۇنداق قاتتىق جازالانغانلىقىنى ۋاڭ بىلەن چېننىڭ «توۋۋا قىلمىغانلىقى» بىلەن چۈشەندۈرمەكتە. ئۇلارنى ھىمايە قىلىشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا بىر ھەپتىدىن ئازىراق ۋاقىت بەرگەن. گۇناكارلارنىڭ ئادۋۇكاتلىرىغا ئەيىپلىنىش خۇلاسىلىرىنى (ئۈچ مىڭ بەتلىك تومنى) ئوقۇپ چىقىشقا تورت كۈن بەرگەن. سوت جەريانىدا ئەيىپلەنگۈچىلەر ئوز گۇناھىنى بويىنىغا ئالمىدى. جازا ھوكۇم قىلىنغاندىن كېيىن بولسا ئارازىلىق ئەرىزىسىنى بەردى. بىراق ۋاڭ جۈنتاۋنىڭ ئادۋۇكاتلىرى ئۇنى قوللاشتىن باش تارتتى. ئادۋۇكاتلارنىڭ بىرى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ئۇنى ئىشتىن بوشىتىپ، كۋارتىرىغا ئورۇغان نوۋەتتىن ئوچۇرىلسەن دەپ تەھدىت سالغانلىقىنى ئېيتتى. تەھدىتلەردىن قورقمىغان چېن جىمىننىڭ ھىمايىچىسىنى بولسا ئادۋۇكاتلىق ئىشىدىن بوشاتقان. رەسمىي شەخسلەرنىڭ سوت جەريانىنى ئوچۇق ئوتكۈزۈشكە ۋەدە بەرگەنلىكىگە قارىماستىن، زالغا چەت ئەل ژۇرنالىستلىرىنى، دىپلوماتلىرىنى ۋە مۇستەقىل كۈزەتكۈچىلەرنى كىرگۈزمىگەن. بۇنىڭ ھەممىسى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايىي ئىشلار كودېكسىنىڭ 111-ماددىسىغا زىت كېلىدۇ. بۇ ماددا بويىچە دولەت مەخپىيەتلىكىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلەلەردىن باشقا ھەر قانداق ئىش ئوچۇق سوتتا قارىلىشى كېرەك.

پرېزىدېنت بۇشقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئايالغا يازغان خەت

1991-ژىلى مارتتا «ئەكسىل ئىنقىلاۋىي ئۇنسۇرلارنى يوشۇرغىنى ئۈچۈن»، يەنى نامايىشقا چىققانلارنى قاماققا ئېلىش ۋە شەپقەتسىز قەتل قىلىشلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن شاڭگاڭلىق سودىگەر لو-خايسىن گۇۋاڭجۇ خەلق سوتى تەرىپىدىن بەش ژىللىق مۇددەتكە ئازاتلىقىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئېدى. سوت بولغىچە، لو 16 ئاي تۇتقۇنلۇقتا بولدى، گەرچە خىتاي قانۇنلىرى بويىچە ئۇنى پەقەت بىر ھەپتىگە يېتەر-يەتمەس ۋاقىت مابايىنىدىلا تۇتۇپ تۇرۇش مۇمكىن بولسىمۇ، ئادۋۇكات سوت جەريانى ھەققىدە ئۇ باشلىنىشتىن بىر ئەچچە سائەت بۇرۇنلا خەۋەردار قىلىنغان.

ھوكۇم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن لو ئارازىلىق ئەرىزىسىنى ئەۋەتكەن، لېكىن گۇۋاڭدۇڭ ئولكىلىك ئالىي سوت بۇ خەتنى يېپىق ئىشىكلەر ئارقىسىدا قاراپ چىقىپ، سوتلىنىۋاتقاننىڭ ئادۋۇكاتىنى قاتناشتۇرماي، ئۇنىڭ خېتىنى رەت قىلغان.

موشۇ ژىلى ماي ئېيىدا لو-خايسىن ئوزىنى رەنجىتكەنلەردىن ھېچ كىمگە ئوخشىمايدىغان يول بىلەن ئوچ ئالدى. ئۇ ئايالىغا ئوزىنىڭ شاڭگاڭ فىرمىلىرىنىڭ بۇيرۇتمىلىرى بويىچە سۇئىي گۈللەرنى ياسايدىغان ئالاھىدە زاۋود سېخىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى يازغان. ئايالى لونىڭ يازغانلىرىنىڭ جامائەتچىلىككە، جۈملىدىن، ئامېرىكا جامائەتچىلىكىگە مەلۇم بولۇشى ئۈچۈن ھەممىنى قىلغان. خىتايدا چەتكە چىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتنى ئىشلەشتە مەھبۇسلاردىن پايدىلىنىدىغانلىقى توغرىلىق خەۋەر ئامېرىكىدا غەزەپ دولقۇنىنى قوزغىغان. قانۇن چىقارغۇچىلار خىتاينى سودىدىكى چوڭ ئىمتىيازلاردىن مەھرۇم قىلىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ ئىشقا ئارىلاشقان پرېزىدېنت بۇش غەزەپلەرنى بېسىپ، كونگرېسقا مەسىلىنى جىددىي تەكشۈرۈپ بېقىشقا ۋەدە بەرگەن.

خىتايدا پەقەت باشقىچە پىكىر قىلىدىغانلار، ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ ئىدىيەسىگە چوقۇنۇشتىن باش تارتىدىغانلار رېپرېسسىيەگە ئۇچراپ قالماستىن، بەلكى، شۇنداقلا ئادەتتىكى دىنغا ئېتىقات قىلىدىغانلارمۇ: كاتولىكلار، پروتېستانتلار، بۇددىستلارمۇ ئۇچرايدۇ ... «خەلق ئارا ئامنىستىيەنىڭ» خەۋىرىگە قارىغاندا، 1990-ژىلى فېۋرالدا جېجاڭ ئولكىسىنىڭ ۋېنجاۋ شەھرىدىكى 75 ياشلىق كاتولىك ۋىكارى فرېنسىس ۋان ئىجۇڭ ئۈچ ژىلغا «ئەمگەك بىلەن ئوزگەرتىش لاگېرىغا» مەھكۇم قىلىنغان. بۇنىڭدىن بۇرۇن ۋاڭ دىنىي ئېتىقاتلىرى ئۈچۈن 13 ژىل ئومرىنى تۈرمىدە ئوتكۈزگەن ئېدى. بۇ قېتىم ئۇنى ئوتكەندە جازالانغاندا «ئوز گۇناسىنى ژۇيۇشنىڭ زورۇرلىكىنى چۈشەنمىگەنلىكى، ئەمگەك بىلەن ئوزگەرتىش سەياسىتىنى تەن ئالمىغانلىقى، ۋېنجاۋدىكى مەخپىي كاتولىك چىركوسى بىلەن قانۇنسىز ئالاقە باغلىغانلىقى، شۇنداقلا خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقات قىلغۇچىلارنى خەلق ھوكۇمىتىنىڭ دىن ساھاسىدىكى سەياسىتىگە ۋە قانۇنىي دېكرېتلىرىغا قارشى چىقىشقا كۈشكۈرتكەنلىكى ئۈچۈن» سوتلىغان.

«دۇنيا ئوگۈزىسىدە»

تىبەت ئاۋتونوم رايونىدىمۇ يەرلىك ئاھالىنى ئۇلارنىڭ ئوز دىنىغا ئېتىقات قىلىپ، بۇددىغا چوقۇنۇپ ياشىغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلايدۇ. بۇنىڭدىن 40 ژىل بۇرۇن «دۇنيانىڭ ئوگۈزىسىگە» ھوكۇمەت قوشۇنلىرى كىرگەندە بېجىندا بۇ يەردىكى ئوتمۇشتە قۇل سۈپىتىدە ياشىغان ئاھالىنىڭ سوتسىيالىزمدا ئازاتلىققا مۇيەسسەر بولغانلىقى ھەققىدە كىتاپلارنى چىقارغان ئېدى. خىتاي ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى دەسلەپكى قېتىم ئوگىتىپ چىققان تىبەتلىك بالىلارنىڭ تىبەتكە خىزمەت قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە رېپورتاژلارنى يازغان ئېدى. ئاخىرقى ژىللاردا بۇ پەردە ھەقىقەتەن ئۇزۇن ئومۇر سۈرۈشىنى ئىككى ھەسسە ئۇزارتتى، مەركىزىي ھوكۇمەت مەكتەپلەرنى، دوختۇرخانىلارنى سالدى، يوللارنى ياسىدى ... بىراق مىللىي مەدەنىيەتكە، دىنغا ۋە تىبەتلىكلەرنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ئائىت نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى شەپقەتسىزلىك بىلەن بۇزۇلدى. تىبەتلىكلەرنىڭ 50 قېتىمدىن كوپرەك كوتەرگەن قوزغىلىڭى ياۋۇزلارچە باستۇرۇلدى. موشۇ ژىللاردا تىبەتتە بىر مىللىون 200 مىڭدىن كوپرەك ئادەم (يەنى مىللەتنىڭ ئالتىدىن بىرى ھالاك بولدى). خەلق ئارا ھوقۇق قوغداش تەشكىلاتلىرىنىڭ ھېساۋى بويىچە، 1987-ژىلى سېنتەبىردىكى چوڭ چىقىشتىن كېيىن ئون مىڭلىغان كىشى رېپرېسسىيەگە ئۇچرىدى. «ئېيشا ئۇئوتچ» ۋەكىلى بۇ رايوندىكى خىتاي ھاكىمدارلىقىنى مۇنداق باھالايدۇ: «خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسىنىڭ بېسىپ كىرىشى ۋە تىبەتنىڭ مۇداخىلە قىلىنىشى يەرلىك ئاھالە ئۈچۈن ھالاكەتلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، بۇ بولۇپمۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» ۋاقتىدا ئالاھىدە كۈچلۈك بولدى. ئىبادەتخانىلار ۋە بۇددىنىڭ مۇقەددەس جايلىرى ياۋايلارچە بۇزۇپ تاشلاندى. بۇنىڭغا

(ئاخىرى 4- بەتتە)



ئالمۇتا. «ئالماتاگورستروي» ترېستىنىڭ كوللېكتىۋى شەھەردىكى ئوتلىجا ئېچىلغان مۇقاغالى ماقاتايېۋ نامىدىكى گىمنازىيەنىڭ قۇرۇلۇشىنى مۇددىتىدىن ئىلگىرى ئوگىتىپ، 1266 ئوقۇغۇچىنىڭ 1-سېنتەبىردىن باشلاپ ماتېماتىكا يۆنىلىشى بويىچە ئوقۇش باشلىنىشىغا تولۇق مۇمكىنچىلىك ياراتتى.

سۈرەتلەردە: 1. (سولدىن ئوڭغا) ئاسفالت ياتقۇزغۇچى ۋ. دولماتوۋ بىلەن ماشىنىست ن. كرىۋولاپوۋلار كۈندۈلۈك نورمىلىرىنى ئىككى ھەسسە ئورۇنلاپ چىقتى. 2. ترېست ئىلغارلىرى (سولدىن ئوڭغا) ن. جانتېمىروۋ ۋە گ. سولتانبېكوۋلار.

(قاز تاگ).

مەسئۇت ئەپەندى ھەققىدە ھەقىقەت

(داۋامى. بېشى 105، 106، 107 ۋە 108- سانلاردا)

1. تۈركىستان- ئەسلى تۈرك يۇرتى، بۇ زېمىندا قەدىمدىن ھازىرغىچە تۈرك ئەۋلاتلىرى ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۆلكىنىڭ نامى «شىنجاڭ» دەپ ئاتالماستىن «تۈركىستان» دەپ ئۆز نامى بىلەن ئاتالسۇن. بۇ ئۆلكىدە ياشىغۇچى يەرلىك خەلق «تۈرك» دەپ ئاتالسۇن. بۇ غايىلار ئاساسىي قانۇندا قەيت قىلىنسۇن.

2. ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنىڭ ئىككىنچى ماددىسىغا «تۈركىستاندا ياشىغۇچى تۈرك مىللەتكە ئالىي مۇختارىيەت ھوقۇقى بېرىلىدۇ» دېگەن قوشۇمچە كىرگۈزۈلسۇن.

3. ئاساسىي قانۇن لايىھەسىگە «مىللىي ئۆلكىلەرنىڭ مەمۇرىي رەئىسى، ۋىلايەت ۋالىيلىرى، ناھىيە ھاكىملىرى ۋە باشقا يۇرت باشچىلىرى شۇ تەۋەدە ياشىغۇچى ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئۆز كىشىلىرىدىن قويۇلىدۇ»- دېگەن قوشۇمچە كىرگۈزۈلسۇن.

4. ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنىڭ 27-ماددىسىغا- «ئاز سانلىق مىللەتلەر ياشىغان رايونلاردىن سايلىنىدىغان ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى، شۇ يەردىكى مىللەتنىڭ ئۆز كىشىلىرىدىن سايلىنىشى شەرت»،- دېگەن بىر ماددا كىرگۈزۈلسۇن...». مانا موشۇ خىلدىكى 12 ماددىلىق تەكلىپنامىنى يېزىپ چىقىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە تەغدىم قىلغان.

1942-ژىلى 25-فېۋرال كۈنى، مەسئۇت ئەپەندى ژۇقارقى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 6 ماددىلىق بىر تەكلىپنامە تەييارلاپ، خىتاينىڭ دۆلەت باشلىغى جياڭ كەيشىگە سۇنغان. مۇنداق مەسىلىلەرنى يەنە كۆپلەپ كەلتۈرۈش مۇمكىن.

1945- ژىلى مارت ئېيىدا، خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىكى بەزى ئەرباپلار:

-«شىنجاڭنىڭ يەر زېمىنى ناھايىتى كەڭ، ئاھالىسى تارقاق، ھاۋا يوللىرى يوق. قاتناش ئىشلىرى قولايسىز، شۇڭلاشقا بىر مەركەزدىن باشقۇرۇش قىيىن»- دېگەننى باھانا قىلىپ، ئۆلكىنى مەمۇرىي جەھەتتىن 3 بۆلەككە بۆلۈپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. (ئۇلار «دۇڭجاڭ- شەرقىي ئۆلكە»، «بېيجاڭ- شىمالىي ئۆلكە»، «نەنجاڭ-جەنۇبىي ئۆلكە») دەپ ئاتاماقچى بولىشىدۇ.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئەپەندىلەر دەرھال نارازىلىق مەكتۇپ تەييارلاپ، خىتاينىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە سۇنىدۇ. بۇ مەكتۇپنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

- «سۇنياتسۇن ئەپەندىنىڭ سەنمىن جۇيى تەلىماتىدا» ھەم بىرىنچى نۆۋەتلىك پۈتۈن مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىدا: «جۇڭخۇامىنگو تەۋەسىدە ياشىغۇچى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مىللىي مۇختارىيەت ھوقۇقى بېرىلىدۇ»- دەپ ئوچۇق كۆرسىتىلگەن ئىدى. موشۇ قارارغا ئاساسەن، تۈركىستاندا ياشىغۇچى يەرلىك مىللەتكە مىللىي مۇختارىيەت ھوقۇقى بېرىلىشى كېرەك ئىدى. بۇگۈن بولسا، مىللىي مۇختارىيەت بېرىشنىڭ ئورنىغا، بىر پۈتۈن ئۆلكىنى- بىر پۈتۈن مىللەتنى پارچىلاپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئەگەر مىللەت زورمۇزور پارچىلىنىدىغان بولسا، بۇ مۇقەررەر ھالدا يەرلىك مىللەتنىڭ غەزىۋىنى قوزغايدۇ. بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى بۇزغانلىق بولىدۇ. ئاندىن قالسا، تۈركىستان بىر قانچە ئۆلكىگە پارچىلانغاندا، مۇقەررەر ھالدا ئەمەلدارلار كۆپىيىدۇ، ئارمىيە سانى ئاشىدۇ. خىراجەت ئېغىرلىشىدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ نامراتلىقتا ياشاۋاتقان خەلق مۇنچىلىك ئېغىر ژۈكنى كۆتىرەلمەيدۇ. يەنە ئېيتساق، يېڭىدىن بۆلۈنگەن ئۆلكىلەر ئارىسىدا يەر-سۇ تالىشىش ماجراسى كېلىپ چىقىدۇ. تۈرك مىللىتىنىڭ ئاڭلىق زىيالىلىرى بۇنى- بىر پۈتۈن مىللەتنى پارچىلاپ ژۇتۇۋېتىش ئۈچۈن قىلىنغان تەدبىر،- دەپ چۈشىنىدۇ. نەتىجىدە مەركەزگە ئىشەنمەسلىك، ھەتتا ئۇچمەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ...

بۇ تارىخىي جەھەتتىن خاتا سەياسەت بولۇپلا قالماستىن، زىيانلىق ئەكسىيەتچى سەياسەتتۇر. مۇنداق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتكە يول قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ!..

مەسئۇت، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسابەگ ئەپەندىلەر بۇ خىلدىكى مەكتۇبلارنى خىتاي رەھبەرلىرىگە دايىمەن سۇنۇپ تۇرىدۇ. تەبىيكى مۇنداق مەكتۇبلار چوڭ مىللەتچىلىك كەيپىياتىدىكى رەھبەرلەرگە ياقمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن بەزى خىتاي رەھبەرلىرى بۇ ئەپەندىلەرنى «مىللەتچى ئۇنسۇرلار ئىكەن» دەپ يامان كۆرۈپمۇ قالىدۇ. ھەتتا ئەيسابەگ ئەپەندىنى «دۆلەتنىڭ بىرلىگىگە قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ» دېگەن ئەيىپ بىلەن سوتقا بەرمەكچىمۇ بولىشىدۇ. بىراق مەركىزىي ھۆكۈمەتتىكى، بۇلارنى توغرا چۈشەنگەن بەزى ئەرباپلارنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن سوتتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. شۇنداق ئەرباپلارنىڭ بىرسى- شۇ چاغدىكى خىتاي دۆلەت پالاتىسىنىڭ باشلىغى سۇن كو ئەپەندىدۇر. سۇن كو ئەپەندى ۋە 3 ئەپەندىگە تۆۋەندىكى مەزمۇندا جاۋاپ خەت ئەۋەتىدۇ:



ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۇرۇمچىدىن غۇلجىغا قايتقاندا، ئۇلارنى مەسئۇت ئەپەندى، ئەيسا ئەپەندى ئايرودرومدا ئۇزىتىپ چىققاندا، ئەخمەت ئەپەندى بىلەن چۈشكەن سۈرەت. ئوڭدىن- سولغا- ئەخمەت ئەپەندى، مەسئۇت ئەپەندى ۋە ئەيسا ئەپەندىلەر.

-«مۇختەرەم مەسئۇت، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسابەگ ئەپەندىلەر!

31- مارتتا پالاتامىزغا سۇنغان تەكلىپلىرىڭىزدىن خەۋەر تاپتىم. «شىنجاڭغا ئالىي مۇختارىيەت ھوقۇقى بېرىلسۇن» دېگەن تەكلىپلىرىڭىزگە تامامەن قوشۇلىمەن. بۇ تىلەكلىرىڭىزنىڭ تېزىراق ۋۇجۇتقا چىقىشى ئۈچۈن، سىلەر بىلەن بىللە تۇرۇپ كۈرەش قىلىمەن.

ئەھتىرام ئىلە: سۇن كو».

بۇ فاكتلار مەسئۇت ئەپەندىنىڭ ئىچكى خىتايدا ژۈرۈپ، پارلامېنتلىق ۋە سەياسىي كۈرەش يولى بىلەن يۇرت تەغدىرى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ پەقەت بىر سەھىپىسىدۇر.

مەلۇمكى، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىغى ژۈرگۈزۈشتە ئاساسەن 2 تۈرلۈك كۈچكە تايىناتتى. بىرىنچىسى- تۈركىستاندىكى ھەربىي كۈچنى ئاشۇرۇپ، ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتەتتى. ئىككىنچىسى- تۈركىستانغا خىتاي مۇھاجىرلىرىنى كۆپلەپ كۆچۈرۈش ئارقىلىق، بۇ ئۆلكىنىڭ دېموگرافىيەلىك ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشاتتى. بۇ ئىككى خىل «چاقىرىلمىغان مېھمانلارنىڭ» كۆپىيىشى، ئۇنىڭسىزمۇ نامراتلىقتا ياشاۋاتقان خەلققە يېڭى ئېغىرچىلىقلارنى كەلتۈرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يەرلىك خەلقلەر خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن مۇھاجىرلارنى ئۆچ كۆرۈپ، ئەپرەت كۆزى بىلەن قاراتتى.

مەسئۇت ئەپەندى 1945-ژىلى يازغان بىر ماقالىسىدا موشۇ ئۆچمەنلىكنى بايان قىلىپ مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «تۈركىستاندىكى گومىنداڭ مىللەتچىلىرىنىڭ خەلقنى باشقۇرۇش ئالاھىدىلىكى- ئۇ چوڭ ھەربىي كۈچلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىغى بولۇپ، يەرلىك خەلق ئۇلارغا ئادەم يۈزلۈك چېكەتكىلەرگە قارىغاندەك قاراتتى، ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈلگەن خىتاي مۇھاجىرلىرى بولسا، چېكەتكىلەردىنمۇ يامان ئاپەت ھېساپلىناتتى. خىتاينىڭ بۇ خىلدىكى سەياسىتى تۈركىستاندا 1932- ژىلىدىكى ۋە 1944-ژىلدىكى مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى».

ئەينى ژىللاردا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەزىرى بولغان، كېيىنىرەك غەربىي-شىمال بەش ئۆلكىنىڭ رەئىسى بولغان گېنېرال جاڭ جى جۇڭ ئۆزىنىڭ «ئۇرۇمچى سوھبىتىدىن شىنجاڭ تېچ ئازات بولغانغا قەدەر» دېگەن مېموئار كىتاۋىدا مەسئۇت ئەپەندى توغرىلىق يازغان تۆۋەندىكى قۇرلار دىققەتكە سازاۋەردۇر:

— «مەسئۇت ئەپەندى بىلەن دايىم مەركىزىي ھۆكۈمەت ژىغىنلىرىدا ئۇچرىشىپ قالاتتۇق. مەسئۇت ئەپەندى شۇ ژىغىنلاردا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىستىقبالى- تەغدىرى توغرىلىق دادىللىق بىلەن ئوچۇق- ئاشكارە سوزلىگەن سوزلىرىنى تالاي قېتىم ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇ ھۆكۈمەت ژىغىنىنىڭ مۇنبىرىدە تۇرۇپ سوزلىگەن، سوزلىرىدە جاللات شىڭ شى سەينىڭ تېرورلىغىنى غەزەپ بىلەن تىللايتتى. شۇ ئارقىلىق جاپاكەش شىنجاڭ خەلقى نامىدىن جاپا ئېيتىپ، دەرت توكۇۋاتقاندەك دادىغا ئالدىدا ئەرز- شىكايەت قىلىۋاتقاندەك تەسىرات قالدۇراتتى! مەن مەسئۇت ئەپەندىنىڭ موشۇ خىلدىكى نۇتقىلىرىنىڭ بىر نەچچە قېتىم گۇۋاچىسى بولغانمەن.»

1945- ژىلى سېنتەبىردە خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى گېنېرال جاڭجىجۇڭنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سۈپىتىدە 3 ۋىلايەتتە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سوھبەت ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تېچ ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇمچىگە ئەۋەتمەكچى بولىدۇ.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان مەسئۇت ئەپەندى تۈركىستان مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىش ھەققىدىكى ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى بايان قىلىپ، پرېزىدېنت جاڭ كەيشىگە ھەم جاڭ جى جۇڭغا ئايرىم-ئايرىم مەكتۇپ يوللايدۇ. جاڭ جى جۇڭغا يوللىغان مەكتۇپى مۇنداق ئىدى:

1. سىز شىنجاڭغا بارغان ۋاقتىڭىزدا، يەرلىك خەلقنىڭ دەرت-ھەسرەتلىرىگە قۇلاق سېلىپ، خەلقنىڭ ھالىغا يەتسىڭىز.

2. شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلقنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، مىللىي تەلەپلىرىنى توغرا چۈشىنىپ، تولۇق قاناتلاندۇرسىڭىز.

3. يەرلىك خەلققە ئالدى بىلەن سەياسىي ئەركىنلىك بېرىپ، پۇقرالارنى ئۇلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئىنسانىي ھوقۇقلار بىلەن تەمىن ئەتسىڭىز.

مەن سىزگە مەسلىھەت تېرىقىسىدا موشۇلارنى تەكلىپ قىلار ئىدىم.

زور ئۈمۈت بىلەن: مەسئۇت سابىرىي».

جاڭ جى جۇڭ مەزكۇر خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن، بۇ ئەپەندىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ھەم شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى بىلىملىرىنىڭ چوڭقۇرلىغىغا قايىل بولىدۇ. لەنجۇغا كەلگەن ۋاقتىدا، بۇ 3 ئەپەندىنى ھوزۇرىغا تەكلىپ قىلىپ:

- مەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇمچىگە كېتىپ بارىمەن. شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا، سىلەرنىڭ يەنە نېمە پىكىرىڭلار بار؟- دەپ ئۇلار بىلەن سوھبەت ئۆتكۈزىدۇ.

ئەپەندىلەر مەسلىھەت تېرىقىسىدا، جاڭجى جۇڭغا تۆۋەندىكى پىكىرلىرىنى ئېيتىدۇ ھەم يېزىپ تاپشۇرىدۇ:

-1. مەركىزىي ھۆكۈمەت، تۈركىستانغا قاراتقان سەياسىتىدە ئۆزگەرمەيدىغان مۇقىم بىر پرىنسىپنى بەلگىلەپ، چوقۇم ئىجرا قىلسۇن، تۈركىستاندا مىللىي مەسىلىنى ئۈزۈل- كېسىل ھەل قىلىپ بەرسۇن.

2. مەركىزىي ھۆكۈمەت تۈركىستاننى ئالاھىدە مىللىي رايون- تۈركىستان دەپ، يەرلىك خەلقنى تۈرك مىللىتى- دەپ ئېتىراپ قىلسۇن. ژۇڭگونىڭ تەلىماتىغا ئاساسەن تۈركىستانغا ئالىي مۇختارىيەت ھوقۇقى بېرىلسۇن.

3. تۈركىستانغا مىللىي مۇختارىيەت ھوقۇقى بېرىلىشتىن ئىلگىرى، ھەر دەرىجىلىك باشقۇرۇش مەھكىمىلىرىگە يەرلىك خەلقنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتۇرۇلسۇن. ئۇلارغا خەنسۇچە تىلنى بىلىش كېرەك- دېگەن شەرت قويۇلمىسۇن.

4. مەركەزنىڭ تۈركىستاندا ژۈرگۈزىدىغان بارلىق سەياسەتلىرى تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مەنپەئەتىگە جاۋاپ بېرىدىغان بولسۇن.

5. تۈركىستان خەلقىگە سوز- مەتبۇئات ئەركىنلىگى، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىنلىگى، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى قاتارلىق دېموكراتىك ئەركىنلىكلەر تولۇق بېرىلسۇن.

6. تۈركىستاندا تۈرك تىلى- ئاساسىي تىل سۈپىتىدە قوللىنىلسۇن. ئىدارىلەرنىڭ ئىش قەغەزلىرى، مائارىپ ساھاسىدا ئوقۇش، ئوقۇتۇش ئىشلىرى، ھەر خىل دۆلەت ئىمتىھانلىرى يەرلىك خەلقنىڭ تىل- يېزىقىدا ئېلىپ بېرىلسۇن.

7. تۈركىستاندا تۇتقۇن قىلىنغان سەياسىي مەھبۇسلار پۈتۈنلەي ئازات قىلىنسۇن. ئازات بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا قايتا زىيانكەشلىك قىلىنمىسۇن. ئۇلارنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان مال-مۈلكى قايتۇرۇپ بېرىلسۇن!...».

موشۇ خىلدىكى جەمى 15 ماددىلىق تەكلىپنامە يېزىپ تاپشۇرۇلىدۇ. كورۇپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇ تەكلىپنامىدىكى پىكىرلەر، ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئارزۇسىنى ئىپادىلەيتتى. خەلقىمىزنىڭ مەنپەئەتلىرىگە جاۋاپ بېرەتتى. خەلقىنىڭ بۇ ھەققانىي تەلەپلىرىنى قاناتلاندۇرماي تۇرۇپ، تۈركىستاندا تېچلىقنى، ئىناقلىقنى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ھەقىقەتكە جاڭ جى جۇڭنىڭمۇ كۆزى يەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ موشۇ تەكلىپنامىدىكى تەلەپلەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ ئاساستا «11 ماددىلىق تېچلىق بىتىم»نىڭ لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، 3 ۋىلايەتتىن بارغان ۋەكىللەرنىڭ ئالدىغا قويغان ئىدى.

(داۋامى بار)

ختاينىڭ دۇنيادىن پىنھان كۆز ياشلىرى

(ئاخىرى. بېشى 2-بەتتە)

قوشۇمچە، خەن مىللىتىنىڭ تىبەتكە ئاممۇۋي رەۋىشتە يۆتكەپ كېلىنىشى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە تىبەتلىكلەرنىڭ ئۆز مەملىكىتىدە ئازچىلىققا ئايلىنىشى بايقالدى...». تىبەتتىكى سەياسىي مەھبۇسلارنىڭ سانى مەلۇم ئەمەس. ئۇنىڭ مەمۇرىي مەركىزى لخاسادىكى تۈرمىلەردە 200دىن كۆپ كىشىنىڭ بارلىقى پەرەز قىلىنماقتا. تۈرمىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى سوت ھوكۈمىنى ئاڭلىمىغانلار. كۆپلىگەن كىشىلەر سوتسىز ۋە تەرگەۋسىز ھەرخىل مەمۇرىي جازالارغا «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشلەرگە ئۈچ ژىللىق مۇددەت بىلەن مەھكۇم قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ئەيۋى «تىبەتنىڭ مۇستەقىللىگى پايدىسىغا تەشۇىقات ئېلىپ بارغانلىغىدا». رەسمىي مەنبەلەرنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1987-ژىلى سېنتەبىردىن تارتىپ 97 تىبەتلىك «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە» ئەۋەتىلگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياش مونا خلارمۇ بار. مەسەياسىي پائالىيەت ئېلىپ باردى دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنغان گودەكلەرنىڭ چوڭلار بىلەن بىللە تۈرمىگە تاشلىنىشى كەڭ قانات يايغان ئېدى.

باشقىچە پىكىر قىلغانلىغى ۋە مۇستەقىللىكنى قوللىغانلىغى ئۈچۈن خەتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشقا جايلىرىدا ياشاۋاتقان تىبەتلىكلەرمۇ تۇتقۇن قىلىندۇ. 1990-ژىلى فېۋرالدا چىڭخەي ئولكىسىدە 24 ياشلىق بۇددا موناخى ئاگيال سېرىن قولغا ئېلىنغان. ئۇلى تىبەتكە مۇستەقىللىك بېرىشكە چاقىرغان ۋاراقلارنى تەييارلاپ تارقاتقانلىقتا ئەيىپلەنگەن، بىر نەچچە ھەپتە مابەينىدە يالغۇز كىشىلىك كامېرىدا تۇتۇپ، پەقەت 1990-ژىلى ئىيۇل ئېيىدىلا 18 ئايلىق تۈرمە جازاسىغا ھوكۇم قىلغان.

مۇنداق ئەھۋال ختاينىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ، جۇملىدىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىدىمۇ يۈز بەرمەكتە، بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ يېرىمىنى مۇسۇلمانلار تەشكىل قىلىدۇ. 1990-ژىلى ئاپرېلدا قەشقەرنىڭ يېنىدىكى بارىن يېزىسىدا كۆتىرىلگەن ۋاقەلەردىن كېيىن 6 مىڭ ئادەم تۈرمىگە تاشلانغان. رەسمىي ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى بارىندىكى ۋاقەلەرنى «سېپاراتىستلار ئىغۋا قىلغان ئەكسىل ئىنقىلاۋىي ئىسيان» سۈپىتىدە تەسۋىرلىدى. ئارەسمىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئاددىي پۇخرالار بىلەن پولىتسىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ يۈزلىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ مېچىتقا بېرىشىنى مەنئىي قىلىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان. 1990-ژىلى سېنتەبىردە شىئۇئار خەلق ھوكۇمىتى دىنىي پائالىيەتلەرنى قاتتىق چەكلەيدىغان بىر قاتار قارارلارنى چىقاردى.

لخاسلىق تىكىنچى

ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنلىرى خېلىلا ئىنسانپەرۋەرلىك قانۇنلار. ئۇلار دېموكراتىك دولەتلەردە قوبۇل قىلىنغان قانۇن ئولچەملىرىگە ماس كېلىدۇ. جۇملىدىن، ختايدا قولغا ئېلىنغانلارنى قىيناش ۋە رەھىمسىز مۇئاسىۋەت قىلىش مەنئىي قىلىنغان. شۇنىڭغا قارىماي، بۇ قانۇنلار باشتىن-ئاياق بۇزۇلماقتا. پەقەت رەسمىي مەلۇماتلار بويىچىلا 1990-ژىلى ختاي سوتلىرىدا «ئىنسان ھوقۇقلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىغا» ئاتىت 4511 ئەھۋال قارالغان.

لخاسلىق تىكىنچى توپگال تىبەتلىكلەرنىڭ روھانىي لىدېرى دالاي-لاما چۈشىرىلگەن كاسېتىنى ساقلاپ ژۈرگەنلىكى ئۈچۈن 1990-ژىلى ئاپرېلدا تۈرمىگە تاشلانغان ئېدى. بىر قانچە كۈن جەريانىدا ئۇلى پولىتسىيە بولۇمچىسىدە دەھشەتلىك ئۇرۇپ ئازاپلىغان. توپگالنىڭ تەلىي ئوڭدىن كېلىپ، ئۇ ئەرىزە قىلغاندىن كېيىن ئەيىپكارلار جازالانغان.

غەرىپ ئانالىتىكلىرىنىڭ پىكرىچە، ئوتكەن ژىلنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ختاينىڭ ئىنسان ھوقۇقلىرى مەسىلىسىگە مۇناسىۋىتىدە تەدرىجى ئىلگىرىلەش يۈز بەرمەكتە. 1990-ژىلى دېكابىردا بېيجىن ئاۋش دولەت كاتىۋىنىڭ ئىنسان ھوقۇقى بويىچە، ياردەمچىسى رىچارد شىفتېرنى قوبۇل قىلدى. بىيىل ئىيۇلدا بولسا، ئاۋستىرالىيەلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىنىڭ تىبەتكە كېلىشىگە رۇخسەت قىلدى. بىراق ئۇرغۇلىغان ئېكسپېرتلار بۇنى ئادەتتىكى دىپلوماتىيەلىك ئويۇندىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ ھېساپلىماقتا.

ئىۋان شوموۋ،
(«نوۋوي ۋرېمە») ھەپتىلىگىدىن ئېلىندى).



جامبۇل. بۇ يەردە ختاي فوتوگرافيه ئاسسوتساتسىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونلۇق بولۇمى بەدىىي فوتوگرافيه ئۇستىسى گاۋ سۈينىڭ مەخسۇس كورگەزمىسى

ئېچىلدى. ئۇ يېقىندا تەشكىل قىلىنغان «جامبۇل-غۇلجا» سوۋېت-ختاي بىرلەشكەن كارخانىسىنىڭ باش دىرېكتورى.

سۈرەتلەردە: 1. فوتوگرافيه ئۇستە

سى گاۋ سۈي، 2. ۋالېنتىنا فادىنا ياش جامبۇللۇقلارغا فوتورەسسامنىڭ ئەمگەكلىرىنى تونۇشتۇرۇۋاتىدۇ.

(قاز تاگ).

يۇمورلار

ئانا-بالا خوشنىسىنىڭكىگە كىردى ۋە ئانا ئوغلىغا دېدى:

– ھەدەڭنى سويۇپ قوي.

– سويمەيمەن.

– ئېمىشكە؟

– ئاخشام دادام سويگەندە كاچىتىغا بىرنى سالغان ئېدى.

* * *

بىر كۈنى چارلى ۋاپاتى ئالدىدىن خوتۇنىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «مەن ئولسەم قايغۇرىۋەرمىگىن، كوپ قېتىم سەن- پەن دېيىشكەن يان خوشنىمىزدىن باشقا خالىغان ئادەمگە تۇرمۇشقا چىقىۋەرگىن» دەپتۇ.

– كوپ قايغۇرما،- دەپتۇ خوتۇنى ئېرىنى ئېچىلاندۇرغان بولۇپ، مەن باشقا ئادەمگە تۇرمۇشقا چىقىش ئۈچۈن ئاللىقاچان ۋەدە بېرىپ قويغانمەن.

* * *

ئېلېكتر مونتيورى شاگىرتىغا دېدى:

–ئەۋۇ سىمنى تۇت!

شاگىرت سىمنى تۇتتى. مونتيور يەنە سورىدى:

– بىر نەرسىنى سېزىۋاتامسەن؟

– ياق.

– ياخشى، دېمەك، توك يوق ئېكەن.

ئا. قۇتلۇق

ناخشا تېكىستلىرى

سالام!

سالام سىزگە بۇرادەرلەر،
ئوچەي دېسەم ھايات بەرگەن،
سالام سىزگە، ئەي يارەللەر،
ئۇچاي دېسەم قانات بەرگەن.

ئاتاپ سىزگە راۋاپ چالسام،
ھەجەپ مۇڭلۇق ئاۋاسى بار.
ساۋاپ دەرلەر كوڭۇل ئالسام،
مىڭ بىر دەرتكە داۋاسى بار.

سالام سىزگە، بۇرادەرلەر،
دىلدا پۇتمەس ئەرزىڭىز بار.
قىيامەتكە قالماس دەيمەن،
بۇ بويىنۇمدا قەرزىڭىز بار.

تۇرنىلار

ھاۋادىكى تۇرنىلار،
مۇڭلۇق سازىڭ چالساڭچۇ.
يارنىڭ يېنىغا بېرىپ،
مېنى يادىغا سالساڭچۇ.

يار مېنى سوراپ قالسا،
ئۇمۇت ئۈزمىسۇن دەڭلار.
يولۇمغا تولا قاراپ،
كوڭۇل بۇزمىسۇن دەڭلار.

ھاۋادىكى تۇرنىلار،
غېرىپ دەردىنى ئاڭلا.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
ئاپپاق ئاتىدۇ تاڭلار...

جۇدالىق

شامدەك ئورتىنىپ يانسام،
يار يەتمەيدۇ ھالىمغا.
بۇ پەلەك تار كەلمەمدۇ،
پەريادىمغا -نالىمغا.

ئايرىلىش ئازاۋىنى
مەندەك تارتقىنى يوقتۇر.
مەندەك تارتقىنى بولسا،
غەمگە پاتقىنى يوقتۇر.

ئارىمىزدا قوش تام بار،
تورار يار جامالىنى.
مەن چارە تاپالمىسام،
خۇدا ئاپقاي ئامالىنى.

ئوسەك

ئوسەك بويى مەجنۇنتال،
ئويناپ كوڭۇل ئاچقىدەك.
دوستلار مېھرى قويۇلسا،
ئوسەك قىردىن ئاشقىدەك.

ئوركەش- ئوركەش دولقۇنلار،
ئاساۋ ئاتتەك قاچىدۇ.
جىگدىلىكلەر، ئاللىقلار
ئېپار پۇراق چاچىدۇ.

ئوسەك ساڭا بارغۇم بار،
باغلىرىڭدا قالغۇم بار.
دەرتكە دەرمان بولغىدەك
بىر دەم ئارام ئالغۇم بار.

يار چىللايدۇ

ئىلىنىڭ بويى بوستان،
بوستانغا بارايمىكىن.
بارمىغىمنى ئاغاق قىپ
يار ساچىن تارايمىكىن.

بوستانغا باھار كەلسە،
يار چىللايدۇ باغلاردا.
نېمە يەتسۇن يار بىلەن
بىللە بولغان چاغلارغا.

گۇلمىكىن مېنىڭ يارىم،
گۇل بولسا قۇرۇتماسمەن.
بىر قىيا بېقىپ قويسا،
ئولسەممۇ ئۇنۇتماسمەن.

كۇتۇش

مەن ئوتەر بولدۇم يولۇڭغا
كېچە- كۇندۇز تەلمۇرۇپ.
رازىمەن ئولسەم قولۇڭدا
ئاي يۈزۈڭنى بىر كورۇپ.

بولمىسا كورۇشكە ۋاقتىڭ،
كەلگىنە كويدۇرگىلى.
بولمىسا سويۇشكە ۋاقتىڭ،
كەل، گۇلۇم، سويدۇرگىلى.
يە يارالدىڭمۇ جاھانغا
كۇتتۇرۇپ ئولتۇرگىلى.

ئانامغا

سەندە قالغان ياشلىغىم،
سەندە شوخ بەختۋاشلىغىم.
نەدە قالدىڭ -نەلەردە،
ئانا، ئاپپاق چاشلىغىم.

كوزۇمدە ياش نەگىيدۇ،
تۇتسا سېنىڭ خۇمارىڭ.
ھەر بالادىن ساقلايدۇ،
بويىنۇمدىكى تۇمارىڭ.

سېنىڭ يادىڭ قىيىنسا،
ئىزدەپ ئايغا قارايمەن.
ئاپالماستىن باغرىمغا
باشقىدىن ئوت قالايمەن.

پۇغان

جاھاننى كېزىپ چىقتىم،
ئاپمىدىم نىگارىمنى.
ئاڭلاشقا كىشى يوقتۇر،
يە مېنىڭ مۇڭ- زارىمنى.

ئاڭلاشقا كىشى بولسا،
ئاڭلىسۇن دۇتارىمنى.
ئۇ بوزلاپ بوغۇلدايدۇ،
ئېيتىپ يوقۇ بارىمنى.

ئۇ بوزلاپ پۇغان تارتسا،
يادىمغا سالار يارنى.
بىر كورمەي ئولەرمەنمۇ،
يوقاتقان نىگارىمنى.

بىر كورمەي ئولۇپ كەتسەم،
ياۋ ئاتار ئازارىمنى
ۋەسلىگە يېتەلمىسەم،
تىكەن باسقاي مازارىمنى...

مۇھەررىر ئا. قاسىموۋ

يېڭى ھايات
ئالمۇتا، 480044
ئېپەك يولى كوچىسى،
50-ئوي 8-قەۋەت

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى:
قازاقستان س س ج مىنىستىرلار
كابىنېتى.

گېزىت ئوفسېت ئۇسۇلى بىلەن
بېسىلدى. بىر باسما تاۋاق.

تېلېفونلار: مۇھەررىر-69-86-33، مەسئۇل كاتىپ-50-86-33، سەياسىي-ئىجتىمائىي بولۇم 81-86-33، ئىختىسات بولۇمى-06-86-33، ئەدەبىيات بولۇمى- 27-86-33، مەدەنىيەت بولۇمى- 01-92-33.

زاكاز (3441) تىراژ 8250

«Йеии хаят» («Новая жизнь») индекс 65359, приложение Республиканской Социально-политической газеты на уйгурском языке «Уйгур авази», выходит — по вторникам, четвергам и субботам.
Газета отпечатана в типографии газетно-журнального Издательства.
г. Алма-Ата, 480044 пр. Ленина 2/4.

ئالا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى -رويۇڭ سامان بولماس.

1991 يىل
14 سېنتەبىر
شەنبە
№110
(3041)
باھاسى 4 تىيىن

يېڭى ھايات

گېزىت 1970- يىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ. ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم سېشەنبە، پەيشەنبە شەنبە كۈنلىرى چىقىدۇ.

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سەياسىي گېزىت «ئۇيغۇر ئاۋازى»نىڭ قوشۇمچىسى.

ن. ئە. نازاربايېۋنىڭ

قازاقستان كومپارتىيەسىنىڭ نۆۋەتتىن تاشقىرى پەۋقۇلاددە سېيزىدىكى سۆزى

ھۆرمەتلىك دېلېگاتلار!

بۇنىڭدىن تېخى ئون كۈن ئىلگەرى، قازاقستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پلېنۇمى موشۇ سېيزنى چاقىرىش توغرىلىق قارارنى قوبۇل قىلغان چاغدا، ھەم ئېلىمىزنىڭ، ھەم جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەغدىرىدە كۆپلىگەن مەسىلىلەر روشەن ئەمەس ئىدى. ئەلۋەتتە بىزنىڭ ھەر بىرىمىز ئىتتىپاقنىڭ كېلەچىكى توغرىلىق، سەياسىي ستروكتۇرىلارنىڭ جەمىيەت ھاياتىدىكى رولى توغرىلىق تەسەۋۋۇرلىرىمىزنى تۈپ-تاسادىن ئۆزگەرتىدىغان جىددىي ۋاقەلەرنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى سەزدۇق. ھەم شۇنداق بولۇپ چىقتى. ھازىر بىز پەقەت قايتا قۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ستراتېگىيەسى بىلەن تاكتىكىسىلا ئەمەس، بەلكى ئۇمۇمىي كونسېپسىيەسىنمۇ تولۇق قايتا چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان تامامەن يېڭى رېاللىقلار ئالدىدا تۇرىمىز. ھاياتنىڭ ئۆزى بىزگە دېموكراتىيەنىڭ ناھايىتى چوڭ ساۋىقىنى بەردى، ئۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىتتىپاقلىق شەرتنامىنىڭ بارلىق ئىلگەرىكى، كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، ناھايىتى ئاجىز تىرەكلىرى غۇلاپ چۈشتى ۋە سوۋېرېن دولەتلەر ھەمدوستلۇغىنىڭ پرىنسىپال يېڭى شەكلى ۋۇجۇتقا كەلدى. ئۇ بىزنى ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىدېولوگىيەلىك قائىدىلەرگە ۋە سەياسىي كەڭچىلىكلەرنى قىلىشقا ئەمەس، بەلكى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى ۋە مۇستەقىللىكىنى سۆزسىز ئېتىراپ قىلىشنىڭ مۇستەھكەم ۋە بىردىن-بىر مۇمكىن بولغان ھۇلىغا، ئۇلارنىڭ ئۇمۇمىي دېموكراتىك كەڭلىكتىكى ئۆز ئارا پايدىلىق ئىختىسادىي ھەمكارلىقىغا ئاساسلانغان.

ئىلگەرىكى ئىتتىپاق ئەندى يوق، مەملىكەتنىڭ تەغدىرى ئۈچۈن پۈتكۈل جاۋاپكەرلىكنى جۇمھۇرىيەتلەر ئۆز ئۈستىگە ئالدى. كىمدۇ بىرلىرىگە بۇ ھازىر پاجىئەدەك بىلىنمەكتە. لېكىن بۇ شۇنداقمۇ؟ سىلەر بىلىسىلەركى، مەن ئوۋۇ-ئوگارېۋو كېڭىشىملىرىنىڭ قىزغىن تەرەپدارى بولدۇم، پلېنۇملار ۋە سېيزلار مىنبىرىدە، ئاممىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرىدا ئېيتقان ھەر بىر سۆزۈمدە دېگەندەك ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسىنى ناھايىتى چاپسان ئىمزالاش زۆرۈر، دېگەن پىكرىنى جىددىي ھالدا ئېيتتىم ۋە مەن ئۆز سۆزلىرىمدىن باش تارتمايمەن. لېكىن بىزنىڭ بارلىق كۈچ چىقىرىشىمىز سۈنئىي توختىلىپ تۇردى. ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچتا، مۇنداق ئېيتقاندا، مەرىگە يەتكەن چاغدا ئاجىزلىشىۋاتقان مەمۇرىي- بيۇروكراتىك قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئاخىرقى دەللى- ئىسيان يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىتتىپاقلىق كېلىشىمىنى ئىمزالاش ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈمىنى چىقارغان بىلەن باراۋەر ئىدى. راست، بۇمۇ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالمىدى. قايتا قۇرۇشنىڭ ئالتە يىلى بېكارغا كەتمىدى. دېموكراتىيە مېۋىسىنىڭ تەمىنى تارتقان خەلق ئۆزىنى توتالىتارلىق تۈزۈمنىڭ ئىلىككە يانىدۇرۇشنىڭ شىددەتلىك ئۇرۇنۇشىغا قەتئىي قارشىلىق كورسەتتى ۋە يېڭىپ چىقتى. بىز موشۇ غالىبيەتنى ئېلىمىزنىڭ ئىستىسناسىز بارلىق خەلقلىرى ھەمسە قوشقان غالىبيەت دەپ تەكىتلىسەك، تامامەن ئادالەتلىك بولىدۇ. ئۇلار 1991-يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا پەقەت موسكۋادىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن خېلە ئىلگىرى- ئالمۇتا ۋە تبىلىسى، باكۇ ۋە كىشىنېۋ، ۋىلنيۇس ۋە يېرىۋان مەيدانلىرىدا قېنىنى تۆكۈپ، ھاياتىنى دېموكراتىيە ئەنتەنىسى ئۈچۈن قۇرۇۋان قىلدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ بىز سۈپەت جەھەتتىن يېڭى مەملىكەتتە ياشاۋاتىمىز. ئىمپېرىيەلىك كارتا ئۈزۈلكېسىل ۋە تولۇق ئوينىلىپ بولدى. ئەندى شەرتنامىغا ئېلىپ كېلىدىغان يول سىۋىلىزاتسىيەلىك ئاساستا بېسىپ ئۆتۈلۈشى ئۈچۈن ئۇراقلىقنى ساقلاش ناھايىتى مۇھىم. ئىشىنىمەنكى، بۇ شەرتنامە ئىمزالىنىدۇ. بىز ئىتتىپاققا ئۆزلىرىنىڭ قاتنىشىش شەكلىنى ئۆزلىرى بەلگۈلەيدىغان جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ خاھىشىنى ھېساپقا ئېلىپ، سۈپەت جەھەتتىن يېڭى پرىنسىپلاردا بىرلىشىشىمىز لازىم. مۇناسىۋەتلەرنىڭ شۇنداق پليۇرالىزمى- قانداقتۇ بىر سەياسىي قىسىم كۆرسىتىشتىن ۋە ئىدېولوگىيەلىك سەجدە قىلىشتىن خالى بولغان ھەقىقىي ھەمدوستلۇقنىڭ ئاساسىي كېپىلى. لېكىن س س ج ئى خەلق دېپۇتاتلىرىنىڭ پەۋقۇلاددە سېيزى قوبۇل قىلغان قارارلار خېلە كېچىكىپ قالغانلىقىنى تەكىتلىمەسلىكىم مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە بۇنىڭدىن بىر-ئىككى يىل ئاۋال قوبۇل قىلىنغان بولسا، ئەھتىمالىم، بىز ئىتتىپاقنىڭ بارلىق سۇبيېكتلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، ئەركىن جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئەركىگە ئاساسلانغان ھەقىقىي ئىتتىپاقنى قۇرۇپ، مىللەتلەر ئارا توقۇنۇشلارغا يول قويماستىن ۋە، ئەلۋەتتە، باشلانغان ئىسلاھاتلاردا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن بولار ئىدۇق. گىجىگلىق، ھايات رېاللىقلىرىغا ساغلام قاراشنى بىلمەسلىك ياكى خالىماسلىق باھاسى ئەينە شۇنداق. شۇنىڭغا باغلىق سىلەرگە مونۇ سوئالنى ئوتتۇرا قويماقچىمەن. موشۇ كېچىكىشتە پارتىيە ئاپپاراتىنىڭ كونسېرۋاتىۋ قىسمى ئەڭ كۆرۈمسىز رول ئوينىغىنى يوقمۇ؟

س ئى ك پ ئوزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە ئىزچىل ۋە ئېغىشماي ماڭغانلىقىنى ياكى دوروسىراغى، غۇلاپ چۈشكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىق مۇمكىن ئەمەس. كوممۇنىستىك پارتىيە ھارامتاماق، يات ئورگانىزم سۈپىتىدە تەرەققىي ئېتىپ، كونستىتۇتسىيەلىك ئەمەس، ئامما ناھايىتى كۈچلۈك دولەت سىستېمىسىغا ئايلىنىپ كەتتى. ژۇقۇرىدىن تۆۋەنگىچە پارتىيە ستروكتۇرىلىرى بارلىق جەمىيەتنى ئۆز دائىرىسىگە ئېلىپ، پارتىيە ئاممىسىنى ھەرىكەتسىز قالدۇردى، ئۇنى ھەر قانداق تەشەببۇستىن مەھرۇم قىلدى، ئۇنىڭ پىكرىدىن خالىغىنىچە پايدىلاندى.

دولەت ئاغدۇرۇشى ۋاقتىدا پارتىيە ئىنقىرازى يۈز بەردى. دولەت ئاغدۇرۇشىغا بولسا، س ئى ك پ نىڭ ژۇقارقى رەھبەرلىگىدىكى بىر مۇنچە شەخسلەر مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقتى. بۇ پارتىيەنىڭ ۋە ھەممىدىن ئاۋال پارتىيە ئورگانلىرىنىڭ ئۇنىڭسىزمۇ ژۇقۇرى بولمىغان ئابرويىنى تامامەن چۈشەردى.

موشۇ شارائىتتا ماڭا ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە ئېغىر قارارنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلدى. مەن س ئى ك پ مەركىزىي كومىتېتى سەياسىي بيۇروسىنىڭ تەركىۋىدىن ۋە مەركىزىي كومىتېتتىن چىقتىم، ئاندىن كېيىن بولسا، قازاقستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى كاتىۋى لاۋازىمىدىن كەتتىم. كىمدۇ بىرلىرى گويا مەن موشۇ ھەرىكىتىم بىلەن ئوزەمدىن قاتاردىكى پارتىيە ئەزالىرىنى چەتلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تايانچىسىدىن ئايرىلىپ قالىمەن دەپ ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى يوشۇرمايمەن. مەن ئۇلارغا مۇنداق دەپ جاۋاپ بەردىم: بۇ مېنىڭ ۋىژدانىم بىلەن شەنىمگە باغلىق ئىش، ھېچ كىمنى ئوزەمگە ئەگەشتۈرۈپ ماڭمايمەن، بۇ توغرا قارارنى مۇستەقىل قوبۇل قىلدى ۋە موشۇ سېيزنى چاقىردى. س ئى ك پ پۈتۈنسويۇزلۇك سېكتورا سۈپىتىدە موجۇتلۇقىدىن قالدى ۋە ئۇ يېڭىلاش يولىنى بېسىپ ئۆتۈشى لازىم دەپ س ئى ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاپرېل (1985-يىل.) پلېنۇمىدا ۋە پۈتكۈل ئىتتىپاقلىق 19- پارتىيە كونفېرېنسىيەسىدە ۋاڭ- چۇڭلۇق بىلەن ئېلان قىلىنغان شارلار قۇرۇق سۆز بولۇپ قالدى. ھاكىمىيەتنى خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنىي سايلانغان ئورگانلىرىغا بېرىش زۆرۈر دېگەن بىلدۈرۈشلەرمۇ خۇددى شۇنداق قۇرۇق سۆز بولۇپ قالدى. موشۇ ئورگانلار ھاكىمىيەتنى پارتىيەدىن كۈچ بىلەن تارتىۋېلىشنى باشلىمىغىچە ئىش بىر ئورۇندىن قوزغالمىدى. باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئىدىمۇ؟ ئەھتىمالىم، مۇمكىن بولمىسا كېرەك. گەپ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، پارتىيە ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئاپپاراتى ئۈستىدىن نازارەتنى يوقىتىپ قويدى. بۇ ئاپپارات ئۇزۇن ژىللار داۋامىدا پارتىيە ئۈچۈن ئىشنى قىلىش لازىم دەپ ھېساپلىغانلىقتىن شۇنداق قىلدىم. ھازىر بولسا، شۇنى ئېيتالايمەنكى، مىڭلىغان كوممۇنىستلار بىلەن پارتىيەدە يوقلارنىڭ مېنى قوللاپ- قۇۋۋەتلىگەنلىگى مېنىڭ توغرا قەدەم تاشلىغانلىقىمغا كوزۇمنى يەتكۈزدى. ئۇلار جۇمھۇرىيەتنىڭ بارلىق جايلىرىدىن ماقۇللاش سۆزلىرى يېزىلغان خەتلەر بىلەن تېلېگراممىلارنى مېنىڭ نامىمغا ئەۋەتتى.

مەن نۆۋەتتىن تاشقىرىقى پلېنۇمدا قازاقستان كومپارتىيەسىنىڭ س ئى ك پ تەركىۋىدىن چىقىشى ۋە جۇمھۇرىيەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ پائالىيىتىنى توختىتىش توغرىلىق مەسىلىنى قويۇپ، شۇ چاغدىمۇ ناھايىتى توغرا ھەرىكەت قىلدىم دەپ ئويلايمەن. مەركىزىي كومىتېت ۋەزىيەتنى ساغلام باھالاپ، ئوزىگە شەرەپ ئېلىپ كېلىدىغان بىردىن-بىر نىڭغا يېتىپ كېلىش يوق. قازاقستان كومپارتىيەسىنىڭ تەغدىرى موشۇ يەردە، موشۇ سېيزدا ھەل قىلىنىدۇ.

ئادالەتلىك ئۈچۈن شۇنى ئېيتىشىم لازىمكى، قازاقستان كوممۇنىستلىرىغا جۇمھۇرىيەتلىك پارتىيە تەشكىلاتىنى كۆپلىگەن كۆڭۈلسىز ھادىسىلەردىن ساقلاپ قېلىش مۇمكىن بولدى. بىز قانداقتۇ بىر ئەشەددىي سولچى ياكى ئوڭچى ئېقىملارغىمۇ چۈشمىدۇق. جۇمھۇرىيەتتە كومپارتىيە، ئۇنىڭ قاتاردىكى ئەزالىرى ئۆز پەيلى كۆپ جەھەتتىن نىسبەتەن ئۇراقلىق ئىجتىمائىي سەياسىي ۋەزىيەت ساقلاندى ۋە ساقلىنىۋاتىدۇ. ئەمگەك كوللېكتىۋلىرىنىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرى جاي-جايلاردا ئوز بورچىنى ئادىل ۋە ۋىژدانەن ئورۇندىدى.

لېكىن س ئى ك پ نىڭ تەركىۋىي قىسمى بولغان قازاقستان كومپارتىيەسىمۇ نۇقسانسىز بولغىنى يوق ۋە پارتىيەۋىي ستروكتۇرىلىرىمىز دېگەندەك ئىشلىمىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى دەۋرىدىن ناھايىتى ئارقىدا قېلىپ، پارتىيە ئاممىسىدىن، يەنە كېلىپ خەلق ئاممىسىدىن ژىراقلاشتى. قانداق رادىكال قانۇنلار قوبۇل قىلىنمىسۇن، ئېغىر ئەھۋالدىن چىقىش، بازارغا كۆچۈش بويىچە قانداق ئىستىقباللىق پروگراممىلار ياكى ھەر قانداق باشقا پروگراممىلار ئىشلىنىپ چىقمىسۇن، بىر مۇنچە پارتىيە رەھبەرلىرى ۋە پارتىيە كومىتېتلىرى كۆپىنچە پاسسىپ بولۇپ، بەزىدە ئۇنىڭغا ئوچۇقتىن-ئوچۇق قارشىلىق كورسىتىپ، ئىجابىي ئوزگىرىشلەرگە توسالغۇ بولدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق داۋام قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مەن شۇنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىمەكچىمەنكى، ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر ھېچ بىر دەرىجىدە يېڭىلاش جەريانلىرىنى چۈشەنگەن ۋە قوبۇل قىلغان، جۇمھۇرىيەتتە باشلانغان دېموكراتىيەلەشتۈرۈش جەريانلىرىنى، يېڭى ئىختىسادىي مۇناسىۋەتلەرگە، ئېگىلىكنى ئوزگەرتۈشنىڭ ئىلغار-شەكىللىرىگە ۋە ئۇسۇللىرىغا قاراپ مېڭىشنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن باشلانغۇچ پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا، بىرىنچى نۆۋەتتە ئەمگەك كوللېكتىۋلىرىنىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا، قاتاردىكى كوممۇنىستلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەمەس.

شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ئەگەر بىز پارتىيەنى چالا رېمونتلاش

(ئاخىرى 4- بەتتە)



پ. ئەخمەت چۈشەرگەن سۈرەتلەر.



بۈگۈنكى تاشكەنت.

ئىنسان ھوقۇقلىرى بىلەن ئەركىنلىكلىرىنىڭ دېكلاراتسىيەسى

ئىنسان ئەركىنلىكى، ئۇنىڭ شەنى ۋە قەدىر-قىممىتى- جەمىيىتىمىزنىڭ ئەڭ قىممەت نەرسىسى. ھەر بىر ئادەم ئەمگەك قىلىش قابىلىيىتىنى ۋە ئىجادىي ئىمكانىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، جەمىيەت ۋە دۆلەت ھاياتىغا ئاكتىۋ قاتنىشىش بىلەن تەمىنلىنىدۇ. ھېچ بىر توپ، پارتىيە ياكى دۆلەت مەنپىيەتلىرى ئادەم مەنپىيەتلىرىدىن ئۈستۈن قويۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس.

س س ج ئى خەلق دېپۇتاتلىرىنىڭ سېيىزى دېموكراتىيە، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئىجتىمائىي ئادالەتلىكنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ ۋە ئۆز تارىخىنىڭ ساۋاقلىرىغا ئاساسلىنىپ، موشۇ دېكلاراتسىيەنى قوبۇل قىلىدۇ.

1- ماددا. ھەر بىر ئادەم تەبىئىي، ئاجرالماس، بۇزۇشقا بولمايدىغان ھوقۇقلارغا ۋە ئەركىنلىككە ئىگە. ئۇلار ئىنسان ھوقۇقلىرىنىڭ ئومۇمىي دېكلاراتسىيەسىگە، ئىنسان ھوقۇقلىرى توغرىلىق خەلقئارا ئاكتلارغا، باشقا خەلقئارا نورمىلارغا ۋە موشۇ دېكلاراتسىيەگە مۇۋاپىق كېلىشى لازىم بولغان قانۇنلاردا بەكىتىلىدۇ.

بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ئىنسان ھوقۇقلىرىنى ۋە ئەركىنلىكلىرىنى ئەڭ قىممەت ئىجتىمائىي بايلىق سۈپىتىدە تەمىنلىشى ۋە قوغدىشى شەرت.

پۇقرانىڭ ئۆز ھوقۇقلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى باشقا ئادەملەرنىڭ ھوقۇقلىرىغا قارشى كەلمەسلىكى لازىم.

ھەر بىر ئادەم ئورۇنلىنىشى جەمىيەتنىڭ ياخشى تەرەققىي ئېتىشى ئۈچۈن زورۇر كونستىتۇتسىيەلىك ۋەزىپىلەرگە ئىگە.

2- ماددا. دېكلاراتسىيە قائىدىلىرى بىۋاسىتە قوللىنىلىدۇ ۋە ئۇلارنى بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى، لاۋازىملىق شەخسلەر، جەمىيەت تەشكىلاتلىرى، پۇقرالار ئورۇنلىشى شەرت.

دېكلاراتسىيەدە مۇستەھكەملەنگەن بارلىق ھوقۇقلار بىلەن ئەركىنلىكلەر سوت ھىمايىسىگە ئىگە.

3- ماددا. بارلىق پۇقرالار قانۇن ئالدىدا تەڭ ۋە مىللىتى ياكى ئىجتىمائىي كېلىپ چىقىشى، تىلى، جىنسى، سەياسىي ياكى باشقا ئېتىقادى، دىنى، تۇرۇشلۇق جايى، مۈلۈك ئەھۋالى ياكى باشقا ھالەتلەردىن قەتئىي نەزەر، قانۇن ھىمايىسىدىن پايدىلىنىشقا تەڭ ھوقۇقلۇق.

ھېچ بىر شەخسلەر، ئاھالىنىڭ ئىجتىمائىي قاتلاملىرى بىلەن توپلىرى قانۇنغا قارشى كېلىدىغان ئۈستۈنلۈكلەردىن ۋە ئىمتىيازلاردىن پايدىلانمايدۇ.

4- ماددا. ھەر بىر ئادەم ئانا تىلىدىن پايدىلىنىش، ئانا تىلدا ئوقۇش، مىللىي مەدەنىيىتىنى ساقلاش ۋە تەرەققىي ئەتكۈزۈش ھوقۇقى بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

ئىرقىي، مىللىي بەلگۈسىگە قاراپ ھوقۇقلارنى ئوتتۇرۇش ياكى قىسمەن چەكلەش ياكى ئۈستۈنلۈكلەرنى بەلگۈلەشكە يول قويۇلمايدۇ.

5- ماددا. ھېچ كىم پۇقرالىقنى ئۆزگەرتىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنمايدۇ.

ئۆز دۆلىتىنىڭ تاشقىرىسىدا بولۇۋاتقان ھەر بىر پۇقرا ھوقۇق ھىمايىسى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ.

6- ماددا. ھەر بىر ئادەم سۆز ئەركىنلىكى، پىكىرلىرىنى ۋە ئېتىقادىنى توسالغۇلۇقسىز ئىزھار قىلىش ۋە ئۇلارنى ئېغىزچە ياكى يازما شەكىلدە تارقىتىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئاممىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرى ئەركىن، سېنزۇرىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئىدېئولوگىيەلىك، دىنىي، مەدەنىي ئەركىنلىك كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. پۇقرالارنىڭ ۋەزىپىسى سۈپىتىدە ئۆزكىلىنىدىغان ھەر قانداق دۆلەت ئىدېئولوگىيەسىنىڭ موجۇت بولماسلىقى لازىم. ھېچ كىم ئۆز ئېتىقادى ئۈچۈن تەقىپلەنمەيدۇ.

7- ماددا. ۋىجدان ۋە دىن ئەركىنلىكى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئېتىقادىغا مۇۋاپىق ھەر قانداق دىنغا ئەركىن ئىشىنىش ياكى ھېچ بىر دىنغا ئىشەنمەسلىك، دىنىي ياكى ئاتېيستىك كۆز قاراشلارنى تارقىتىش، بالىلىرىنى دىنىي ياكى ئاتېيستىك روھتا تەربىيەلەش ۋە بىلىم بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. دىنىي رەسىم-قائىدىلەرنى ئاتقۇرۇش ئەركىنلىكى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ.

8- ماددا. پۇقرالار س س ج ئىتتىپاقىنىڭ ۋە سۇۋېرېن دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرىغا مۇۋاپىق تىنچ ۋە قورالسىز يىغىلىش، مىتىنگلار، يىغىنلار، كوچا يۈرۈشلىرى ۋە نامايىشلار شەكلىدە ئۆزلىرىنىڭ جەمىيەتلىك ئاكتىۋلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

9- ماددا. پۇقرالار سەياسىي پارتىيەلەرگە، كەسپىي ئىتتىپاقلارغا ۋە باشقا جەمىيەت تەشكىلاتلىرىغا بىرلىشىش، ئاممىۋىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە.

سەياسىي پارتىيەلەردە، جەمىيەت تەشكىلاتلىرىدا، ئاممىۋىي ھەرىكەتلەردە، شۇنداقلا ۋاكالەتلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا ئوپپوزىتسىيەدىكى ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدىغان شەخسلەرنىڭ ھوقۇقلىرى، ئەركىنلىكلىرى ۋە قەدىر-قىممىتى قانۇن بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ.

10- ماددا. ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە، كەسپىي تەييارلىقىغا مۇۋاپىق دۆلەت ئورگانلىرىدا، مەھكىمىلەر بىلەن تەشكىلاتلاردا ھەر قانداق لاۋازىملارغا تەڭ ئاساستا ئىگە بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

11- ماددا. ھەر بىر پۇقرا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق ئومۇمىي، تەڭ سايلام ھوقۇقى ئاساسىدا ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى ئەركىن سايلاش ۋە ئۇلارغا سايلىنىش، دۆلەت ئىشلىرىنى ھەل قىلىشقا بىۋاسىتە قاتنىشىش، شۇ جۈملىدىن رېفېرېندۇم ئارقىلىق قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە.

12- ماددا. ھەر ئادەم دۆلەت، ئىختىسان، جەمىيەت ھاياتىنىڭ ۋە خەلقئارا ھاياتنىڭ بارلىق ساھالىرىدىكى ئىش ئەھۋالى توغرىلىق، شۇنداقلا ھوقۇق، قانۇنىي مەنپىيەتلەر ۋە ۋەزىپىلەر مەسىلىلىرى بويىچە تولۇق ۋە توغرا ئەخباراتنى ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

قانۇنلارنى ۋە باشقا نورماتىۋلۇق ھۆججەتلەرنى ئېلان قىلىش ئۇلارنى قوللىنىشنىڭ مەجبۇرىي شەرتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

13- ماددا. ھايات كەچۈرۈش ھوقۇقى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئاجرالماس ھوقۇقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھېچ كىم باش-باشتاقلىق بىلەن ھاياتىدىن مەھرۇم قىلىنماسلىقى كېرەك.

دۆلەت ھايات، سالامەتلىك، شەخسىي ئەركىنلىك ۋە بىخەتەرلىككە قانۇنسىز قەست قىلىشتىن ھىمايە قىلىدۇ.

14- ماددا. ھەر بىر ئادەم ئۆز شەنى بىلەن ئابرويىنى قوغداش، شەخسىي ھايات دائىرىسىگە ھەر قانداق باش-باشتاقلىق ئارىلىشىشتىن ھىمايە قىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە.

15- ماددا. شەخس دەخلىسىزلىكى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ.

ھېچ كىم سوت قارارىغا ئاساسلىنىشتىن ياكى پروكۇرور رۇخسەت قىلغانىدىن باشقا ھالەتتە قاماققا ئېلىنماسلىقى ياكى قاماقتا قانۇنسىز بولماسلىقى كېرەك. قاماققا ئېلىنغان ياكى قاماقتا بولۇۋاتقان تەغدىردە پۇقرا موشۇ ھەرىكەتنى سوت ئارقىلىق تەكشۈرۈش ۋە شىكايەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

ھوقۇققا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن جاۋاپكەرلىككە تارتىلىۋاتقان ھەر بىر ئادەم ئۇنىڭ ئەيىۋىنى سوت لازىملىق ھوقۇق پروتسېدۇرىسى دائىرىسىدە ئېنىقلىمىغىچە ئەيىپسىز دەپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ھىمايە قىلىش ھوقۇقى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ.

16- ماددا. ھەر بىر ئادەم ئىشىنى سالاھىيەتلىك، مۇستەقىل ۋە خالىس سوتنىڭ ئادالەتلىك ۋە ئوچۇق تەكشۈرۈشى ھوقۇقىغا ئىگە.

17- ماددا. ئەركىنلىكىدىن ئايرىلغان بارلىق شەخسلەر ئۆزلىرى بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىك مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ھۆرمەتلەش ھوقۇقىغا ئىگە.

ھېچ كىم ئۇرۇپ قىينالماسلىقى، رەھىمسىز، ئىنسانىيسىز ياكى ئۇنىڭ قەدىر- قىممىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان جازاغا ئۇچرىماسلىقى كېرەك.

18- ماددا. تۇرۇشلۇق ئۆي دەخلىسىزلىكى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. ھېچ كىم قانۇندا كۆزدە تۇتۇلغان ئەھۋاللاردىن ۋە تەرتىپتىن باشقا ھالەتتە تۇرۇشلۇق ئۆيدە ياشايدىغان شەخسلەرنىڭ ئەركىگە قارشى ھالدا ئۇنىڭغا كىرىش ۋە تىنتىش قىلىش ياكى كۆرۈپ تەكشۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس.

19- ماددا. خەت يېزىش- ئېلىش، تېلېفون ئارقىلىق سۆزلىشىش، تېلېگراف ئارقىلىق خەۋەرلىشىش مەخپىيىتى ۋە باشقا ئالاقە ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىش كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ.

پەقەت قانۇندا كۆزدە تۇتۇلغان ئەھۋاللار بىلەن تەرتىپتە موشۇ قائىدىنى بۇزۇشقا يول قويۇلىدۇ.

20- ماددا. نىكا ئايال بىلەن ئەرنىڭ ئىختىيارىي رازىلىقىغا ۋە تەڭ ھوقۇقلۇق بولۇشىغا ئاساسلىنىدۇ. ئائىلە، ئانىلار بىلەن بالىلار دۆلەت تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنىدۇ.

21- ماددا. ھەر بىر ئادەم مەملىكەت ئىچىدە ئەركىن مېڭىش-قاتناش، تۇرۇشلۇق جايىنى تاللىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. موشۇ ھوقۇقنى پەقەت قانۇن چەكلىشى مۇمكىن.

پۇقرالار ئۆز مەملىكىتىدىن كېتىش ۋە ئۇنىڭغا يېنىپ كېلىش ھوقۇقىغا ئىگە، مەملىكەتتىن قوغلاپ چىقىرىلماسلىقى كېرەك.

22- ماددا. ھەر بىر ئادەم لاۋازىملىق شەخسلەرنىڭ، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ۋە جەمىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى سوتقا شىكايەت قىلىش ھوقۇقىغا، شۇنداقلا يەتكۈزۈلگەن مەنىۋىي ۋە ماددىي زىياننى تۆلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە.

23- ماددا. ھەر بىر ئادەم ئەمگەك قىلىش ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىگە ئىگە بولۇش ھوقۇقىغا، شۇ جۈملىدىن ئۈنۈملۈك ۋە ئىجادىي ئەمگەك قىلىشقا، ئۆز قابىلىيىتىدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە، ئىشنى ئەركىن تاللىۋېلىش ۋە ئىشتىن ۋاز كېچىش، ياخشى ئەمگەك شارائىتىغا ئىگە بولۇش، دۆلەت كاپالەتلەندۈرگەن ئەڭ ئاز ئەمگەك ھەققىگە ئىگە بولۇش ۋە ئىشسىزلىقتىن ھىمايە قىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. ھەر بىر ئادەم قانداقتۇ بىر كەمسىتىشسىز، تەڭ ئەمگىكى ئۈچۈن تەڭ ھەق ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

ئەمگەكچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەنپىيەتلىرىنى ھىمايە قىلىش، كوللېكتىۋلۇق مۇزاكىرىلەرنى يۈرگۈزۈش ھوقۇقىغا، شۇنداقلا ئىش تاشلاش ھوقۇقىغا ئىگە.

مەجبۇرىي ئەمگەك قانۇن بىلەن مەنئىي قىلىنغان.

24- ماددا. ھەر بىر ئادەم مۈلۈككە ئىگە بولۇش ھوقۇقىغا، يەنى ھەم ئۆزى، ھەم باشقا شەخسلەر بىلەن بىرلىكتە مۈلۈكنى ئېگىلەش، پايدىلىنىش ۋە سەرىپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. مىراسقا قالدۇرۇش ھوقۇقى قانۇن بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. مۈلۈك ئىگىسى بولۇشنىڭ ئاجرالماس ھوقۇقى شەخسنىڭ مەنپىيەتلىرىنى ۋە ئەركىنلىكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كاپالىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

25- ماددا. ھەر بىر ئادەم ياخشى ۋە مۇناسىپ تۇرمۇش دەرىجىسىگە ئىگە بولۇش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش، ئىجتىمائىي ھىمايە قىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. دەم ئېلىش، قېرىغان چاغدا، ئاغرىغان ۋە ئەمگەك قابىلىيىتىنى يوقاتقان، باقىقۇچىسىدىن ئايرىلغان، بالا تۇغۇلغان چاغدا ئىجتىمائىي تەمىنلىنىش ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ.

26- ماددا. ھەر بىر ئادەم بىلىم ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. باشلانغۇچ بىلىم ئېلىش مەجبۇرىي. ھەر بىر ئادەمنىڭ قابىلىيىتىگە مۇۋاپىق كەسپىي، ئوتتۇرا مەخسۇس ۋە ئالىي بىلىم ئېلىش ھەممىسى ئۈچۈن ئوچۇق. دۆلەتنىڭ ئوقۇش جايلىرىدا ئوقۇتۇش ھەقسىز.

27- ماددا. ھەر بىر ئادەم دۆلەت ياكى جەمىيەت تۇرۇشلۇق ئۆي فوندىنىڭ ئۆيلىرىدىن قولايچىلىقلارغا ئىگە تۇرۇشلۇق ئۆينى ئېلىش ۋە دايىم پايدىلىنىش، شەخسىي تۇرۇشلۇق ئۆي سېلىش ئىشىدا دۆلەت ياردىمىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. ھېچ كىم قانۇندا بەلگۈلەنگەن ئاساستىن باشقا ھالەتتە باش-باشتاقلىق بىلەن تۇرۇشلۇق ئۆيدىن مەھرۇم قىلىنمايدۇ.

28- ماددا. ھەر بىر ئادەم سالامەتلىكنى ساقلاش ھوقۇقىغا، شۇ جۈملىدىن دۆلەتنىڭ سالامەتلىكنى ساقلاش مەھكىمىلىرىنىڭ كەڭ تارمىقىدىن ھەقسىز پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە.

29- ماددا. ئادەم قولايلىق ئەتراپ مۇھىتتا ياشاش ۋە ئېكولوگىيەلىك خىلاپلىقلاردىن ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە ياكى مۈلكىگە يەتكۈزگەن زىياننى تۆلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە.

30- ماددا. ھوقۇقلارنى ۋە ئەركىنلىكلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دۆلەت ۋە جەمىيەت بىخەتەرلىكىگە، جەمىيەتلىك تەرتىپكە، ئاھالىنىڭ سالامەتلىكىگە ۋە مەنىۋىيلىكىگە، باشقا شەخسلەرنىڭ ھوقۇقلىرى بىلەن ئەركىنلىكلىرى ھىمايىسىگە زىيان يەتكۈزۈۋاتقان ھەرىكەتلەر بىلەن ماسلاشمايدۇ.

31- ماددا. خەلقلەرنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ھوقۇقى موشۇ دېكلاراتسىيەدە ئېلان قىلىنىۋاتقان ئىنسان ھوقۇقلىرىغا ۋە ئەركىنلىكلىرىگە قارشى كەلمەسلىكى لازىم.

س س ج ئى خەلق دېپۇتاتلىرىنىڭ سېيىزى.
موسكۋا، كرېمل. 1991- يىل، 5- سېنتەبىر.

ئالمۇتا. ھەرقانداق تەبىئىي ئاپەت ئىنسانلىغا ئۇرغۇللىغان چىقىملارنى ئېلىپ كېلىدۇ. يېقىندا كوكپېكتە بولغان سۇ تاشقىنى 20 مىللىون سومدىن كۆپرەك زىيانغا ئۇچراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇ تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن «كازسېلزاششتا» ئىشلەپ چىقىرىش بىرلەشمىسى تەشكىل قىلىنغان.

سۈرەتلەردە: 1. كورۇنۇشتە خاتىرجەم بولغىنى بىلەن بۇ كۆلدىن ھەر قانداق بالانى كۈتۈشكە بولىدۇ. 2. (سولدىن ئوڭغا) كىنو-فوتو ئوپېراتور ۋ. سېربو ۋە شتۇرمان ۋ. تىچىنسكىلار ۋېرتولىيوت بىلەن ھەر دايىم كۆللەرنى تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ.

(قازتاگ).

مەسئۇت ئەپەندى ھەققىدە ھەقىقەت

(داۋامى، بېشى 105، 106، 107، 108 ۋە 109- سانلاردا)

ئالتە ئايغا سوزۇلغان مۇزاكىرىلەر جەريانىدا تالاش-تارتىشلىق مەسىلىلەر يېشىلىپ، تېپىشلىك ئۆزگىرىش ۋە قوشۇمچىلار كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، «11 ماددىلىق تېچلىق بىتىمى» بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپتىن ئىمزالىنىپ، ئاندىن ئېلان قىلىنغان ئىدى.

ژۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن فاكتلار، مەسئۇت، مەھەممەت ئىمىن، ئەيسابەگ ئەپەندىلەرنىڭ ئىچكى خىتايدا ژۈرۈپ ئىشلىگەن ئىش پائالىيەتلىرىنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمى، ئەلۋەتتە. بىراق موشۇ فاكتلارنىڭ ئۆزىمۇ ئۇلارنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى، ئېمىگە ئىنتىلىپ، قانداق كۈرەش قىلغانلىقىنى يېتەرلىك دەرىجىدە كورسىتىپ بەرسە كېرەك. ئەپەندىلەرنىڭ 10 ژىللاپ ئىچكى خىتايدا بولۇشى ھەرگىزمۇ بەزىلەر ئېيتقاندەك «خىتايلارغا يالاقچىلىق قىلىپ جان بېقىش» بولماستىن، ئەكسىچە «ھوكۈمراننىڭ ژۈرىگىدە تۇرۇپ، كۈرەش قىلىش ئۈچۈن» پاكى ئوزلىرى ئېيتقاندەك: «دۈشمەن بىلەن قانۇنلۇق سەياسىي- ئىدېيەۋىي كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى يولغا قويۇشقا مەجبۇر قىلىپ، بۇ ئۇسۇل بىلەن مىللەتنىڭ ئىستىقلالىنى قولغا كەلتۈرۈش» تىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بېرىدۇ!

جاڭجى جۇڭ بۇ 3 ئەپەندى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا، بىلىمىگە ھەم قابىلىيىتىگە قايىل بولىدۇ- شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ياردىمى بولار، دېگەن ئوي بىلەن ئوزى ئۈرۈمچىگە چىققاندا ئۇلارنىمۇ بىللە ئېلىپ چىقىدۇ. «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالىنىپ، يېڭى ئولكىلىك ھوكۈمەت تەشكىل قىلىنغاندا، ئۇلارمۇ ئۇيغۇر ئىنقىلاپچىلىرى بولغاندىن كېيىن، ئىلى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىشىپ ئىشلەشكە ئوڭاي بولىدىغۇ دېگەن ئوي بىلەن، ئۇلارنى يېڭى تەشكىل قىلىنغان ئولكىلىك ھوكۈمەت تەركىۋىگە كىرگۈزىدۇ. جاڭجى جۇڭنىڭ تەكلىۋى بىلەن مەسئۇت ئەپەندى ئولكىلىك ھوكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە شىنجاڭنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى، مەھەممەت ئىمىن بۇغرا- ئولكىلىك ھوكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە تەمىنات نازارىتىنىڭ نازىرى، ئەيسابەگ - ئولكىلىك ھوكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لاۋازىملىرىغا تەيىنلىنىدۇ.

بۇ 3 ئەپەندى ئۈرۈمچىدە پەيدا بولۇپ، ھوكۈمەت تەركىۋىگە كىرىشى بىلەنلا، ئۇلارغا قارشى سەياسىي بوران قوزغىلىپ كېتىدۇ: ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىدە ئاندىن قەشقەردە، غۇلجىدا ۋە باشقا شەھەرلەردە 3 ئەپەندىگە قارشى نامايىشلار ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ، تەشۋىق ۋاراقلەر تارقىتىلىدۇ، مىتىنگلار ئوتكۈزۈلۈپ، ئۇلارغا: «مىللەتچى، پانتۈركىست، تۈركىيەنىڭ ۋە ئەنگلىيەنىڭ جاسۇسى، خىتايغا ھەسەت، چىن تۈركستانچى» دېگەن قالپاقلار كىيگۈزۈلۈپ، ئۇلارنى قارىلاش ھەرىكىتى ئەۋج ئېلىنىدۇ. مەتبۇئاتلاردا ئۇلارغا قارشى ماقالىلار، شېئىرلار پەيدا بولىدۇ. موشۇ قارىلاش ھەرىكىتىگە ماسلاشقان ھالدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان «شەرق ھەقىقىتى»، «قازاق ئېلى» ژۇرناللىرىمۇ 3 ئەپەندىگە قارشى ماتېرىياللار بېسىپ تۇردى.

1946-ژىلى يازدا مەسئۇت ئەپەندى، ئوزى تۇغۇلۇپ-ئوسكەن ئەل-يۇرتىنى، ئۇرۇق-تۇققان، قوھۇم-قېرىنداش، يار-بۇرادەرلىرىنى كورۇپ، زىيارەت قىلىش مەقسىتىدە غۇلجا شەھىرىگە كەلگەن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ جاسۇس خادىمى ۋە ئى. بورىسوۋ ئوزىنىڭ قول ئاستىدىكى بارلىق ... ۋە كادىرلارنى ... دەرھال مەسئۇت ئەپەندىگە قارشى دولقۇن قوزغۇتىدۇ.

مەلۇمكى، 1944-ژىلى نويابىردا غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ھوكۈمىتى 9 ماددىلىق سەياسىي دېكلاراتسىيە ئېلان قىلغان ئىدى. دېكلاراتسىيەنىڭ 1-ماددىسىدا: «خىتاي باسقۇنچىلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىن ئەبەدىي قوغلاپ چىقىرىپ، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دولىتىنى قۇرۇش» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن ئىدى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى موشۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتاتتى. ستالىنچىلار 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىنى موشۇ غايىدىن ۋاز كەچتۈرۈپ، ئەمدىلا يېڭىلىۋاتقان خىتايغا تەسلىم بولۇپ، ئازات 3 ۋىلايەتنى، خىتاي دولىتىنىڭ تەركىۋىگە قوشۇۋېتىشكە رازى قىلالمايۋاتقان بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر موستەقىللىقچىلار مەسئۇت ئەپەندىلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى، ستالىنچىلارنى تېخىمۇ ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئالاقزادە بولۇشتىكى سەۋەبى بار ئىدى، ئەلۋەتتە. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى ئېلىخان تورەم بولسۇن، ئەخمەتجان قاسىمى بولسۇن، مۇستەقىللىق يولىدا چىڭ تۇراتتى. ستالىنچىلار تەسلىمچىلىك تەشەببۇسلىرىغا قوشۇلمىدى. ئۇلار بۇ ۋاقىت، قاتتىق بېسىم ئاستىدىلا، ئامالسىز يوقىدىن «تېچلىق سوھبىتى»گە بارغان ئىدى. موشۇنداق شارا-



مەسئۇت ئەپەندى ئوغلى ئەرتوغرۇل بىلەن 1947- ژىلى چۈشكەن سۈرەت. ئەرتوغرۇل شايادىكى سەياسىي مەھبۇسلار تۈرمىسىدە 13 ژىل قامىلىپ، شۇ يەردە ئولتۈرۈلگەن ئىدى.

ئىتتا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي رەھبەرلىرى ئەخمەتجان ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ مەسئۇت ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى بىلەن بىرلىشىۋالىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ئازاتلىققا تەشنا بولۇۋاتقان شەرقىي تۈركستان خەلقى قوزغىلاڭنى كەڭەيتىپ، خىتاي باسقۇنچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، مۇستەقىل شەرقىي تۈركستان دولىتىنى قۇرۇۋېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

ستالىنچىلار ئىشنىڭ مۇنداق يونىلىشتە مېڭىشىغا ھەرگىز يول قويالمايتتى! شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار 3 ئەپەندىنى «ئانگلىيەنىڭ جاسۇسى»، «تۈركىيەنىڭ شپيونى»، «خىتايغا سېتىلغان»، «مىللەتچى»، «پانتۈركىست» ... دەپ قارىلاپ، خەلققە يامان كورسىتىشكە، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ 3 ۋىلايەتتىن بارغان ۋەكىللەر بىلەن تىل تېپىشىپ، بىرلىشىۋېلىشىغا يول قويماسلىققا تىرىشتى. نەتىجىدە پۈتۈن ئولكە دائىرىسىدە ئۇلارغا قارشى خەلق نامايىشلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئۇلارغا يالا-توھمەت قىلىنغان تەشۋىق ۋاراقلار تارقىتىلدى. بۇنداق قارىلىشىش ھەرىكىتى، تاكى مەسئۇت ئەپەندى سەياسىي سەھنىدىن كەتكەنگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇلدى.

«11 ماددىلىق بىتىم» نەتىجىسىدە قۇرۇلغان ئولكىلىك ھوكۈمەت بىر ژىلغا يېقىن نورمال خىزمەت ئىشلىدى. بۇ جەرياندا خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا ۋە پۈتۈن دۇنيادا غايەت زور ئوزگىرىشلەر يۈز بەردى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى فاشىستىك گېرمانىيە ۋە مىللىتارىستىك ياپونىيەنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياقلاشتى. مىللىتارىستىك ياپونىيەنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، خىتاينىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى ئوزگەرتىۋەتتى: ئاجىز ئورۇندا تۇرۇۋاتقان خىتاي كومپارتىيەسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن بىردىنلا شەرقىي شىمالدىكى تورت ئولكىگە- زامانىۋىي سانائەتكە، يېتەرلىك ھەربىي تېخنىكىغا ۋە قورال-ياراقلارغا ئىگە بولۇۋالدى. قىسقىسى گومىنداڭ ھوكۈمىتى بىلەن قارشىلاشقىدەك ئىقتىدارغا ئىگە بولدى. نەتىجىدە 1946-ژىلى يازدا گومىنداڭ بىلەن كوڭسەنداڭ ئوتتۇرىسىدا ئىچكى كۈرەش پارتلىدى. بۇ ئىككى پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش جىددىي خاراكتېردا بولۇپ، ھەم ھەربىي ساھادا ھەم دىپلوماتىيە ساھاسىدا ژۈرۈۋاتاتتى. 1947-ژىلىنىڭ باھارىغا كەلگەندە، كۈرەش تېخىمۇ كەسكىنلەشتى، ۋەزىيەت تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتى. گومىنداڭ ھوكۈمىتى قارشى تەرەپ بىلەن سەياسىي مۇلاقات ئوتكۈزۈپ، ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئوزىنىڭ ئاتاقلىق دىپلوماتى جاڭ جى جۇڭنى شىنجاڭ ئولكىلىك ھوكۈمەت رەئىسى ۋەزىپىسىدىن بوشىتىۋېلىپ، گوڭسەنداڭ بىلەن سەياسىي سوھبەت ئوتكۈزۈشكە ئەۋەتمەكچى بولدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن جاڭ جى جۇڭنىڭ ئورنىغا ئولكە رەئىسى بولىدىغان كىشىنىڭ نامزاتىنى تاللاش زورۇرلىگى كېلىپ چىقتى. جاڭ جى جۇڭ ئوزىنىڭ ئورنىغا ئولكە رەئىسى بولىدىغان كىشىنىڭ سالاھىيىتى توغرىلىق جىددىي ئويلاندى. بۇ توغرىلىق جاڭ جى جۇڭ ژۇقارقى كىتاۋىدا مۇنداق يازىدۇ.

«مەن ئولكە رەئىسلىگىگە كىمنى قويۇش مەسىلىسىدە، ئوزۇنغىچە، ئەستايىدىل ئويلاندىم. مەن ئىزچىل شۇنداق ھېساپلاپ كەلدىمكى، مېنىڭ مىللىتىم خەنزۇ، خەنزۇلار شىنجاڭ ئولكىسى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ھېساپلىنىدۇ. ئاراندا ئاھالىنىڭ 5 پروتسېنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا خەنزۇلارنىڭ ئولكە رەئىسى بولۇشى مۇۋاپىق ئەمەس. شىنجاڭدا خەنزۇلارنىڭ ئولكە رەئىسى بولۇشى- بۇ مۇستەملىكىچىلىك ھوكۈمرانلىقىنىڭ ۋاسىتىسى بولغان - گوبېرناتورلۇق تۈزۈمىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنداقلا بۇ مىللىي مەسىلىگە، مىللىي ئاۋتونومىيە توغرىسىدىكى پرىنسىپلىرىمىزغۇ خىلاپ كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئولكە رەئىسىنى، ئەلۋەتتە، شۇ ئولكىنىڭ ئەسلى ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلاردىن سايلىنىشى كېرەك ئىدى...».

«مەن ئولكە رەئىسلىگىگە كىمنى قويۇش مەسىلىسىدە: ئالدى بىلەن ئەخمەتجان ھەم بۇرھان شەھىدى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلدىم:

ئەخمەتجان، ياش، ئىستىقبالى بار. كۈچلۈك دالالەت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەم ئامما ئاساسى چىڭ. بىراق ئۇ 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبىرى، ئولكە ئىچىدىكى رادىكاللارنىڭ يولباشچىسى ئىدى. ئۇنىڭغا يالغۇز نەنجىڭ ھوكۈمىتى قوشۇلمايلا قالماستىن، 7 ۋىلايەت خەلقىنىڭ قوشۇلۇشىمۇ ناتايىن ئىدى.

بۇرھانغا كەلسەك، ئۇ ئەكسىيەتچى ھوكۈمرانلىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان، تۈرمىدە كوپ ياتقان، كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىغا ئاسانلا ئېرىشەلەيدۇ. يەنە كېلىپ ئۇيغۇر-قازاق مىللەتلىرى ئارىسىدا بۇرۇندىنلا ئىناۋىتى بار ئىدى. پوزىتسىيەسىمۇ بىر قەدەر نورمال رادىكاللار بىلەن كونسېرۋاتىلارنىڭ ماقۇللىشىدىن ئوتالايتتى. ئەڭ ئەۋزەللى، ئۇ ۋەتەن كوز قارىشىغا ئىگە، سوۋېت تەرەپكىمۇ مايىل. شۇڭا ئۇنى بىر قەدەر مۇۋاپىق كېلىدىغان نامزات دەپ ھېساپلاش مۇمكىن ئىدى. بىراق ئۇ ئەزەلدىن مەركەزگە بېرىپ باقمىغان. جياڭ جېشى بىر قېتىممۇ ئۇچرىشىپ كورمىگەن. مەركەزدىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا تازا تونۇش ئەمەس. ئەگەر ئۇنى رەئىس ئىزباسارى دەپ ئوتتۇرىغا قويساق، مەركەزنىڭ ماقۇللىشىدىن ئوتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەخمەتجان بىلەن بۇرھان شەھىدىن باشقا پەقەت مەسئۇتلا قالدى. ئۇ شۇ مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئابرويلۇق كىشى ئىدى. شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرغانلىغى ئۈچۈن ئىچكىرىگە قېچىپ بېرىپ، مەركەزدە 10 ژىلدىن ئارتۇق ۋاقىت تۇرۇپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھوكۈمەتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەركىزىي تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئوتىگەن. ئۇ دايىم مەركەزنىڭ ژىغىنلىرىدا دادىل، ئوچۇق سوزلەپ، شىڭ شى سەينى سوكەتتى. كۆچىنىڭ بارىچە شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن دەرت توكۈپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەنپىيىتىگە ۋاكالەتەن سوزلەتتى. ھەممە كىشىلەر ئۇنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ رەھبىرى بولالايدىغان زات دەپ قارىشاتتى. شۇ ژىلىنىڭ بېشىدا مەن نەنجىڭدە، جياڭ كەيشىگە شىنجاڭ مەسىلىسىنى دوكلاد قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا، جياڭ كەيشى ئۇنى ئېغىزغا ئېلىپ:

-«شىنجاڭنىڭ رەئىسلىگىنى ئۇنىڭغا بەرسەك قانداق بولار؟- دەپ سورىغان ئىدى ... مېنىڭچە، ئەگەر ئۇنى ئولكە رەئىسلىگىگە نامزات قىلىپ ئوتتۇرىغا قويساق، مەركەزنىڭ ماقۇللىشىدىن ئوڭايلا ئوتۇپ كېتەلەيتتى ... شۇنىڭ ئۈچۈن مەن مەسئۇت ئەپەندىنى ئولكە رەئىسلىگىگە تەۋسىيە قىلغان ئىدىم...».

«تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئۇزۇن ئوتمەي، نەنجىڭ ھوكۈمىتى ماقۇل بولدى. 1947-ژىلى 5-ئاينىڭ 9- كۈنى رەسمىي بۇيرۇق ئېلان قىلىنىپ، مەسئۇت سابىرى- ئولكىلىك ھوكۈمەت رەئىسلىگىگە، ئەيسابەگ ئالىپتېكىن ئولكىلىك ھوكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەنلىگى ئېلان قىلىندى.

بۇ زوزۇڭتاڭ زامانىسىدىن بېرى ئولكىدە ئۇيغۇردىن رەئىس قويۇلۇشىنىڭ بىرىنچىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئالقىشلىشىغا ئەرزىيدىغان خەۋەر ئىدى...

مەن 5- ئاينىڭ 21- كۈنى مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان بىلەن كورۇشۇپ، مەركەزنىڭ قارارىنى ئۇنىڭغا ئۇختۇردۇم. ئۇ بولسا، بۇ قارارغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەم ئورغۇن دەلىللەرنى كورسەتتى.

مەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئوزىدىلا:

-«بۇيرۇق ئېلان قىلىنىپ بولدى. بۇنى ئوزگەرتكىلى بولمايدۇ»- دېدىم. ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

- «ئۇنداق بولسا، غۇلجىغا قايتىپ بېرىپ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، پوزىتسىيە بىلدۇرۇشكە بولىدۇ»-دەپ، چىقىپ كەتتى.

... 5-ئاينىڭ 28-كۈنى ۋەزىپە ئوتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى بولۇپ، يېڭى رەئىس ئىش تاپشۇرۇۋالدى. بىراق ئىلى تەرەپكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئولكىلىك ھوكۈمەت ئەزالىرى مەراسىمغا قاتناشمىدى ...

مەن مەسئۇت ئەپەندىنى رەئىسلىككە قويساق، ئۈچ ۋىلايەتنىمۇ ماقۇللىشىغا ئېرىشىش مۇمكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم. بىراق ئۈچ ۋىلايەتلىكلەرنىڭ ئۇنىڭغا شۇنچىۋالا كۈچەپ قارشى تۇرىدىغانلىقىنى مولچەرلىمىگەن ئىدىم...».

مەسئۇت ئەپەندى ئولكە رەئىسى دەپ ئېلان قىلىنىپ خىزمەتكە ئولتارغان كۈنلەردە، «ئۈرۈمچى خەلقى مەسئۇت ئەپەندىمنىڭ ئويىگە بېرىپ، ئۇنى يېڭى خىزمەت ئورنى بىلەن تەبرىكلەيدۇ. باشقا شەھەرلەر بىلەن ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى ناھىيەلەردىن ئاھايىتى كوپ ساندا تەبرىك تېلېگراممىلار كېلىشكە باشلايدۇ.

بىراق، ئىلى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى بىر قىسىم ئولكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، جاڭجى جوڭغا قارىتىپ، نارازىلىق خەت يازدۇرىدۇ. خەتتە: بىز مەسئۇتنىڭ رەئىسلىگىنى تونۇمايمىز! ئاساسىي قانۇن ئىجرا قىلىنىپ، سايلام بولغانغا قەدەر، رەئىسلىكتە جاڭجى جوڭ ئوزى ئولتۇرۇپ بەرسۇن، ئەگەر بۇ تەلەپ قوبۇل قىلىنمىسا، ھوكۈمەتنىڭ بۇ ئىشى، يۇرتتا بىرەر تىنچسىزلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولۇپ قالىدۇ!»- دېگەن مەزمۇندا تەلەپلەر بار ئىدى.

(داۋامى بار).

ن. ئە. نازارباييۇنىڭ

قازاقستان كومپارتىيەسىنىڭ نۆۋەتتىن تاشقىرى پەۋقۇلاددە سىيېزدىكى سۆزى

(داۋامى. بېشى 1- بەتتە)

يولىغا چۈشۈپ، ئىلگەركى پارتىيە
ستروكتۇرىلىرىنى قانداقتۇ بىر ساقلاپ
قېلىشقا ئۇرۇنساق، ھايات رېئاللىقلى-
رىغا جۇرئەتلىك قاراشقا ئۆزىمىزدە
كۈچ- قۇۋۋەت تاپمايدىغان بولساق،
ئۇ چاغدا قازاقستاننىڭ مىللىونلىغان
ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ بىزنى قول-
لاپ- قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىش
تەس. بىز بۈگۈن قانداق قارارلارنى
قوبۇل قىلىدىغانلىقىمىزغا خېلە دەرى-
جىدە پەقەت پارتىيەنىڭ تەغدىرىلا
ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ پۈتكۈل سۇ-
ۋېرېن جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ، ئۇنىڭ
كۆپ مىللەتلىك خەلقىنىڭ تەغدىرى
باغلىقتۇر. شۇنداقلا ھەممىدىن ئاۋال
قازاقستاندا ئىختىسات، ئىجتىمائىي
ساھانى ئىسلاھ قىلىشنىڭ، ئادەملەر پا-
راۋەنلىكىنى ئاشۇرۇش، مەدەنىيەتنى
رىۋاجلاندۇرۇش جەريانلىرىنىڭ قان-
داق سۈرئەت بىلەن ماڭىدىغانلىقىغا
باغلىقتۇر. ئۇنىڭغا ھەم پۈتكۈل ئىت-
تىپاقلىق، ھەم دۇنياۋىي مەيداندىكى
جۇمھۇرىيەتنىڭ ئابرويى باغلىقتۇر.

بۈگۈن بىزگە پارتىيەمىزنىڭ نا-
مىنىلا ئەمەس، بەلكى پائالىيەت خا-
راكتېرىنى، شەكىل بىلەن ئۇسۇللىرى-
نىمۇ ئۆزگەرتىدىغان رادىكال قارارنى
قوبۇل قىلىش زۆرۈر دەپ ئويلايمەن.
بىزگە كوممۇنىستىك دوگمىلاردىن ۋاز
كېچىشكە توغرا كېلىدۇ. مەن خاتالاش-
قىنىم يوق، ئىدىياللاردىن ئەمەس، نەق
دوگمىلاردىن ۋاز كېچىشكە توغرا كې-
لىدۇ. ئۆزەڭلار ئويلاپ كۆرۈڭلارا،
بىزگە ئۆتلىغان يىللار داۋامىدا كوممۇ-
نىستىك مەپكۇرە كاپىتال، بازار، مۈ-
لۈك، يەنە كېلىپ خۇسۇسىي مۈلۈك
ئوخشاش چۈشەنچىلەر بىلەن ماس
كەلمەيدۇ دەپ سىڭدۈرگەن ئىدى. ھا-
زىر بولسا بىز باشقا سەياسىي نىشان
ئۆتىدىغان، جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ
باشقا كونسېپسىيەلىرىنى تەرغىپ قى-
لىدىغان ئەللەر بىلەن ئۆتتۈر ئالاقە
باغلاپ، شېرىكلىك مۇناسىۋەتلەرنى
ئورنىتىۋاتىمىز. بىز تېخى يېقىندىلا
بولسا، ئۆز قولىمىز بىلەن «تۆمۈر
قاپقىنى» ياساپ، ئۇلارنى پەقەت سى-
نىپىي دۈشمەن دەپ بىلەتتۇق.

پارتىيەنىڭ يۇقارقى قىسمىغا ئۇزۇن
يىللار داۋامىدا خىزمەت قىلغان
مەپكۇرە بىزگە سوۋېت ئادىمى دۇن-
يادىكى ئەڭ ئەركىن ئادەم دەپ سىڭ-
دۈرۈپ كەلدى. لېكىن پارتىيە ئاپپارا-
تى سۆز، ۋىژدان ۋە مەتبۇئات ئەر-
كىنلىكى توغرىلىق ئېلان قىلىپ، ئام-
مىۋىي سېنزۇرىنى ئورناتتى، پارتىيە
ئەزالىرى ئارىسىدا، يەنە كېلىپ پار-
تىيەدە يوقلار ئارىسىدا تەشەببۇس-
كارلىق بىلەن دېموكراتىيەنىڭ ھەر
قانداق بىخلىرىنى تورەلمىسىدە يوقى-
تىپ تۇردى.

قىسقىسى، پارتوكراتىيە قىزىقتۇ-
رىدىغان كوممۇنىستىك شىئارلارنى چۈم-
پەردە قىلىپ، خەلقنى ئۇياتسىزلىق
بىلەن ئېكسپلۇئاتاتسىيە قىلدى، ئۇ-
نىڭ ھەقىقەتەن ئەمگەك تەشەببۇس-
كارلىقىنى، ئەڭ ئۇلۇغۇرى ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك ۋە بەينەلمىلەلچىلىك تۇيغۇ-
سىنى، ياخشى، ئەركىن ھاياتقا، بارا-
ۋەرلىك ۋە ئىجتىمائىي دۆلەتلىك مەپ-
كۇرىلىرىغا ئىنتىلىشنى بوغۇپ تۇر-
دى. كوممۇنىستىك ئىدېئولوگىيە ئە-
مەلىيەتتە مىللىونلىغان سوۋېت ئادەم-
لىرىگە بەختسىزلىك ئېلىپ كەلدى.
يالغان قائىدىلەرگە قۇرۇلغان ئۇ جە-
مىيەت تەرەققىياتىنىڭ باشقا سىس-
تېمىسى بىلەن تارىخىي تالاشتا ئوبېك-
تىۋ ھالدا ئوتتۇپ چىقالماتتى. باشقا
سىستېما بولسا ئۆزىنىڭ ھاياتقا قابى-
لىيەتلىكلىكىنى يەر شارىنىڭ قالغان
بارلىق قىسمىدا ئىسپاتلىق دەلىللى-
دى. بۇ مەپكۇرە ئۆزىنىڭ ئابرويىنى
تۆۋەن چۈشەرگەنلىكىنى ئېتراپ قىل-
ماسلىق مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا
بىز كېلەچەك توغرىلىق ئويلىغاندا ئىل-
گەركىدەكلا كونا دوگمىلارغا ئەمەل
قىلىشىمىز مۇمكىنمۇ؟ بۇ ئەڭ بولمى-
غاندا ئەگەر ھالاكەتلىك بولمىسىمۇ،
غەيرى -تەبىي بولغان بولار ئىدى.

بىزگە پرىنسىپال يېڭى، نامى باش-
قا پارتىيە كېرەك. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى
خەلققە چۈشىنىكسىز بولغان «پارلاق
كېلەچەك» دەپ ئاتالمىشنىڭ سخولاس-
تىكىلىق ئىدىياللىرىنى قولغا كەلتۈرۈش-
تىن ئەمەس، بەلكى ئېنىق ئىنسانپەر-
ۋەرلىك مەخسەتلەرنى قولغا كەلتۈ-
رۈشتىن، ھەممىدىن ئاۋال پۇقرالارنى
ئىجتىمائىي ھىمايە قىلىشتىن، ئۇلارنىڭ
ھوقۇقلىرىنى ۋە ئەركىنلىكلىرىنى تە-
مىنلەشتىن، مىللەتلەر ئارا رازىمەنلىك-
نى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. سۆز-
سىزكى، ئۇ تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنىڭ
ۋە ئاممىا ئارىسىدا ئىش ئېلىپ بېرىش-
نىڭ ئىلگەركى پرىنسىپلىرىنى تاشلاپ
چىققان پارلامېنت تىپىدىكى پارتىيە
بولۇشى لازىم. ئۇ ئۆز تەسىرىدىن پە-
قەت ئەمگەكچىلەرنىڭ پاراۋەنلىكى ئۇ-
چۇنلا پايدىلىنىپ، جەمىيەتنىڭ سەيا-
سىي ستروكتۇرىسىدىكى ئورنۇن ئۇ-
چۇن قانۇنىي كونستىتۇتسىيەلىك ئۇ-
سۇللار بىلەن كۈرەشەلەيدۇ، ئەلۋەت-
تە، شۇنداقلا بارلىق دېموكراتىك پار-
تىيەلەر ۋە ھەرىكەتلەر بىلەن كونس-
ترۇكتىۋ، تەڭ ھوقۇقلۇق ۋە سەممىي
دىئالوگ ئۈرگۈزەلەيدۇ.

ئويلايمەنكى، شۇنداق پارتىيە ئەم-
گەكچىلەرنىڭ ئۈمۈتلىرى بىلەن ئارزۇ-
لىرىنى ھەقىقەتەن ئىپادىلىگۈچى پار-
تىيە بولۇپ، ئۆز سېپىگە ئۆز جۇم-
ھۇرىيىتىنىڭ كۆپلىگەن ۋىژدانلىق ئا-
دەملىرىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىرىنى، شۇ
جۈملىدىن قازاقستان كوممۇنىستىك
پارتىيەسى بىلەن ئۆز ھاياتىنى مەن-
سەپپەرەسلىك نىيەت ئۈچۈن ئەمەس،
بەلكى ۋىژدانلىي ۋە چىن قەلبى بىلەن
باغلاشتۇرغان ئادەملەرنى جەلىپ قى-
لىدۇ.

شۇنداق پارتىيە ھازىرقى جۇمھۇ-
رىيەتلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ قانۇ-
نىي ۋارىسى بولالايدۇ. ئىشىنىمەنكى،
كوممۇنىستلار پارتىيە مۈلكىنىڭ مە-
لۇم قىسمى ئۇمۇمخەلق ئۈچۈن پاي-
دىلىنىشقا، سالامەتلىكنى ساقلاش، خە-
لىققە بىلىم بېرىش ۋە ئىجتىمائىي تە-
مىنات ساھاسىغا سەرىپ قىلىنىشى لا-
زىم دېگەن پىكرىمنى قوللاپ- قۇۋۋەت-
لەيدۇ. بۇ ئادالەتلىك بولار ئىدى.
مەن ئېنىق قەدەم سۈپىتىدە پارتىيە-
نىڭ بىر دەم ئېلىش ئويىنى ياكى سا-
ناتورىيەسىنى يادرو سىناقلىرى ۋە ئې-
كولوگىيەلىك ھالاكەتلەردىن زەخمىلەن-
گەنلەرنى ساغلاملاشتۇرۇش مەركىزى-
گە ئايلاندۇرۇشنى تەكلىپ قىلىمەن.

مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، شۇن-
داقلا ھازىر پارتىيەنىڭ كادىر خادىم-
لىرىنى ئالاھىدە تەشۋىشلەندۈرۈۋات-
قان نەرسىنىمۇ ئېيتماقچىمەن. شۇ نەر-
سە سىر ئەمەسكى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلى-
گى ھودۇقۇپ، مەلۇم بىر پسىخولو-
گىيەلىك قولايسىز ھالەتتە بولۇۋاتى-
دۇ، چۈنكى ئۆز ئەيۋىدىن قېلىپلاش-
قان پارتىيە سىستېمىسىنىڭ گورۇسى
بولۇپ قالغىنى يوق. بىز موشۇ ئادەم-
لەرنى تەشەددىي قارىلاشقا، يەنە كې-
لىپ تەقىپلەشكە يول قويمايمىز. شۇن-
داقلا ئۇلارنىڭ ئىشسىز، ھايات سىرتى-
دا قېلىشىغىمۇ يول قويمايمىز. بۇ پە-
قەت ئىنسانىي نۇقتەئىي نەزەردىن
ئۈچۈنتىن -ئوچۇق ئادالەتسىزلىك بو-
لۇپلا قالماستىن، بەلكى يول قويۇشقا
بولمايدىغان ئىنساپسىزلىق بولار ئې-
دى. چۈنكى پارتىيە ئىشىغا ئادەتتە
خەلق ئېكىلگىنىنىڭ ئەڭ ئىختىساسلىق
مۇتەخەسسىسلىرى، مەنىۋىي سۈپەت-
لىرى ئۇلۇغۇرى ئادەملەر تاللاۋېلىنغان.
مەن جۇمھۇرىيەتلىك پارتىيە تەشكى-
لاتىدا ئىشلىگەن يىللاردا شۇنىڭغا كۆز
يەتكۈزدۈم، شۇڭلاشقا ھەر قانداق
تۈرغۇنلۇق ۋە ئۆزلىرىگە مىننەتدار-
سىز بولغان يىللاردا قورقۇپ، قان-
داقتۇر بىر ئىمتىيازلار ئۈچۈن ئە-
مەس، بەلكى ۋىژدانى بىلەن ئىشلى-
گەن پىداكار پارتىيە ئەزالىرىغا، يې-
قىن يولداشلىرىمغا سەممىي مىننەت-
دارلىق سۆزلىرىنى ئېيتماستىن موشۇ
مىنبەردىن كېتىشىم مۇمكىن ئەمەس.
ئۇلار ئادەملەرنىڭ كۆزىگە قورقماس-
تىن ئوچۇق قاراش ھوقۇقىغا ھەر قا-
چان ئىگە بولغان ۋە ئىگە بولىدۇ.

ھازىر بىز ئېغىر ۋاقىتتا ياشاۋاتى-
مىز. لېكىن مەڭگۇ بولمايدۇ دەپ ئې-
شىنىمىز. مۇھىمى -بىزدە مەخسەت
بار، جۇمھۇرىيەتنى باي ۋە بەختلىك
ھالەتتە كۆرۈشنىڭ قىزغىن خاھىشى
بار، ئۇنىڭ ئۈچۈن رېئال ئىمكانىيەتلەر
بىلەن رېسۇرسلار بار. بىزدە ناھايى-
تى چوڭ بايلىق- قازاقستاندا ياشايدى-
غان خەلقلەرنىڭ دوستلۇغى بىلەن
بىرلىكى بار. شۇڭلاشقا مەن كېلەچەك-
كە ئۈمۈت بىلەن قارايمەن ۋە شۇ-
نىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىز ئۈمۈمىي كۈچ
چىقىرىپ، توپلانغان دېموكراتىيە تەج-
رىبىسىگە تايىنىپ، باشلانغان ئىجتى-
مائىي- ئىختىسادىي ئۆزگىرىشلەرنى تا
ئاخىرىغا يەتكۈزەلەيمىز.

ماڭا كېرەك گېزىت

مانا بىر ئايدىن ئوشۇق ۋاقىتتىن
بېرى 1992- يىلغا مۇشتىرى توپلاش
باشلاندى. ھەر قاچانقى ئادىتىم بويىچە
ئانا تىلىمىزدا چىقىدىغان «ئۇيغۇر ئا-
ۋازى» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرى-
گە مۇشتىرى بولدۇم ۋە ئايرىم ياشاي-
دىغان باللىرىمنىمۇ بۇ گېزىتلەرگە
مۇشتىرى قىلدىم.

مەن «يېڭى ھايات» گېزىتىنى ئۇ-
نىڭ 1- سانىدىن ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن.
گېزىت ئۆزىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەر-
نىڭ ناھايىتى كۆپلىگەن مۇھىم، خەلق-
مىزنىڭ ئېغىر ۋە پاجىئەلىك تەغدىرى-
نىڭ كۆپلىگەن ئۇمالىق ۋە سىرلىق
تەرەپلىرى بىلەن، مەملىكىتىمىزدە ۋە
چەت ئەللەردە يۈز بېرىۋاتقان جوش-
قۇن ھەم شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇھىم
ۋاقىئەلەر بىلەن تونۇشتۇرۇپ كەلمەك-
تە.

ماڭا «يېڭى ھاياتتا» قانداق ماتې-
رىياللار ياقىدۇ؟ «يېڭى ھايات» ھەممى-
دىن ئاۋال ئۆزىنىڭ سالماقلىق ستىلى،
ماقالىلارنىڭ ۋاق- چۈكسىز، قىسقا
ھەم چۈشىنىشلىك بولۇشى بىلەن كې-
زىتخانلارنى سۆزسىز ئۆزىگە جەلىپ
قىلىدۇ. گېزىت كولەمىنىڭ چەكلىك
بولۇشىغا قارىماي، خېلە چوڭ، مەم-
لىكەت تارىخىدىكى بۇرۇلۇش پەيتلى-
رىدىكى ۋاقىئەلەرنى، خەلقىمىزنىڭ
باي مەدەنىي مىراسىنى ۋە تارىخىنى
يورۇتۇشقا مەلۇم ئىشلارنى قىلدى
ۋە قىلماقتا. ئەندى ھازىرقى كۆن سا-
ناپ بولۇۋاتقان غايەت چوڭ ئۆزگى-
رىشلەر، ئەجايىپ يېڭىلىقلار يۈز بې-
رىۋاتقان دەۋردە موشۇ ۋاقىئەلەر
توغرىلىق بىزنىڭ زىيالىلىرىمىزنىڭ،
چوڭ يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ،
مەدەنىيەت ئەرباپلىرىمىزنىڭ، ھەر سا-
ھادىكى ئالىملىرىمىزنىڭ مۇستەقىل
پىكىر- مۇلاھىزىلىرىنى، ھازىرقى يۈز
بېرىۋاتقان جوشقۇن ھايات يېڭىلىق-
لىرىغا نىسبەتەن باھالىرىنى بايان قى-
لىشى تولىمۇ مۇھىمدۇر. مېنىڭ مۇن-
داق دېگىنىمدە كۆزدە تۇتقان نەرسە
تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ھەر بىر
خەلقنىڭ زىيالىلىرى شۇ خەلقنى
باشقىلارغا تونۇتىدىغان، خەلقنىڭ
مۇڭ- زارى بىلەن، خوشاللىغى بىلەن
ياشايدىغان ۋە باشقىلارغا قارىغاندا
كېلەچەكنى كورەلەيدىغان ئادەملەر-
دۇر. مەن خەلقىمىز زىيالىلىرىنىڭ نە-
نە شۇنداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە
ئىكەنلىگىگە شۈبھە تۇغدۇرمايمەن. لې-
كىن ئېيىشكىدۇ گېزىت بەتلىرىدە كې-
يىنكى ۋاقىتلاردا ئۇلار ئاز كورۈنىدى-
غان بولۇپ قالدى.

بۇيان پەقەت بىر كوممۇنىستىك پار-
تىيەنىڭ يېگانە ھوكۇمراللىق قىلىپ،
باشقا مەسىلەكتە بولغانلارنى تەقىپ-
لەپ، توتالىتار تۈزۈم ئورناتقانلىقى-
نىڭ سوۋېت خەلقىگە نېمە ئېلىپ كەل-
گەنلىكىنىڭ شاھىدى بولۇۋاتىمىز. نەي-
نە شۇنىڭ ئۈچۈن موشۇ توتالىتارلىق
دىكتاتورا ئوۋج ئالغان دەۋردە خەل-
قىمىزنىڭ بېشىغا چۈشكەن بالايۇ ئاپەت-
لەرنى يورۇتۇش، دىكتاتور ستالىن بى-
لەن دىكتاتور ماۋزېدۇڭ بىرلىشىپ
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۆلەتچىلىكىنى زا-
ۋاللىققا ئۇچراتقانلىقىنىڭ تەپسىلات-
لىرىنى ئاشكارىلاش، ئۇيغۇر ياشلىرى-
نى ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەر-
لىك روھىدا تەربىيەلەش ئوخشاش
مۇھىم مۇئەممالارنى ھەل قىلىش كې-
رەك دەپ ئويلايمەن. ئەگەر شۇنداق
ئىكەن، گېزىت بىلەن تارىخچىلىرىمىز،
ئەدەبىياتچىلىرىمىز، كۆپلىگەن ۋاقىئە-
لەرنىڭ شاھىتلىرى زىچ ھەمكارلىشىپ
ئىش قىلغىنى پايدىلىقتۇر.

«يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ بىيىلقى
3- سېنتەبىر 105- سانىدىن باشلاپ
«مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەشكەن-
لەر» تۈركۈمىدە «مەڭگۈ ئەبەدى
ھەققىدە ھەقىقەت» دېگەن كولەملىك
ماتېرىيال بېرىلىشكە باشلاندى. ئىلگىرى
بۇ تارىخىي شەخس توغرىلىق رەسمىي
ئورۇنلار تەرىپىدىن تەييارلانغان پە-
قەت سەلبىي، ساغلام پىكىرگە يات ما-
تېرىياللار بېرىلىپ، خەلقنى ئالداپ
كەلگەن ئىدى. ئويلايمەنكى بىز گېزىت-
خانلار ئەندى بۇ موتىۋەر ۋەتەنپەر-
ۋەر زات توغرىلىق ھەقىقەتنى بىلى-
مىز.

مەن «يېڭى ھايات» تەھرىراتىغا
خەلقىمىزنىڭ ئەينە شۇنداق مۇنەۋ-
ۋەرپەرزەنتلىرى توغرىلىق خالىس،
ھەققانىي يېزىلغان پۇبلىتسىستىكىلىق
ماقالىلارنى يېزىپ، قايتا قۇرۇش ۋە
ئاشكارىلىق سەياسىتىدىن ئۈنۈملۈك
پايدىلانغان ھالدا، مۇنداق تەۋەرۈك
ئىشنى يەنىمۇ داۋاملاشتۇرۇشنى تىلە-
گەن بولار ئىدىم.

ئاخىرىدا شۇنى يەنە بىر قېتىم ئې-
سىڭلارغا سالىمەنكى، ھۆرمەتلىك بۇ-
رادەرلەر، سويۇملۇك «يېڭى ھايات»
گېزىتىمىزگە ھەممىمىز تولۇق يېزى-
لايلى، چۈنكى بىزنىڭ ھايات ئەينىكى-
مىز ۋە مەسلىھەتچىمىز- بولغان بۇ
گېزىتنى ئۆزىمىز مۇشتىرى بولۇپ
ئالمىساق، ئۇنىڭ باشقىلارغا ئانچىمۇ
كېرىكى يوق.

ئو. بىلالوۋ.
ئالمۇتا ۋىلايىتى.

يەتمىش يىلدىن ئوشۇق ۋاقىتتىن

ئالمۇتا شەھىرى ئوربىتا مىكرورايونىنىڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى،
بىر توپ ئەل- ئاغىنىلىرى

ئابلەھەت قېيىم بەگ ئوغلى ھاكىموۋنىڭ

مەزگىلسىز ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن مەرھۇمنىڭ ئائىلىسى-
گە ۋە قومى -قېرىنداشلىرىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

مۇھەررىر ئا. قاسىموۋ

يېڭى ھايات
ئالمۇتا، 480044
ئىپەك يولى كوچىسى،
50- ئۆي 8- قەۋەت

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى:
قازاقستان سىس ج مىنىستىرلار
كابىنېتى.

گېزىت ئوفسېت ئۇسۇلى بىلەن
بېسىلدى. بىر باسما تاۋاق.

تېلېفونلار: مۇھەررىر- 69-86-33، مەسئۇل كا-
تىپ- 50-86-33، سەياسىي- ئىجتىمائىي بولۇم
81-86-33، ئىختىسات بولۇمى- 06-86-33،
ئەدەبىيات بولۇمى- 27-86-33، مەدەنىيەت
بولۇمى- 01-92-33.

زاكاز (3442) تىراژ 8250

«Йени хаят» («Новая жизнь») индекс 65359, приложение Республиканской Социально-политической газеты на уйгурском языке «Уйгур авази», выходит — по вторникам, четвергам и субботам.
Газета отпечатана в типографии газетно-журнального Издательства,
г. Алма-Ата, 480044 пр. Ленина 2/4.

ПОГ-60

ئاتا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى —روييۇڭ سامان بولماس.

يېڭى ھايات

1991 ژىل 17 سېنتەبىر سېشەنبە №111 (3042)

باھاسى 4 تىيىن

گېزىت 1970— ژىلى 1— يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ. ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم سېشەنبە، پەيشەنبە شەنبە كۈنلىرى چىقىدۇ.

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي— سەياسىي گېزىت «ئۇيغۇر ئاۋازى»نىڭ قوشۇمچىسى.

تەبىي ئاپەتلەر بويىچە خەلق ئارا سىمپوزىئۇمغا قاتناشقۇچىلارغا

تەبىي ئاپەتلەر بويىچە خەلق ئارا سىمپوزىئۇمغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئالمۇتىغا ياپونىيەدىن، خىتايدىن ۋە ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەرنى ئالقىشلايمەن.

سىمپوزىئۇمنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلار موشۇ ئىلمىي چارە— تەدبىرنى ئۆتكۈزۈش جايىنى توغرا تاللاۋالغان دەپ ئويلايمەن. قازاقىستان ئۇرغۇتلىرى تەبەتنىڭ دەھشەتلىك ھادىسىلىرى —يەر تەۋرەش، سەل، تاغ-تاشنىڭ كوچۇش ھادىسىلىرىنى ئۆزلىرى بىر نەچچە قېتىم بېشىدىن كەچۈردى. ھازىر بەللىرىمىز سەياسىي ۋە ئىختىسادىي جەھەتتىن يېڭىلىنىشۋاتقان ۋاقىتتا، موشۇ ساھادىكى پىكىرلەرنى ۋە ئىلمىي ئىدىيەلەرنى ئۆز ئارا بېيىتىش ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇۋاتىدۇ. سىلەرنىڭ چوڭ ئۇچرىشىشلاردا تەبىي ئاپەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش، ئۇلارنى ئالدىن— ئالا مولجالاش، ئۇلارنىڭ ۋەيران قىلىش ھەرىكىتى يەتكۈزىدىغان زىياننى ئازايتىش مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئىلمىي— ئەمەلىي ھەرىكەتنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشكە، مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملار ئوتتۇرىسىدا تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا، ئىش بابىدىكى ئالاقىلارنى مۇستەھكەملەشكە يېڭى تۈرتكە بېرىدىغانلىقى شۈبھەسىزدۇر.

سىمپوزىئۇمغا قاتناشقۇچىلارغا نەتىجىلىك مۇنازىرە يۈرگۈزۈپ، موشۇ ئالىيجاناپ ئىشتا جىددىي ئىزدىنىشنى، ژۇقۇرى نەتىجىلەرگە يېتىشنى تىلەيمەن. ئىشىنىمەنكى، سىمپوزىئۇم خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا بىر— بىرىگە ئىشىنىشنى، دوستلۇقنى چوڭقۇرلىتىشتا يەنە بىر مۇھىم تەدبىر بولىدۇ.

قازاقىستان س س ج پرېزىدېنتى

ن. نازارباييېۋ.

قازاقىستان س س ج پرېزىدېنتىنىڭ پەرمانى

قازاقىستان س س ج نىڭ يەر مۇناسىۋەتلىرى ۋە يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە دۆلەت كومىتېتىنى قۇرۇش توغرىلىق

يەر رېسۇرسلىرىنى باشقۇرۇش ساھاسىدا بىرلەشكەن دۆلەت سەياسىتىنى يۈرگۈزۈش ۋە يەر ئىسلاھىتى بويىچە ئىشلارنى بىۋاستە ئورۇنلاشنى ئۇيۇشتۇرۇش مەخسىتىدە، شۇنداقلا «قازاقىستان س س ج دىكى يەر ئىسلاھىتى توغرىلىق» 1991— ژىلى 28— ئىيۇندىكى قازاقىستان س س ج قانۇنىغا مۇۋاپىق:

1. قازاقىستان س س ج يېزا ئىگىلىكى ۋە ئوزۇق-تۈلۈك مىنىسترلىكىنىڭ ھەم خەلق دېپۇتاتلىرى ۋىلايەتلىك كېڭەشلىرى ئىجرائىي كومىتېتلىرىنىڭ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى بازىسىدا قازاقىستان س س ج نىڭ يەر مۇناسىۋەتلىرى ۋە يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە دۆلەت كومىتېتى قۇرۇلسۇن.

قازاقىستان س س ج مىنىسترلار كابىنېتى موشۇ پەرماننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بويىچە زورۇر چارىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرسۇن.

قازاقىستان س س ج پرېزىدېنتى

ن. نازارباييېۋ.

ئالمۇتا شەھىرى، 1991— ژىل، 11— سېنتەبىر.

قازاقىستان س س ج پرېزىدېنتىنىڭ پەرمانى

قازاقىستان س س ج نىڭ كوسموس تەتقىقاتلىرى ئاگېنتلىقىنى قۇرۇش توغرىلىق

قازاقىستان س س ج دۆلەت سۇۋېرېنىتېتى توغرىلىق دېكلاراتسىيەنىڭ قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، قازاقىستان س س ج قانۇنلىرىغا مۇۋاپىق ھالدا ۋە كوسموس تەتقىقاتلىرى ساھاسىدا دۆلەت سەياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش زورۇرلىكىگە ئاساسلانغان ھالدا **توختام قىلىمەن:**

1. قازاقىستان س س ج كوسموس تەتقىقاتلىرى ئاگېنتلىقى قۇرۇلسۇن.

2. كوسموس تەتقىقاتلىرى ئاگېنتلىقىغا:

كوسموس تەتقىقاتلىرى پروگراممىسىنى ئىشلەپ چىقىش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش، شۇ جۈملىدىن قايسى ئىدارىگە تەئەللۇق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، جۇمھۇرىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ، بىرلەشمىلىرىنىڭ ۋە كارخانىلىرىنىڭ موشۇ پائالىيەت ئاساسىدىكى پائالىيىتىنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇش؛

كوسموس تەتقىقاتلىرى پروگراممىسى بويىچە سۇۋېرېن دۆلەتلەرنىڭ بىرلەشمىلىرى، كارخانىلىرى ۋە تەشكىلاتلىرى ھەم چەت ئەللىك شېرىكلەر بىلەن ئىلمىي-تېخنىكىلىق ۋە ئىختىسادىي ئۆز ئارا ھەرىكەت قىلىش يۈكلەنسۇن.

3. قازاقىستان س س ج مىنىسترلار كابىنېتى موشۇ پەرماننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بويىچە زورۇر بولغان تەشكىلىي چارىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرسۇن.

موشۇ پەرمان ئېلان قىلىنغان پەيتتىن باشلاپ كۈچكە كىرىدۇ.

قازاقىستان س س ج پرېزىدېنتى

ن. نازارباييېۋ.

ئالمۇتا شەھىرى، 1991— ژىل، 11— سېنتەبىر.

تەشەككۈرنامە

ئالمۇتا شەھىرى مالا ياستانتسىيە مەھەللىسىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئائىلىسىنى ئانا تىلىمىزدا چىقىدىغان «ئۇيغۇر ئاۋازى» بىلەن «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىغا تۈگەل مۇشتىرى قىلغىنى، بۇ ئىزگۇ ئىشنى 1991 ژىلدىكىگە قارىغاندا 40 نۇسخا ئاشۇرۇپ تاماملىغانلىقى ئۈچۈن مەھەللە جامائەتچىلىكىنىڭ ژىگىت بېشى

ئىمەرجان ئۇرىيېۋقا

ۋە گېزىتلىرىمىزنىڭ ئاكتىۋىستلىرىغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئىزھار قىلىمىز.

«يېڭى ھايات» گېزىتى تەھرىراتى.

گېزىت ھەر بىر ئائىلىگە!

گېزىت — بىزنىڭ دوستىمىز

تەبەتتە قۇرغاقچىلىق، جەمىيەتتە قەھەتچىلىك ھۆكۈمىنى سۈرۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە گېزىت باھاسىنىڭ ئوسۇشىگە قارىماي، ئانا تىلدا چىقىدىغان «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىگە مۇشتىرى بولۇش قىزغىن داۋام قىلماقتا. راست، بىز ھازىر ئېغىر ۋاقىتتا ياشاۋاتىمىز، ئامما ماددىي بايلىقتىن كورە مەنىۋىي بايلىققا كوپرەك ئىنتىلىدىغان خەلقىمىز بىر كىلوگرام قاق يېمىسىمۇ ئۆز گېزىتلىرىگە يېزىلىشقا خۇشتار. بۇ ھال قېدىمىي مەدەنىيەتلىك خەلقىمىزنىڭ باي مەنىۋىي قىياپىتىنى كورسىتىدىغان ياخشى دەلىلدۇر. ئەمگەكچان خەلقىمىز پات يېقىندا ياخشى كۈنلەر كېلىشىگە ئۈمۈت بىلەن قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى، خالىس مەسلىھەتچىسى بولغان ئانا تىلدا چىقىدىغان بارى-يوقى ئىككى تال گېزىتقا يېزىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ بورچى دەپ بىلىشىدۇ. دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ ئەگەر ئۇيغۇرلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن گېزىتلارغا مۇشتىرى بولۇشمىسا، ئۇيغۇر گېزىتلىرىغا كىم مۇشتىرى بولىدۇ؟

ئېلىمىزدا، چەت ئەللەردە يۈز بېرىۋاتقان ئەڭ مۇھىم ۋاقىئە-ھادىسىلەر گېزىتلىرىمىز سەھىپىلىرىدە كەڭ يورۇتۇلۇۋاتىدۇ. ھايات ئەينىكى بولغان گېزىتلىرىمىز خەلقىمىز ئاڭ-سەۋىيەسىنىڭ يەنىمۇ ئوسۇشىنىڭ، مەنىۋىي دۇنياسىنىڭ تېخىمۇ بېيىشىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىختىسادىي قىيىنچىلىقلارغا قارىماستىن «ئۇيغۇر ئاۋازى» بىلەن «يېڭى ھاياتقا» قىزغىن يېزىلماقتا. بۇنى ئالمۇتا شەھىرىنىڭ مالايا ستانتسا مەھەللىسىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ مۇشتىرى توپلاشتەك خالىسانە ئىشىغا بولغان قىزغىن كەيپىياتىدىن روشەن كورۇشكە بولىدۇ. ئوتكەن ژىلى مەزكۇر مەھەللىدىكى ئۇيغۇرلار 100 نۇسخا «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «يېڭى ھاياتقا» مۇشتىرى بولغان ئىدى. بىيىل مۇشتىرى توپلاش ئىشىنى مەھەللىنىڭ ژىگىت بېشى **ئىمەرجان ئۇرىيېۋ** ئۆز زىممىسىگە ئالدى. ئۇ يۇرت-جامائەت ئارىسىدا تەرغىبات ئىشىنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىپ، گېزىت تەھرىراتىنىڭ گېزىتخانلارغا قىلغان مۇراجىئىتىنى كوپچىلىك ئارىسىدا ئوقۇپ بەردى. شۇنداقلا ئۇ كوچىلارنى مەھەللە ئاكتىۋىستلىرىغا بولۇپ بەردى، ئۆزى بولسا ئىشتىن كېيىن بوش ۋاقىتلىرىدا ئۆيمۇ-ئۆي مېڭىشتىن ئېرىنمىدى. بەزىلەردىن رەخمەت سوزىنى ئاڭلىسا، بەزى نادانلاردىن تاپا-تەنىمۇ ئىشىتتى. ئۇ چوڭ بىر يۇرتنىڭ ئاتىسى بولغاچقا، ھەممىگە چىدىدى. مانا ئارىدىن بىر ئاي ئوتكەندە ئۇ باشقۇرغان مەھەللە جامائەتچىلىكى جۇمھۇرىيىتىمىزدە بىرىنچى بولۇپ مۇشتىرى توپلاشنى تاماملىدى. بىيىل ئىمەرخان ئۇرىيېۋ 70 نۇسخا «ئۇيغۇر ئاۋازى»، 70 نۇسخا «يېڭى ھايات» گېزىتىگە مۇشتىرى توپلىدى. بۇ سان ئوتكەن ژىلقىغا قارىغاندا 40 نۇسخا ئارتۇق. ئۇنىڭ تاشابىسىدا 50 نۇسخا «پەرۋازغا» كىشىلەرنى يازدى. شۇنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەش لازىمكى، ئى. ئۇرىيېۋ مەھەللىنى ئارىلاپ، يەنە 60 ئادەمنىڭ ھەر ئىككىلا گېزىتقا ئىش ئورنىدا يېزىلغانلىقىنى ئېنىقلىدى.

مۇشتىرى توپلاشنىڭ قىسقا قەرەلدە، مۇنداق كۈتكەنكىدىن ئارتۇقى بىلەن تاماملىنىشىغا مەھەللە ئۇيغۇر مەدەنىيە مەركىزىنىڭ كاتىبى **دىلمۇرات ئىدامەتوۋ، پازىلجان ئىشانوۋ، ئەخمەتجان زايىتوۋ، جەننەتخان ھەدە، گۈلبوستان روزاخۇنوۋا، شېرىپجانلار**، بولۇپمۇ **توختەم ئاكا مۇختەروۋلار** كوپ كۈچ چىقىرىپ، ژىگىت بېشىغا قول-قانات بولدى. بىز ئۇلارنىڭ خالىسانە ئىشىدىن، زور ھىممىتىدىن مىننەتدارمىز.

ئۆز مۇخبىرىمىز.

ئالمۇتا شەھىرى.

ئۇستاز ھورمىتى

ئۇستاز دېگەن شەرەپلىك نام ئاللامبېرگەن قۇربانىيازوۋ ئەينە شۇ نامغا مۇناسىپ، ئەل ھورمىتىگە ئېرىشكەن مۇئەللىملەرنىڭ بىرى. ئۇ ياش ئەۋلاتقا 45 ژىلدىن ئوشۇق ساپالىق بىلىم ۋە ئەمۇنىلىك تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ سويۈملۈك ئۇستازىغا ئايلانغان.

ئا. قۇربانىيازوۋ دەسلەپكى ئىش پائالىيىتىنى 1943- ژىلى ناھىيەدىكى تېلمان نامىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، شۇ مەكتەپتە پىونېر يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەشتىن باشلىغان. بىراق تەربىيەۋى ئىشلارنى ئەتراپلىق ئېلىپ بېرىشتا ئوتتۇرا مەلۇماتلىق بىلىم يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى تولۇق ھىس قىلىپ، ئۇ شۇ ژىلى خوجەيلى شەھىرىدىكى پېداگوگىكا بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا كىردى. بىلىم يۇرتىنى مۇۋاپىيەقىيەتلىك تۈگەتكەندىن كېيىن تاكى ئۇكۇس شەھىرىدىكى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگىچە مەكتەپتە باشلانغۇچ سىنىپلارغا دەرىس بەردى. 1955- ژىلى ئىنستىتۇتنىڭ ماتېماتىكا بولۇمىنى تۈگەتكەن ئاللامبېردى ئاكىنى ناھىيەلىك مائارىپ بولۇمى ئۆزلىرىگە مەكتەپلەر بويىچە ئىنسپېكتور قىلىپ ئالدى. 1960- ژىلى ئۇ يەنە مۇئەللىملىكنى داۋام قىلدۇرۇپ تاكى 1986- ژىلى قىرىلىق پېنسىيەسىگە چىققىچە ناھىيەدىكى كرۇپسكايا نامىدىكى مەكتەپتە ماتېماتىكا پەنىدىن دەرىس بەردى. مەكتەپ مەمۇرىيىتىنىڭ تەلىۋى بىلەن پېنسىيەدىن كېيىنمۇ يەنە ئۈچ ژىل مۇئەللىملىك قىلدى.

ئا. قۇربانىيازوۋنىڭ كوپ ژىللىق خىزمەتلىرى پارتىيە ۋە ھوكۇمىتىمىز تەرىپىدىن ھەر دايىم مۇناسىپ باھالىنىپ، تەغدىرلىنىپ تۇرۇلدى. 1960- ژىلى قاراقالپاق ئاۋتونوم جۇمھۇرىيىتى ئالىي سوۋېتىنىڭ پەخرىي يارلىغى، 1969- ژىلى مائارىپ ئەلاچىسى، 1974- ژىلى جۇمھۇرىيەتتە خىزمەت كورسەتكەن ئوقۇتقۇچى ۋە 1978- ژىلى ئوزبەكىستان سسج ئالىي سوۋېتىنىڭ پەخرىي يارلىغى بىلەن مۇكاپاتلانغانلىغى ئەينە شۇنىڭ دېلىلى.

ئا. قۇربانىيازوۋ ھەقىقىي ئۇستاز بولۇشى بىلەن يەتتە پەرزەنتنىڭ مېھرىۋان ئاتىسى. ئومۇرلۇك يولدىشى ئېنەجان رەھمۇۋامۇ كوپ ژىللىق مۇئەللىمە. پەرزەنتلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ خەلق ئېگىلىگىنىڭ ھەر خىل ساھالىرىدا بېمىننەت ئەمگەك قىلماقتا.

غ. ئاتامۇرادوۋ.
ئامۇدەريا ناھىيەسى.



قوستاناي ۋىلايىتى. فېدوروۋ ناھىيەسىدىكى «چانداك» سوۋخوزىنىڭ دېھقانلىرى ھەر گېكتار يەردىن 14 سېنتنېردىن ھوسۇل ئالماقتا. بۇ بولسا بىيىلقى قۇرغاقچىلىقنى ھېساپقا ئالغاندا ئەڭ ژۇقۇرى كورسەتكۈچلەرنىڭ بىرىدۇر.

سۈرەتلەردە: 1. چانداك سوۋخوزىنىڭ ئىلغار شوفيورى ۋ. پ. پاۋلېنكو 500 توننىدىن ئارتۇق ئالتۇن داننى توشۇپ ئۈلگەردى.

2. چاپايېۋ نامىدىكى كولخوزنىڭ تەجرىبىلىك مېخانىزاتورى ك. ك. بېربېكوۋ 3 مىڭ سېنتنېردىن ئوشۇق تازا دان يەتكۈزدى.

(قاز تاگ).

دوستلۇق رىشتىسى

يېقىندا ئامانگەن ۋىلايەتلىك سالامەتلىكنى ساقلاش مەھكىمىسىدە بولغىنىمدا، بىرىنچى بولۇپ ئۇچراشقان ئادىمىم مەھكىمە مۇدىرىنىڭ ئورۇنباسارى رەخمىتۇللام غاپۇروۋ بولدى. سالام ئېلىكتىن كېيىن مەن ئالمۇتىدىن «ئۇيغۇر گېزىتىدىن» كەلگەنلىكىمنى ئېيتىشىم بىلەنلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، مەن بىلەن باشقىدىن كورۇشتى ۋە ھەر قانداق ئىش بولسا كېيىن قىلىمىز، دەپ ئۇنىمىغانغا قويماي، ئويىگە ئېلىپ كەتتى. ھازىرلا يېزىدىن چۈشكەنلىكىمنى بايقاپ شۇنداق قىلدىمۇ ياكى ئوزبەكنىڭ ئادىتىكى مېھماندوستلىغىنى قىلدىمۇ، ئەيتەۋۇر كوتۇشكە مەجبۇر بولدۇم.

— ئۇيغۇرلارنى ئوز جىگەرىمدەك كورىمەن،— دېدى چاي ئۈستىدە رەخمىتۇللام ئوزىنى بەكمۇ خوشخوي تۇتۇپ،— ياركەنت شەھىرىنى ياخشى بىلىسىلەر كېرەك. پانفىلوۋ چېكارا ئوترىدىدە تىببىي پۇنكتنىڭ باشلىغى ۋە زىپېسىدە ھەربىي خىزمەت بۇرچۇمنى ئوتىگەنمەن. ئايالىم جەمىلەخان شەھەردە بىر ئۇيغۇر مومايىنىڭ ئويىدە تۇرۇپ، باللار شىپاخانىسىدا ئىشلىگەن ئېدى. ياركەنتتە بولغان ئىككى ژىل جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قانچىلىك كەڭ دەستىخانلىق، مېھرىۋان ۋە ئوچۇق كوڭۇل ئېكەنلىكىنى كوپ كورگەنمەن. ئاما ئۇ يەردىكى قەدىردانلارنى كورمىگەنگە كوپ ژىللار بولدى. سىزنى كورۇپ، ئۇلارنى كورگەندەك بولدۇم.

جەمىلەخانمۇ ئوچۇق، سوھبەتداش ئايال ئېكەن. چالا بولسىمۇ ئۇيغۇرچە سوزلەپ، لەگمەن ۋە ئەتكەن چايلارنىڭ كېپىنى قىلىپ، بىزنى راسا كوزلىدۇردى.

رەخمىتۇللام ئەسلى ئامانگەن ناھىيەسىنىڭ قارائېپە قىشلىغىدا ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئېكەن. 1961- ژىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى مۇۋاپىيەقىيەتلىك ئاماملىغان بولسىمۇ، زامانىنىڭ زەيلى بىلەن ئىككى ژىللىق ئەمگەك ستاژى بولمىغانلىقتىن ئالىي مەكتەپكە كىرەلمىدى. ئامانگەندىكى بوخگالتېرلارنى تەييارلاش مەكتىۋىدە دىرېكتورنىڭ ئېگىلىك ئىشلىرى بويىچە ئورۇنباسارى بولۇپ ئىشلەپ ژۈرۈپ پەقەت 1963- ژىلى تاشكەنت دولەت تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ پېدىاترىيە بولۇمىگە ئوقۇشقا چۈشۈشكە مۇۋاپىيەق بولدى.



— دادام كىچىكىمدە ئالەمدىن ئوتكەن،— دېدۇ رەخمىتۇللام ئوقۇش ژىللىرىنى ئەسلەپ،— ئاپامنىڭ ماڭا ئىختىسادىي ياردەم بەرگۈچىلىكى يوق ئېدى. ياخشى ئوقۇغانلارغا 35 سوم بېرىلەتتى. راستىنى ئېيتسام 35 سوم ئېلىش ئۈچۈن ئويۇن— تاماشىغا بېرىلمەي، كېچە— كۈندۈز تىرىشىپ ئوقۇغانمەن.

ھە، جاندىن كەچمىسەڭ جانانە قايدا، تاقىقا چىقمىساڭ دولانا قايدا، دېگەندەك ر. غاپۇروۋ بىلىم ئېلىش يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمىدى. ھەتتا ئىنستىتۇتنى ئاماملىغاندىن كېيىن باللار خىرۇرگىيەسى بويىچە پايتەختتىكى 14- باللار ئاغرىقخانىسىدا بىر ژىل مەلەكىسىنى ئاشۇردى.

ئاخىرى ئارتقان مەشەقەتلىرى زايا كەتمىدى. ئامانگەن شەھىرىگە كېلىپ، 2- شەھەر بىرلەشكەن شىپاخانىسىدا خىرۇرگ بولۇپ ئىش پائالىيىتىنى باشلاۋەتتى. 1971— 1973- ژىللىرى ياركەنتتە ھەربىي خىزمەت بۇرچىنى ئوتەپ قايتقاندىن كېيىن بولسا، شەھەردىكى 4- ئاغرىقخانىغا ھەم قوبۇل بولۇمىنىڭ باشلىغى، ھەم خىرۇرگ بولۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتى. 1975- ژىلىغا كېلىپ، ئاغرىقخانىنىڭ باش دوختۇرى بولۇپ تەيىنلەندى. شۇ ژىلى مەزكۇر ئاغرىقخانىدا باللار خىرۇرگىيەسىنىڭ تەشكىل قىلىنىشىدا ر. غاپۇروۋنىڭ خىزمىتى چوڭ بولدى.

دانالار كىشىنىڭ ھورمىتى ئوزىنىڭ قولىدا، دەپ توغرا ئېيتقان ئېكەن. ر. غاپۇروۋمۇ ئوزىنىڭ ياخشى ئىشلىرى، تەشەببۇسكارلىغى بىلەن ئەل ھورمىتىگە سازاۋەر بولدى. خېلىدىن بۇيان ۋىلايەتلىك سالامەتلىكنى ساقلاش مەھكىمىسى مۇدىرىنىڭ ئورۇنباسارى لاۋازىمىدا پائالىيەت كورسىتىپ كەلمەكتە. شۇنداقلا جۇمھۇرىيەت سالامەتلىكنى ساقلاش مىنىسترلىگىدىن بېرىلگەن پەخرىي يارلىق، پۇتكۇل ئىتتىپاق قىزىل كرېست ۋە يېرىم ئاي جەمىيىتى تەرىپىدىن مېدال بىلەن تەغدىرلەنگەنلىكى ئۇنىڭ سالامەتلىكنى ساقلاش ساھاسىدىكى بېمىننەت خىزمەتلىرىنىڭ ئوز مېۋىسىنى بەرگەنلىكىدىن نىشاندۇر.

ر. غاپۇروۋ ئىشىدا قانچىلىك ھورمەت ۋە ئابروي تاپقان بولسا، ئائىلىدىمۇ بەش باللىنىڭ ئەزىز ئاتىسى. تۇرمۇش يولدىشى جەمىلەخان شەھەردىكى بىرىنچى باللار ئاغرىقخانىسىنىڭ رېۋماتىسىيە بولۇمىدە، قىزى گۇلچېھرە 2- شەھەر تۇغۇتخانىسىدا ھەمشىرە بولۇپ ئىشلەيدۇ، چوڭ ئوغلى شاۋكەت بىيىل 11- سىنىپنى تۈگەللەپ، تاشكەنتتىكى ئىسلام ئىنستىتۇتىغا كىرىش تەرەددۇتىدە. قالغان ئوغۇللىرى مەكتەپتە ئوقۇماقتا.

ھاكىم مۇھەممەت،
ئامانگەن شەھىرى.

يىگىتچە باشلانما بىلەن

زارە- ۋوستوكا مەھەللىسىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى ۋە يۇرت موتىۋەرلىرى تەرىپىدىن ژۈرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان خەيرىلىك ئىشلارنىڭ بىرى يوقۇلۇشقا ئوتكەن، يەنى ھەر خىل بۇرمىلاشلارغا ئۇچرىغان مىللىي ئورپى- ئادەت، ئەنئەنىلىرىمىزنى قېلىپىغا كەلتۈرۈش، ئۇلارنى دەۋىر روھىغا ماسلاشتۇرۇپ يۈكسەلدۈرۈشكە قارىتىلغان.

ئەينە شۇ خىل چارە- تەدبىرلەر ئارقىلىق ئەۋداتلىرىمىزدىن رەسمىيلىشىپ كېلىۋاتقان توي مەراسىملىرىمىزنىڭ كېيىنكى ژىللاردا ھەددىدىن زىيادە ئىسراپچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ھەتتا ئىلگىرى بولمىغان «يېڭىلىقلار» بىلەن بۇرمىلىنىشقا ئوتكەنلىكىنى چەكلەش جىددىي قولغا ئېلىندى.

ئويلىنىش تويلىرىمىزدا قىزلىرىمىزنىڭ باشقىلارنى دوراپ (فاتا)، يەنى تويدىلا بىر كۈن كىيىپ تاشلىنىدىغان ئاق كوينەك كىيىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مەھەللە ئاھالىسى تەرىپىدىن قوللاپ- قۇۋۋەتلىنىشكە ئىگە بولدى. ھەقىقەتەنمۇ ھازىرقى ئىختىسادىي قىيىنچىلىقلار يۈز بېرىۋاتقان دەۋرىمىزدە ئۇ خىل كوينەكلەرنى بەش يۈز سومغا يېقىن ئاخچىغا سېتىپ ئېلىش ئۇنىڭسىزمۇ تويلارنى ئوتكۈزۈشتە يۈز بېرىدىغان قىيىنچىلىق، قىسىنچىلىقلارنى يەنىمۇ ئېغىرلاشتۇرىدىغانلىغى تەبىي. توي مەرىكىسىدە بىرلا قېتىم كىيىلىپ، باشقا ئۇچىسىغا ئىلىنمايدىغان، مىللىي ئادىتىمىزدە ئىلگىرى بولمىغان بۇ شەكىلۋازلىقنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى ياشلىرىمىزمۇ چۈشەنمەكتە.

قىزلىرىمىزنىڭ مودىغا ئايلاندۇرۇۋالغان قىچىپ كېتىپ تۇرمۇشقا چىقىشىنى چەكلەش، ياشلارنىڭ ئويلىنىش تويي كەچلىرىنى ھاراق- شارابسىز ئوتكۈزۈش يونىلىشىدە ژۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىشلارمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى بەرمەكتە.

يېقىندا مەلىنىڭ ژىگىت بېشى ئابلىز ئاكا خەيرىيېۋنىڭ قىزىنى ئۇزۇتىش تويى مەھەللىدىكى ئەينە شۇنداق ئۈلگە ئېلىشقا ئەرزىيدىغان تويلارنىڭ بىرى بولدى. ياشلارنىڭ بۇ قېتىمقى توي مەرىكىسىدە مىللىي كىيىنگەن ژىگىت، قىز ئېكاسىنىڭ خەلقىمىزنىڭ بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئوتكۈزۈلۈشى مەھەللە ئاھالىسىدا قىزىقىش ھاسىل قىلدى.

ئوز مۇخبىرىمىز.

مەسئۇت ئەپەندى ھەققىدە ھەقىقەت

(داۋامى. بېشى 105، 106، 107، 108، 109 ۋە 110-سانلاردا)

ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۇرپان، توخسۇنلاردا ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭلارنى ئۇيۇشتۇردۇ ... بىراق بۇ قوزغىلاڭلار ياخشى تەييارلانمىغان ھەم ۋاقتىدا ئۇيغۇن بولمىغانلىقتىن خىتاي ھەربىي قىسىملىرى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلدۇ!

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ بۇ مەۋقەسىگە تەئەججۇپلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق.چۈنكى ئۇلار غۇلجا شەھرىدىكى سوۋېت كونسۇلخانا «2-دومى» ۋەكىللىرىنىڭ كۆرسەتمىسىسىز بىرمۇ قەدەم باسالمايتتى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ پۈتكۈل پائالىيىتى بېرىيە ئىدارىسى- نكۋدنىڭ نازارىتى ئاستىدا تۇراتتى. شۇڭلاشقا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى دىلىدا مەسئۇت سابىرىي گۇرۇھى بىلەن بىرلىشىشنى خالىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا بىرلىشەلمەيتتى. بۇ «غەمخورچىلار»نىڭ گېپىنى سەل تىڭشىمىغان ئېلىخان تۆرەمنىڭ تەغدىرىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ھەممە شەرقىي تۈركىستانلىق بىلسە كېرەك!؟! بۇنى ئەخمەتجان قاسىمىمۇ ياخشى بىلەتتى... «بولۇنگەننى بورە يەيدۇ» دېگەندەك ئاقىۋەتتە ئۇلارنىڭ تەغدىرىمۇ پاجىئەلىك بولدى.

مەسئۇت ئەپەندىنىڭ ئولكە رەئىسى بولۇپ تۇرغان ۋاقتى بۇ ئولكىدە سەياسىي، ئىجتىمائىي، ئىختىسادىي ۋە مىللىي زىددىيەتلەر كەسكىنلەشكەن، ۋەزىيەت ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان دەۋرگە توغرا كەلدى. ئىلى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى، «مەسلىھەتچىلەر»نىڭ بېسىمى ئاستىدا قارشىلىشىپ تۇرۇۋالدى، تۇرپان ۋە توخسۇندىكى قوزغىلاڭلار خىتايلارنىڭ خەلقنى قىرغىن قىلىشىغا سەۋەپ بولدى. موشۇ ۋە باشقا مۇرەككەپ ۋەزىيەت مەسئۇت ئەپەندىنىڭ پائالىيىتىنى قىيىنلاشتۇردى. مەسئۇت ئەپەندىنىڭ تۇرپان قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىشى، ئۇنىڭ بىلەن خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى سۇڭ شىلىيەن ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇزىنىڭ رەئىسلىك ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، مىللەتنىڭ ئىستىقلالى ئۈچۈن مۇمكىن بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدى.

ئۇ ئىش بېشىدا تۇرغان دەسلەپكى ئالتە ئايلىق ۋاقىت- ئىلى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن مۇرەسسەگە كېلىش، ئالتىشەھەردە ۋە ئۇ رايوندا ئېچىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىجارىچىلەر ئۈستىدىكى يېرىم يىللىق باجنى، دېخانلار ئۈستىدىكى بىر يىللىق غەللىنى ئېلىپ تاشلاش، گومىنداڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرىنىڭ زوراۋانلىقىنى چەكلەش، قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئوتۇپ كەتتى. ئاندىن كېيىن، كۆچىنى تولاپ، خەلق مائارىپىنى رىۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.

مەسئۇت ئەپەندى ئولكە رەئىسى بولۇپ تۇرغان دەۋردە سەياسىي جەھەتتىن قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ ئاساسىي ئۇتۇغى شۇ بولدىكى، ئۇنىڭ رەھبەرلىگىدىكى ئولكە ۋەكىللىرىنىڭ قەتئىي تۇرۇپ، تەلەپ قىلىشى نەتىجىسىدە مەركىزىي ھۆكۈمەت **تۈركىستانغا مىللىي مۇختارىيەت ھوقۇقى** بېرىشكە مەجبۇر بولدى. **1948-يىلى نەنجىڭ شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى** تۈركىستان ھەققىدە مەخسۇس قارار قوبۇل قىلدى:

«1. بۈگۈنكى «شىنجاڭ» ئولكىسىنىڭ نامى، بۈنىڭدىن كېيىن «چىنى تۈركىستان» دەپ ئاتالسۇن. شۇ ئولكىدە ياشىغۇچى يەرلىك خەلقنىڭ نامى «تۈرك» دەپ ئاتالسۇن. ھەر دەرىجىلىك دولەت ئىدارىلىرىنىڭ ھوججەتلىرىدە موشۇ ناملار قوللىنىلسۇن.

2. چىنى تۈركىستان خەلقىگە مىللىي مۇختارىيەت ھوقۇقى بېرىلسۇن. بۇ ئولكىگە لايىق كېلىدىغان مۇقىم بىر سەياسەت بەلگۈلىنىپ يۈرگۈزۈلسۇن»

بۇ قارار ھوكۈمەت تەرىپىدىن رەسمىي ئېلان قىلىنىپ، گومىنداڭ ئىدارە قىلىۋاتقان 7 ۋىلايەتتە ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان ئىدى. بىراق شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا مەسئۇت ئەپەندىنىڭ ئورنىدىن چۈشۈشى بىلەن بۇ خىل ئىجابىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى يېرىم يولدا توختاپ قالدى.

ژۇقۇرىدىكى فاكتلار بىزگە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئېچىپ بېرىدۇكى، مەسئۇت ئەپەندى ئولكىگە رەئىس بولۇپ تۇرغان قىسقا مەزگىل ئىچىدە ھەقىقىي ئىنقىلاپچى سۈپىتىدە، ئوز خەلقىنىڭ مەنپىيتى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن، مۇمكىن بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «چىنى تۈركىستان مىللىي مۇختارىيەت» ھوقۇقىغا رازى بولماستىن، ئالىي مۇختارىيەت ھوقۇقىنى، يەنى مىللىي مۇستەقىللىكنى تەلەپ قىلىشى- خوجايىنلارنىڭ غەزىۋىنى قوزغىدى.

مەسئۇت ئەپەندىنىڭ 1951- يىلى غۇلجىدا ئېتىپ ئولتۈرۈلگەن ئوغلى ئىلدىرىم ئايالى ۋە قىزى بىلەن چۈشكەن سۈرەت.

ختاينىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى مەركەزگە ھەم جاڭ جى جۇڭغا، ئارقا- ئارقىدىن خەت يېزىپ مەسئۇت ئەپەندىنىڭ «مىللىي بولگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى «پاش قىلدى». ئۇنىڭ «مۇستەقىلچى ئونسۇر» ئېكەنلىگى ئاشكارە بولغاندىن كېيىن گومىنداڭنىڭ كۆتكەن ئۈمىدى ئاقلانمىدى. ئوز نۆۋىتىدە ستالىنچىلارمۇ «پاش قىلىش» ھەرىكىتىنى يېڭى كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇردى.

موشۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ رەئىسلىك لاۋازىمىدىن كېيىن، خىزمىتىدىن ژىراقلىشىشقا ئېلىپ كەلدى. بۇ جەرياننىڭ قانداق رىۋاجلىنىپ، قانداق ئاياقلاشقانلىقى ھەققىدە گۇۋالىق قىلىدىغان تەپسىلاتلار يېتەرلىك دەرىجىدە كوپ. بىز شۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت جاڭ جى جۇڭنىڭ بايانلىرىنىلا ئاساس قىلىپ ئالىمىز. چۈنكى جاڭ جى جۇڭ شۇ چاغدىكى غەربىي شىمال بەش ئولكىنىڭ رەئىسى سۈپىتىدە، مەسئۇت ئەپەندىنىڭ رەئىسلىككە تەيىنلىنىشىمۇ، رەئىسلىكتىن چۈشۈرۈلىشىمۇ بىۋاستە ئوزى بەلگۈلىگەن ھوكۇمران شەخس. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسئۇت ئەپەندى توغرىسىدا گۇۋالىق بېرىشكە ئەڭ سالاھىيەتلىك شەخسدۇر.

جاڭ جى جۇڭ ئوزىنىڭ ژۇقۇرىدىكى ماقالىرىدا بۇ توغرىلىق مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«مەسئۇت ئەپەندى توغرىلىق يەنە توختىلىپ ئوتەي:

... 1946-يىلى، مەن شىنجاڭغا بېرىشتىن ئاۋال، ئۇ 3 ئۇرلۇك تەكلىپنى قويۇپ، جىياڭ جېشىگە مەكتۇپ سۇنغان ئىكەن. ماڭىمۇ بىر پارچە خەت يېزىپ، جىياڭ جېشىگە يازغان خېتىنىڭ كوپىيىسىنى قوشۇپ ئەۋەتىپتۇ. خەتتە، مېنىڭ بۇ قېتىم شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن، يەرلىك خەلقنىڭ مىللىي ئارزۇسىنى قاندۇرۇشۇمنى، خەلققە دېموكراتىك ئەركىنلىك ۋە سەياسىي ھوقۇقلارنى بېرىشىمنى، ئۈمىت قىلىدىغانلىقىنى ئەكتىلەپتۇ.

جىياڭ جېشىگە يازغان تەكلىپنامىدا:

مەركەز چېگارا رايوننىڭ ئوزىگە ئوزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلسۇن. يەرلىك خەلق ئوزلىرىنىڭ سەياسىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى ئوزلىرى باشقۇرسۇن، بېگۇنا تۇتقۇن قىلىنغان سەياسىي مەھبۇسلار قويۇپ بېرىلسۇن، ئۇلارنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان مال-مۇلكى ئېنىقلىنىپ، ئېگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلسۇن، خەلقتىن ئېلىنىدىغان باج-سېلىقلارنىڭ مىقدارى ئازايتىلسۇن ... دېگەندەك تەلەپلەر بار ئىدى.

بۇ خەتنىڭ روھىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ۋەتەننى، مىللەتنى سويىدىغان ئادەم ئېكەنلىگى چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا مەن شىنجاڭغا بېرىپلا ئۇنى بىر كىشىلىك لاۋازىمغا تەۋسىيە قىلغان ئېدىم.

مەن، ئولكە رەئىسلىگى لاۋازىمىدىن ئىستىپا بەرسەم، بۇ ئورۇنغا ئۇنى قويۇشىمىز مۇمكىن- دەپ ئويلىغان ئېدىم.

ۋاھالەنكى، ئۇ رەئىس بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سەياسىي-ئىدىيەۋىي ئاجىزلىقلىرى بارا-بارا ئاشكارە بولۇشقا باشلىدى ...

... ئۇ بارا-بارا خەنزۇلارغا، مەركەزگە قارشى تۇرۇشقا، ھەتتا «شىنجاڭغا ئالىي دەرىجىدىكى مۇختارىيەت ھوقۇقى بېرىلسۇن» دېگەن مۇقاملارنى تۇلاشقا باشلىدى. مەن مەسئۇت بىلەن ئەيساغا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرى ۋە قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىپ ئوتتۇم. خەتنىڭ ئەسلى تېكىستى مۇنداق ئىدى:

«مەن شىنجاڭدىن ئايرىلغىلى بىر يىلدىن ئاشتى. بۇ بىر يىلدىن كوپرەك ۋاقىت ئىچىدە مەن شىنجاڭدا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئۇرغۇن ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم. شىنجاڭدا دېموكراتىك سەياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۆلكىنىڭ ئېچىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، دولەتنىڭ بىرلىگىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بېكىتىلگەن سەياسەتلەرنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتماسلىق، شۇنىڭدەك، سىلەر بىلەن بولغان دوستلۇقىمىزنىمۇ بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن، ئوزەم مۇھىم دەپ قارىغان بەزى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى لازىم- دەپ ئويلايمەن.

ئا. خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى:

شىنجاڭدىكى ھەربىي مۇلكى ئەمەلدارلارنىڭ ماڭا مەلۇم قىلىشىچە: ئەيسا ئەپەندى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئۇيغۇرچە گېزىتتە، يەرلىك خەلقنىڭ خەنزۇ خەلقىگە ھەم دولەت ئارمىيەسىگە قارشى ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان ھەم ئارىنى بۇزىدىغان ماقالىلار داۋاملىق ئېلان قىلىنىدىكەن. بۇ خىلدىكى خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش ئىدىيەسى ئۇلغىيۇپ كېتىۋەرسە، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا ناھايىتى ئېغىر خەۋۇپ كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭدەك سىلەر رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھازىرقى ھاكىمىيەتمۇ يامان تەسىرگە ئۇچرايدۇ. سىلەر گېزىتىڭلاردا خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشنى بىر خىل جىنايەت قىلىۋالدىڭلار- دەپسىلەر، سىلەرچە، موشۇ ئادىل تەنقىت بولامدۇ؟ «ئېھتىمال»، ئەيسا ئەپەندى خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىۋاتىدۇ، دېگەن سوز بەلكى ئورۇنسىزدۇر. شۇنداق بولسىمۇ، سەممىي ھالدا ئويلىنىپ كورۇشنى ھەم ئويغىنىشنى ئۈمىت قىلىمەن.

ب. مەركىزىي ھوكۇمەتكە نارازى بولۇش مەسىلىسى:

دەرۋەقە، مەركىزىي ھوكۇمەت بەزى جەھەتلەردە، بىزنى كۈچلۈك تۇردە قوللاپ، تولۇق ياردەم بېرەلمەيۋاتىدۇ. لېكىن شۇنى بىلىش كېرەككى، ھازىر مەركىزىي ھوكۇمەتنىڭ ئوزى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا تۇرىۋاتىدۇ. مەركەز شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنى خالىمايدۇ ئەمەس- بەلكى ئارمانى بولسىمۇ، دەرمانى- يوق بولىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى بانە قىلىپ، مەركەزگە نارازىلىق بىلدۇرۇش- ئادىللىق ئەمەس.

س. ئالىي دەرىجىدىكى مۇختارىيەت مەسىلىسى:

سەنىمىن جۇيىدىكى مىللىي مەسىلە- ئالىي دەرىجىدىكى مىللىي مۇختارىيەتنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ دەپلا قارىماستىن، ھەر قايسى مىللەتلەر كەلگۈسىدە مۇستەقىل بولىدىغان بولسا، ئۇنىمۇ قوللايدۇ. ئەنى شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالدا ئالىي دەرىجىدىكى مىللىي مۇختارىيەتنى يولغا قويۇشقا بولامدۇ؟ ئەگەر، شىنجاڭدا دەرھاللا مىللىي مۇختارىيەت يولغا قويۇلىدىغان بولسا، دولەت ئارمىيىسى ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى بارلىق ئورگانلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىشكە توغرا كېلىدىغۇ! شۇنى بىلىش كېرەككى، ئالىي دەرىجىدىكى مىللىي مۇختارىيەت، يەنى مۇستەقىللىك دېگەنلىك- بۇ ھەر گىزمۇ قۇرۇق گەپ ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن شەرت-شارائىت كېرەك!.

د. دېموكراتىك سەياسەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى:

دېموكراتىك سەياسەتنىڭ شىنجاڭدىكى كونكرېت ئىپادىلىرى مۇنداق: ئولكىلىك، ناھىيەلىك سەنىيخۇي (كېڭەش) ھەيئەتلىرى قۇرۇلدى. ھەر قايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىلىرى، ناھىيەلەرنىڭ ھاكىملىرى خەلق تەرىپىدىن سايلاندى. بۇ خىل دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ تىكلىنىشى،- شىنجاڭدا مۇستەھكەم ئېچىلىقنى تىكلەشنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ...

ئاخىرىدا مەن سىلەرنىڭ تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىلار ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ، جاۋاپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن:

1. سىلەرنىڭ مەركەزدىن، شىنجاڭدىكى دولەت ئارمىيىسىدىن نارازى بولۇشقا قانداق ئاساسىڭلار بار؟ بىر-بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويساڭلار.

2. سىلەر ئۈمۈت قىلىۋاتقان ئالىي دەرىجىدىكى مىللىي ئاۋتونومىيەنى قايسى ۋاقىتتا ئىشقا ئاشۇرۇش مۇۋاپىق دەپ ھېساپلايسىلەر؟ مەركەزدىن نېمىلەرنى ئۈمۈت قىلىۋاتىسىلەر؟

3. ئالىي دەرىجىدىكى مىللىي ئاۋتونومىيەنى يولغا قويغاندا، قانداق شەكىلنى قوللايماقچىسىلەر؟ ئۇنىڭغا ئىشەنچىڭلار قانداق؟ ئاۋتونومىيە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلالامسىلەر؟

بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالىغا كاپالەتلىك قىلالامدۇ؟

بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىلەر بولغانلىقتىن، مەن بۇلارنى ئېنىق بىلىشىم كېرەك.

(داۋامى بار).

مۇھتەرەم گېزىتخان!

هۆرمەتلىك گېزىتخانلار، قىممەتلىك دوستلار!

ئانا تىلىمىزدا چىقىدىغان جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي-سەياسىي گېزىت «ئۇيغۇر ئاۋازى» بىلەن ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى هاياتقا» 1992-ژىل ئۈچۈن مۇشتەرى توپلاش كېتىپ بارىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ هاياتىغا، تەغدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئۆز تىلىمىزدا كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا چىقىۋاتقان بارى-يوقى بىر ئاللا گېزىتىمىزغا مۇشتەرى بولۇش ئىشى 1-نويابىردا تاماملىنىدۇ. هەممىگە مەلۇمكى، «يېڭى هايات» گېزىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەسلى ئۇيغۇر يېزىقىدا چىقىۋاتقان يەككە-يېگانە گېزىت. ئۇنى ئۇيغۇرلار، ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى بىلىدىغانلار ئېلىپ ئوقۇمىسا باشقىلار ئوقۇمايدۇ.

شۇنى ئۇچۇق ئېيتىش كېرەككى، تەبەتتە قۇرغاقچىلىق، جەمىيەتتە قەھەتچىلىك هۆكۈم سۈرۈۋاتقان، ئىقتىسادىي بوھران ئەۋج ئالغان بۈگۈنكى كۈندە سويۇملۇك گېزىتىڭلار «يېڭى هايات» يۈز مىڭلىغان سوم چىقىم بىلەن نەشىر قىلىنىۋاتىدۇ. ئېگىزلىك هېساۋى جارى قىلىنغان، هەر كىم ئۆزىنىڭ دەردىنى ئۆزى تارتىدىغان بىر زاماندا گېزىتلىرىمىزنىڭ بارلىق چىقىمىنى قازاقستان س س ج مىنىستىرلار كابىنېتى ئۆز زىممىسىگە ئېلىۋاتىدۇ. دېمەك، قازاقستان هۆكۈمىتى «ئۇيغۇر ئاۋازى» بىلەن «يېڭى هاياتنى» چىقىرىش هېساۋىغا قىلچە ئىقتىسادىي پايدا ئالماي، ئەكسىنچە كۆپلەپ چىقىمدار بولۇۋاتىدۇ.

راس، 1991-ژىلدىن باشلاپ بازار ئىقتىسادىغا كۆچۈشكە باغلىق جەمىيىتىمىز ئىقتىسادىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق گېزىتىمىز تەھرىراتىنى يانداپ ئۆتكىنى يوق. بىرىنچى قەغەز باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشى، ئالاقە خىزمىتىنىڭ، باسمىخانا خىراجەتلىرىنىڭ ئاشۇرۇلۇشى تەھرىراتىمىزنى ناهايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئىقتىسادىي بوھراننىڭ كاساپىتىدىن گېزىت-ژۇرناللارنىڭ ژىللىق باهالىرى 2-3 هەسسە ئۆرلەپ كەتتى. ئامما «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «يېڭى هايات» گېزىتلىرىنىڭ باھاسى ئانچىلا ئۆسكىنى يوق. 1992-ژىلغا «ئۇيغۇر ئاۋازىنىڭ» يېزىلىش باھاسى 15 سوم، «يېڭى هاياتنىڭ» بولسا 7 سوم 80 تىيىن بولدى.

خەلقىمىزدە «خان ئۈستىخىنىنى خار قىلماس» دېگەن بىر دانا گەپ بار. بارى-يوقى ئىككى تال گېزىتىمىزنى قىممەتلەپ كەتتى دەپ بىز ئېلىپ ئوقۇمىساق، كىم ئوقۇشۇپ بېرىدۇ. گېزىتلارنى ئاخىر ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن هۆكۈمەت زىيان تارتىپ چىقىرىۋاتىدىغۇ! خەلقىمىز ئۈچۈن يەنە بىر سىناق پەيت كەلدى. ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ تونۇغان، قېدىمىي ئۇلۇق ئەجداتلارنىڭ ۋارىسى دەپ بىلگەن، ماددىي بايلىقنى قولنىڭ كىرى دەپ هېساپلاپ، مەنىۋىي بايلىقى بىلەن ئۆزىنى دۇنياغا تونۇتقان خەلقنىڭ پەرزەندى ئىكەنلىكىمىزنى ئۇيلىساق، 23 سوم 94 تىيىن دېگەن هېچ گەپ ئەمەس، بىر كىلوگرام قاقىنىڭ پۇلى...

جاهان تەن ئالغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسالام «مالنىڭ كۆپلىگى بايلىق ئەمەس، هەقىقىي بايلىق-روهىي بايلىقتۇر» دېگەن ئىكەن. «يېڭى هايات» ئۆزىنىڭ كىچىكلىگىگە باقماي، هاياتىمىزنىڭ ۋە پۈتكۈل جاهاننىڭ ئەينىكى سۈپىتىدە تورت سەھىپىسى ئارقىلىق قولدىن كەلگەنىنىڭ هەممىسىنى جۈرئەتلىك قىلىۋاتىدۇ. قايتا قۇرۇشنىڭ شاراپىتىدىن ئاقنى-ئاق، قارىنى قارا دېيىشكە ئىنتىلگەن، ئەركىن، دېموكراتىيە يولىدا دادىل قەدەم قويۇشقا باشلىغان گېزىتىمىز سەھىپىسىدە قازاقستان، ئۇيغۇرستان ۋە ئوتتۇرا ئازىيە جۇمھۇرىيەتلىرىدە ياشاۋاتقان تىلداش، دىلداش قېرىنداش خەلقلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ هاياتىنى، تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، ئەدەبىيات-سەنئىتىنى تېخىمۇ كەڭرەك، تېخىمۇ چوڭقۇرىراق يورۇتۇش بىزنىڭ ئاساسىي مەخسەت-نىشانىمىز بولغۇسى.

«مەن ئۇيغۇر!» دەپ ژۈرگەن هەر بىر كىشى خەلقىنىڭ ئۇلۇقلىقى ئۇنىڭ سانى بىلەن ئەمەس، مەنىۋىي قەدرىيىتى بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىش كېرەك. مەنىۋىي قەدرىيىتىمىزنىڭ-مەدەنىي مىراسلىرىمىزنىڭ ۋارىسلىق بورچىنى ئۆتەۋاتقان ئۆزىڭىزنىڭ 21 ژىللىق قەدىناس دوستى، مەسلىھەتچىسى، سىردىشى، مۇڭدىشى بولغان «يېڭى هاياتقا» 1992-ژىلى ئۈچۈن يېزىلىشنى هەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ! بىز گېزىتخانلاردىن پىتىر-سەدىقە سوراۋاتقىنىمىز ياكى ئۇلارنى يېزىلىشقا مەجبۇرلاۋاتقىنىمىز يوق، ئۆزىڭىزنىڭ ئانا تىلىدا چىقىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەڭ ئەرزەن، ئامما سىز ئۈچۈن تولىمۇ قىممەت گېزىتىڭىزغا مۇشتەرى بولۇپ يېزىلىشىڭىزنى ئۈمۈت قىلىۋاتىمىز.

شۇنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەش ئورۇنلۇقكى، بىرىدىن باشقا گېزىتلارغا ئويىمۇ-ئوي ژۈرۈپ، مەدەنىي دۇۋالدەك يالۋۇرۇپ، سارغىيىپ (راستىنى ئېيتقاندا سارغايتىپ) يېزىلمايدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ قېدىمىي مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان بەزىلەر ئالدىغا بېرىپ، گېزىتقا يازغىنى ئۈچۈن بىر ئېغىز رەخمەت سۆزىنىڭ ئورنىغا بەزىدە تېخى رەنجىتىپمۇ قويىدۇ. ئۇلار ئۆزلىگىنى ئۇنتۇغان خەلق ئۆلگەيدۇ، ئۇلداق خەلقنىڭ بېشى غەمدىن قۇتۇلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز جاي-جايلاردىكى گېزىتلىرىمىزنىڭ جان كۆيەرلىرىگە، سوۋېت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇل خادىملىرىغا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ رەھبەرلىرىگە، يۇرت-جامائەت ئاقساقاللىرىغا، ژىگىت باشلىرىغا، بارلىق ئۇيغۇر خەلقىگە، يۇرتداش، ۋەتەنداشلارغا مۇقەددەس ئانا تىلدا چىقىدىغان «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى هايات» گېزىتلىرىگە مۇشتەرى توپلاش ئىشىدا ياردەم بېرىدۇ دېگەن ئۈمۈتتە مۇراجەت قىلىۋاتىمىز.

1992-ژىلغا «ئۇيغۇر ئاۋازىغا» يېزىلىش باھاسى 15 سوم، ئۇنىڭ ئىندېكسى-65357، «يېڭى هاياتنىڭ» 7 سوم 80 تىيىن، ئۇنىڭ ئىندېكسى-65359.

گېزىتلىرىمىزغا جاي-جايلاردىكى ئالاقە بۆلۈملىرى ۋە جامائەتچىلىك ئاساسىدىكى مۇشتەرى توپلىغۇچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن يېزىلىشقىلارغا بولىدۇ.

مۇھتەرەم ئۇيغۇر جامائىتى، قىممەتلىك يۇرتداشلار! ئانا تىلىمىزدا چىقىدىغان گېزىتلىرىمىزغا ئۆز ۋاقتىدا قىزغىنلىق بىلەن مۇشتەرى بولايلى!

«يېڭى هايات» گېزىتى تەھرىراتى.

تەبرىكنامە

ئالمۇتا شەھىرى ئايىرودروم مەھەللىسىنىڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىگى يۇرتىمىزدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان مەرىپەتپەرۋەر، غەمخور ئاتا، موتىۋەر ئاقساقالىمىز

نەسىردىن ئاكىيېۋنى 75-باهارى

كويۇمچان، مېھرىبان، مۇشپىق ئانا

رۇقىيەم ئاكىيېۋانى 67-باهارى

شۇنداقلا 50 ژىللىق ئالتۇن تويى بىلەن سەممىي تەبرىكلەپ، ئۇلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئائىلىسىگە بەخت-سائادەت ۋە خاتىرجەملىك تىلەيمىز.

گېزىت ۋە گېزىتخان

گېزىتكە يېزىلىش قىزغىن

ئىلگىرى كالىنىن نامىدىكى كولخوز ئۇيغۇر جامائەتچىلىگىنىڭ ئانا تىلىمىزدا چىقىدىغان «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «يېڭى هايات» گېزىتلىرى بىلەن «پەرۋاز» ئالمانىخىغا يېزىلىشقا ئانچە كۆڭۈل بولمەي، كۆپچىلىگى يېزىلماي كەلگەن. هازىر يېزىمىزدا تالغىر ناهىيەلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىنىڭ شوبىسى قۇرۇلۇپ، بۇ شوبىنىڭ يېتەكچىلىگىگە نومەرجان ساتتاروۋنى بەلگىلىگەن. بۇ كىشى 1992-ژىلغا مۇشتەرى توپلاشقا ئۇيۇشقان هالدا كىرىشىپ، مەھەللىمىزنى 9 گۇرۇپپىغا بولۇپ، بۇنىڭغا ئىسكەندەر، مولۇت، ئىلغان، ئابدۇلفەتتار، مۇھەممەت، ماھمۇتجان، چىنتومۇر، مۇھىدىن، جالال، ئابدۇراخمانلارنى بەلگىلەپ سېنتەبرنىڭ ئاخىرىغىچە گېزىت-ژۇرنالغا يېزىپ بولۇشنى تاپشۇرغان ئىدى. هازىر ئىسكەندەر، مولۇت، ئىلغان، چىنتومۇرلەر ئۆزلىرىگە بەلگىلەنگەن يەردىكى كىشىلەرنى تامام يېزىپ بولۇپ پۇللىرىنى تاپشۇرۇپ بەردى. قالغانلار قىزغىن يېزىۋاتىدۇ.

ي. ئەلىيېۋ.
تالغىر ناهىيەسى.

تۈگەل مۇشتەرى بولىدۇ

1992-ژىل ئۈچۈن گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتەرى توپلاش هەققىدە هەر ئىككى گېزىتىمىزنىڭ گېزىتخانلارغا يوللىغان مۇراجىيىتى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئالمۇتا شەھىرى گورنىي-گىگانت مەھەللىسىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى بۇ مۇھىم ئىشنى ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن هەيئەتلەر مەجلىسىنى چاقىرىپ، مەھەللىمىزدە گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتەرى توپلاش مەسىلىسىنى مۇهاكىمە قىلدى.

ئۇچاستكىلارغا بولۇنگەن يولداشلار سورۇنلاردا يېزىش، ئۆيمۇ-ئۆي كىرىپ يېزىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مۇشتەرى توپلاش ئىشىنى باشلىغان ئىدى. هازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ يولداشلارنىڭ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىشى ۋە مۇھىمى مەھەللىمىزدىكى ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ قىزغىن كەيپىيات بىلەن يېزىلىشى ئارقىسىدا، مۇشتەرى توپلاش ئىشى ئاساسەن تاماملىنىش باسقۇچىغا ئۆتتى. مەھەللە ئاقساقاللىرىدىن نومەركام، ئابلىمىتكام، ئورۇمكام، هۇسەيىنكام، سىراجىدىنكام، مەھەللە ئىمامى زاماندىن هاجى، روشىدىنكاملار بىرىنچىلەردىن بولۇپ يېزىلدى.

قاسىم ناسىروۋ.
گورنىي-گىگانت مەھەللىسى.

گېزىتخانلارغا مۇراجەتنى ئوقۇغاندا

«ئۇيغۇر ئاۋازى» بىلەن «يېڭى هايات» گېزىتلىرى بىزنى سەياسىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن تەربىيەلەپ كېلىۋاتىدۇ. قىرغىزستاندىكى ئۇيغۇرلار گېزىتلىرىمىزگە مۇشتەرى بولۇش هەققىدە مۇراجەتنى ئوقۇپ بىر ئېغىزدىن قوللاپ قارشى ئېلىشتى. بۈگۈنكى بازار ئىقتىسادىنىڭ قىيىنچىلىقىنى چۈشەنگەنلەر گېزىتلىرىمىزنىڭ ژىللىق باھاسى ئۆسكەن بولسىمۇ تولۇق مۇشتەرى بولۇش قىزغىنلىقىنى بىلدۈرمەكتە. هەر بىر شەهەر، ناهىيە، يېزىلاردىكى ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ئارىسىدا ئاكتىۋ تەشۋىق ئىشلىرى باشلاندى.

بۇ ژىلقى مۇشتەرى توپلاش ئىشىنى تەشكىللىك، ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى «ئىتتىپاق»نىڭ ئالامىدىن ناهىيەلىك شوبىسى 7 كىشىلىك هەيئەت تەشكىل قىلىشتى. بۇ هەيئەت تەركىۋىدە باقىم ئوماروۋ، ئىسمايىل غاپپاروۋ، تۇرسۇن هاجىم قۇربانوۋ، مامۇت تىلىپيېۋ، ئابدۇلمەجىت قارى هاجىملار تەشۋىق ئىشلىرىنى ژۈرگۈزۈۋاتىدۇ. رەخمىدىن سەرپەكوۋ بىلەن مىدخەت ئىبراگىموۋلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىشقا كىرىشتى.

تۇرسۇن مۇھەممەت هاجىم قۇربانوۋ.
ئالامىدىن ناهىيەسى.

«Йеии хаят» [«Новая жизнь»] индекс 65359, приложение Республиканской Социально-политической газеты на уйгурском языке «Уйгур авази», выходит — по вторникам, четвергам и субботам.
Газета отпечатана в типографии газетно-журнального Издательства.
г. Алма-Ата, 480044 пр. Ленин 2/4.

تېلېفونلار: مۇھەررىر-69-86-33، مەسئۇل كاتىپ-50-86-33، سەياسىي-ئىجتىمائىي بۆلۈم 81-86-33، ئىقتىسات بۆلۈمى-06-86-33، ئەدەبىيات بۆلۈمى-27-86-33، مەدەنىيەت بۆلۈمى-01-92-33.

زاكاز (3443) تىراژ 8250

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى: قازاقستان س س ج مىنىستىرلار كابىنېتى.

گېزىت ئوفسېت ئۇسۇلى بىلەن بېسىلدى. بىر باسما تاۋاق.

مۇھەررىر ئا. قاسىموۋ

يېڭى هايات
ئالمۇتا، 480044
ئىپەك يولى كوچىسى، 50-ئۆي 8-قەۋەت

ПОГ-60

ئاتا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روييۇڭ سامان بولماس.

1991 ژىل 19 سېنتەبىر پەيشەنبە №112 (3443)

باھاسى 4 تىيىن

يېڭى ھايات

گېزىت 1970- ژىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ. ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم سېيشەنبە، پەيشەنبە شەنبە كۈنلىرى چىقىدۇ.

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سەياسىي گېزىت «ئۇيغۇر ئاۋازى»نىڭ قوشۇمچىسى.

ژۇرنالىستلار بىلەن ئۇچرىشىش

يېقىندا قازاقستان س س ج ئىچكى ئىشلار مىنىسترلىكىنىڭ مەتبۇئات مەركىزىدە جىنايى ئىشلارغا قارشى كۈرىشىش مۇئەممالىرىغا بېغىشلانغان نۆۋەتتىكى مەتبۇئات كونفېرېنسىيەسى بولۇپ ئۆتتى. قازاقستان س س ج ئىچكى ئىشلار مىنىسترلىكى مەتبۇئات مەركىزىنىڭ باشلىقى ب. ئو. سايارغالىيېۋ قىسقىچە كىرىش سوز بىلەن مەتبۇئات كونفېرېنسىيەسىنى ئېچىپ، جۇمھۇرىيەت جىنايى ئىشلارنى ئىزدەش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئىچكى ئىشلار مىنىسترلىكى كوللېگىيەسىنىڭ ئەزاسى مىلىتسىيە پولكوۋنىكى ئا. ق. سۇلېيمېنوۋقا سوز بەردى.

پولكوۋنىك ئا. ق. سۇلېيمېنوۋ ئۆز سوزىدە جۇمھۇرىيەتتىكى جىنايى ئىشلارغا قارشى كۈرىشىش ئەھۋالىغا، بۇ ئىشنى ژۈرگۈزۈشتە پەيدا بولۇۋاتقان مۇئەممالارغا تەپسىلىي توختالدى. ئۇنىڭ سوزىدىن 1991- ژىلىنىڭ ئوتكەن سەككىز ئېيى ئىچىدە جۇمھۇرىيەتتە جىنايى ئىشلارنى ئىزدەش يونىلىشىدىكى ئوپېراتىۋ ۋەزىيەت ئېغىر ئادەمنى خوشال قىلمايدىغانلىقى، ئەھۋالنىڭ مۇرەككەپ ئېتىچە قېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. 1991- ژىلى ئاۋغۇستتا جىنايى ئىشلارنىڭ ئوسۇش سۈرئىتى ئىلگەركى دەرىجىدە بولغان. مەسىلەن، موشۇ ژىلنىڭ سەككىز ئېيى ئىچىدە 83932 جىنايەت رويخەتكە ئېلىنغان، بۇ ئوتكەن ژىلنىڭ شۇ ۋاقتىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 14448 جىنايەتنىڭ ئوشۇق بولغانلىقىنى كورسىتىدۇ. مانا ئاخىرقى بەش ژىل داۋامىدا جىنايى ئىشلار ئوسمەكتە.

جىنايى ئىشلارنىڭ ئۇمۇمىي ئوسۇمى ئوغرىلىق جىنايەتلىرى ھېسابىغا بولىۋاتقانلىقى بايقالماقتا. ئۇمۇمىي جىنايەتلەرنىڭ 93،1 پروتسېنتىنى ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاراقچىلارچە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئالدامچىلىق ئوخشاش جىنايەتلەر تەشكىل قىلىدۇ. دولەت ۋە جەمىيەت مۈلكىنى ئوغرىلاش جىنايەتلىرى 37،7 پروتسېنت، پۇقرالارنىڭ شەخسىي مۈلكىنى- 29 پروتسېنت، ئوي ئوغرىلىقلىرى 44،7 پروتسېنت، شەخسىي مۈلككە نىسبەتەن سۇيقەست قىلىش 27،7 پروتسېنت، بۇلاڭچىلىق 15،5 پروتسېنت ئوسۇپ، ۋەزىيەتنى مۇرەككەپلەشتۈردى.

قازاقستاندا جىنايى ئىشلارغا قارشى كۈرەش بىلەن جىنايى ئىشلارنى ئىزدەش باشقارمىسى، جايلاردىكى ئۇنىڭ تارماقلىرى شۇغۇللىنىدۇ. مەملىكەتتىكى ئۇمۇمىي ئىجتىمائىي-سەياسىي ۋەزىيەت، ئىختىساتتىكى قالايمىقانچىلىق ۋە باشقا ئامىللار جىنايى ئىشلارنىڭ ئوسۇشىگە ئېلىپ كەلگەنلىكى ھېچ كىمگە سىر ئەمەس. ئىلگىرى ناركومانىيە، پاھىشىۋازلىق ئوخشاش جىنايەتلەر بىزدە يوق دەپ يوشۇرۇپ كەلگەن ئىدۇق. ئەندى يەنە بىر رېكېت، يەنى كوئوپېراتورلاردىن، باشقا تىجارەتچىلەردىن پوپوزا قىلىپ پۇل تەلەپ قىلىش جىنايەت تۈرى پەيدا بولدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا مۇنداق جىنايى ئىشلارمۇ خېلە ئۇرغۇن پاش قىلىنىپ، جىنايەتچىلەر ئېغىر جازاسىنى ئالدى.

ئۇمۇمەن جۇمھۇرىيەتنىڭ بارلىق ۋىلايەتلىرىدە جىنائەتچىلىكنىڭ ئوسكەنلىكى بايقالماقتا. ئالمۇتا شەھىرىدە، قىزىلوردا، چىمكەنت، جامبۇل ۋە جېزقازغان ۋىلايەتلىرىدە جىنايەتچىلىكنىڭ ئوسۇش سۈرئىتى قىسمەن تۆۋەنلىدى. پاۋلودار، شىمالىي قازاقستان، تالدىقورغان، كوكچېتاۋ ۋىلايەتلىرىدە جىنايەتچىلىك ئوسۇپ كەتتى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە شەخسكە قارشى جىنايەتلەر بىلەن باغلىق ۋەزىيەت ئاخىرقى ژىللار ئىچىدە دەسلەپكى قېتىم تۇراقلاشتى. زورلۇق قىلىش، قاراقچىلارچە ھۇجۇم قىلىش، شۇ جۈملىدىن پۇقرالارنىڭ شەخسىي مۈلكىگە نىسبەتەن جىنايى ئىشلار قىسقاردى. قۇرال- ياراق ۋە ئوق دورا ئوغرىلاش جىنايى ھەرىكەتلىرى خېلە ئازايدى. ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەر 21،6 پروتسېنتتىن 19،4 پروتسېنتقىچە قىسقاردى، لېكىن ئۇمۇمەن بۇ ئۇمۇمىي ئوپېراتىۋ ۋەزىيەتكە تەسىر يەتكۈزمىدى.

ئوپېراتىۋ خادىملار بىلەن تەرگەۋچىلەرگە ژۈكلىنىۋاتقان ئىش كولەمى بارغانسىرى ئوسمەكتە ۋە ھازىر شۇنداق دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇ جىنايەتلەرنى پاش قىلىش نەتىجىدارلىقىغا سەلبىي تەسىر يەتكۈزمەكتە. بىيىلقى سەككىز ئاينىڭ نەتىجىسى شۇنى كورسەتتىكى، ئوتكەن جىنايەتلەرنىڭ پاش قىلىنىشى 42 پروتسېنتقىچە تۆۋەنلەپ كەتتى. بولۇپمۇ دولەت مۈلكىنى، پۇقرالارنىڭ شەخسىي مۈلكىنى ئوغرىلاش ئوخشاش جىنايەتلەرنىڭ پاش قىلىنىش دەرىجىسى تۆۋەن، يەنى ھەر ئىككى ئويي ئوغرىلاش جىنايى ھەرىكەتنىڭ پەقەت بىرىلا پاش قىلىنىدۇ.

ئىزدەش ئىشىنىڭ 19 پروتسېنتقا ئوسۇپ كەتكەنلىكىگە قارىماي يوشۇرۇنۇپ ژۈرگەن جىنايەتچىلەرنى ئىزدەش نەتىجىدارلىقى ئوستى. دەرەكسىز يوقاپ كەتكەن ئادەملەرنى ئىزدەپ تېپىش ياخشىلاندى. قەستەن قاتىللىق جىنايىتى ئۈچۈن ئىزدىلىۋاتقان ئالاھىدە خەۋپلىق 35 جىنايەتچى قولغا ئېلىندى.

جۇمھۇرىيەتنىڭ جىنايى ئىشلارنى ئىزدەش ئاپپاراتى ناركوتىزمغا قارشى كۈرەشنى تېخىمۇ ئاكتىۋلاشتۇردى. ناركوتىكلارغا باغلىق 2746 جىنايى ئىش قوزغالدى، بۇ ئوتكەن ژىلنىڭ شۇ ۋاقتىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 20،4 پروتسېنت ئوشۇق دېگەن سوز. ناركوتىك سودىسى بىلەن شۇغۇللانغۇچى 254 ئادەم پاش قىلىندى. ناركوتىك ماددىلارنى ئىستېمال قىلىشقا دەۋەت قىلغانلىقى ئۈچۈن كوپلىگەن ئادەملەر قولغا ئېلىندى. ئوتكەن ژىلنىڭ شۇ ۋاقتىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا بېيىل ناركوتىك ماددىلار بىر توننا ئوشۇق مۇسادىرە قىلىندى.

مەتبۇئات كونفېرېنسىيەسىدە شۇنداقلا قازاقستان س س ج پرېزىدېنتىنىڭ ئىچكى ئىشلار، سوت، ئەدلىيە ئورگانلىرىنى پارتىيەسىزلەشتۈرۈش توغرىلىق پەرمانىغا باغلىق ئىشلار، مۇنداق ئورگانلارنىڭ پەقەت ئوزلىرىنىڭ كەسپىي ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، سەياسىي-ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىلەن ئىشتىن سىرت ۋاقىتتا شۇغۇللىنىشى لازىم ئېكەنلىكى تەكىتلەندى.

مەتبۇئات كونفېرېنسىيەسىدە شۇنداقلا قازاقستان س س ج ئىچكى ئىشلار مىنىسترلىكى جىنايى ئىشلارنى ئىزدەش باشقارمىسىنىڭ بولۇم باشلىقلىرى ۋ. پاتاسېنكو، ۋ. گورېلكىن، م. ئىزاتوۋ يولداشلار ژۇرنالىستلارنىڭ كوپلىگەن سوئاللىرىغا جاۋاپ بەردى.

يا. سابىتوۋ.

مەخسۇس مۇخبىرىمىز.

قازاقستان س س ج پرېزىدېنتىنىڭ پەرمانى

ھەربىي خىزمەتكە چاقىرىش توغرىلىق

قازاقستان س س ج نىڭ ھەربىي قۇرۇلۇش مەسىلىلىرىدىكى سۇۋېرېن ھوقۇقلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، جۇمھۇرىيەت تېررىتورىيەسىدىن ھەقىقىي ھەربىي خىزمەتكە چاقىرىلىۋاتقان پۇخرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقلىرىنى تەمىنلەش مەخسىتىدە، قازاقستان س س ج نىڭ سۇۋېرېنىتېتى توغرىلىق دېكلاراتسىيەگە ۋە كونستىتۇتسىيەگە (ئاساسىي قانۇنغا) ئەمەل قىلغان ھالدا،

توختام قىلىمەن:

1. قازاقستان س س ج ھەربىي كومىسسارىياتىغا ۋىلايەتلىك ھەربىي كومىسسارىياتلارنى بېقىندۇرۇپ، جۇمھۇرىيەتلىك ئورگان ستاتۇسى بېرىلسۇن.

قازاقستان س س ج ھەربىي كومىسسارى جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەربىي كومىسسارىياتى توغرىلىق قائىدىنى 1991- ژىلى 1- نويابىرغىچە ئىشلەپ چىقسۇن ۋە قازاقستان س س ج مىنىسترلار كابىنېتىنىڭ تەستىقلىشىغا تەقدىم قىلسۇن.

2. قازاقستان س س ج مىنىسترلار كابىنېتى ۋە قازاقستان س س ج ھەربىي كومىسسارىياتى 1991- ژىلى كۈزدىن باشلاپ جۇمھۇرىيەت تېررىتورىيەسىدىن ھەقىقىي ھەربىي خىزمەتكە چاقىرىلىۋاتقان پۇخرالاردىن قازاقستان س س ج ئىچكى ئەسكەرلىرىنى كومپلېكتلاشنى تەمىنلىسۇن.

قازاقستان س س ج نىڭ تاشقىرىسىدىكى ھەربىي-قۇرۇلۇش ئوترەدلىرىگە ۋە ئىچكى ئەسكەرلەرگە ھەربىي خىزمەتكە چاقىرىلغۇچىلارنى ئەۋەتىشكە يول قويۇلمىسۇن.

3. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىرى تېچلىق ۋاقىتتا ھەربىي خىزمەتنى ئوتىگەن چاغدا ھالاك بولغان ئائىلىلەردىكى ھەربىي خىزمەتكە چاقىرىلىدىغان ياشتىكى پۇخرالار ھەقىقىي (مۇددەتلىك) ھەربىي خىزمەتتىن بوشىتىلىدىغانلىقى بەلگۈلەنسۇن.

ھەربىي خىزمەتكە چاقىرىلغۇچىلارنىڭ تۆۋەندىكى كاتېگورىيەلىرىگە 27 ياشقا كىرگىچە ھەقىقىي (مۇددەتلىك) ھەربىي خىزمەتكە چاقىرىلىشى كەينىگە قالدۇرۇلسۇن (ئىختىيارىي ھالدا چاقىرىلغۇچىلاردىن باشقا):

—يالغۇز تۇرىدىغان ئاتىلارنىڭ يالغۇز ئوغۇللىرى؛

—سوۋخوزلاردا، كولخوزلاردا ۋە باشقا يېزا ئىگىلىكى مەھكىمىلىرىدە چوپان كەسپى بويىچە ئىشلەۋاتقان شەخسلەر؛

ئالىي ئوقۇش جايلىرىنىڭ كۈندۈزى ئوقۇيدىغان ستۇدېنتلىرى.

موشۇ پەرمان قوبۇل قىلىنغان پەيتتىن باشلاپ كۈچكە كىرىدۇ.

قازاقستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى
ن. نازاربايېۋ.

1991- ژىل، 12- سېنتەبىر.

بېيكېر ئالمۇتىغا كەلدى

ئالمۇتا. 16- سېنتەبىر. يەكشەنبە كۈنى كەچقۇرۇنلىقى ئالمۇتىغا كەلگەن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دولەت كاتىۋى دژېيمس بېيكېرنىڭ قازاقستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋ ۋە جۇمھۇرىيەت ھوكۇمىتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئۇچرىشىشى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققەت مەركىزىدە بولۇۋاتىدۇ.

بىز سەپەر تەپسىلاتلىرى توغرىلىق خەۋەر قىلىمىز، ھازىرچە بولسا تۆۋەندىكىلەرنى تەكىتلەيمىز. بۈگۈن ئەتىگەنلىكى قازاقستان پرېزىدېنتىنىڭ رېزىدېنتسىيەسىدە بولۇپ ئوتكەن مەتبۇئات كونفېرېنسىيەسىدە جۇمھۇرىيەتكە بەلگۈلەنگەن سوۋېت مەتبۇئاتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن باشقا 24 ئادەمدىن تەركىپ تاپقان ئامېرىكا ژۇرنالىستلىرىنىڭ توپىمۇ ئىشلىدى. بىر كۈن ئىلگىرى بۇ يەرگە ئاتاقلىق ئېبى-سى تېلېۋىدېنىيە شىركىتىنىڭ رېپورتيورلىرىمۇ كەلدى.

دژېيمس بېيكېر بىلەن نۇرسۇلتان نازاربايېۋ ئالمۇتىدا ئوتكۈزۈلگەن مۇزاكىرىلەر نەتىجىلىرىگە قانائەتلەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇرغۇنلىغان سوئاللارغا جاۋاپ بەردى.

تازيە- پرېسس.



«ئوما-91»

كوكچېتاۋ ۋىلايىتى. مېخانىزاتورلار ئاشلىقنى تېز ۋە ئىسراپسىز ژىغىۋېلىشقا بارلىق كۈچ غەيرىتىنى سەرىپ قىلماقتا. ئىگىلىك رەھبەرلىرىمۇ ئېتىزلىقتىن كەتمەي، ئىشنى ياخشى تەشكىللەشكە تىرىشىپ كەلمەكتە.

سۈرەتلەردە: ۋولودارسكىي ناھىيەسىگە قاراشلىق «لاۋروۋسكىي» سوۋخوزىنىڭ ئىلغار مېخانىزاتورى ۋىكتور نوۋوگورودوۋ (سولدا) ۋە ئاگرونوم نىكولاي موروزوۋلار. 2. ئىگىلىكنىڭ مەركىزىي خامىنىدا.
(قاز تاگ).

سودىنىڭ يېڭى شەكلى

يېقىندا تاشكەنت شەھىرىدىكى خەلق ئىگىلىگى مۇۋاپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسىنىڭ ئىككىنچى پاۋىلىئونىدا دۆلەت كوئوپېراتىۋ ئەمىلاتىنىڭ ئويۇشتۇرۇشى بىلەن جۇمھۇرىيەت تىجارەت-ئەخبارات بىرلەشمىسىنىڭ يەرمەڭكىسى بولۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭدا ئۆزبەكىستان جۇمھۇرىيىتىدە ئىشلەپ چىقىرىلىۋاتقان كىچىك كارخانا، كوئوپېراتىۋ، زاۋۇت ۋە فابرىكىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى نامايىش قىلىندى. شۇنداقلا «كىم ئاشتى» سودىسى ئارقىلىق ئۇرغۇتۇلغان تاۋارلار سېتىلدى.

— بۇ تىپتىكى يەرمەڭكە تاشكەنت شەھىرىدە دەسلەپكى قېتىم ئويۇشتۇرۇلۇۋاتىدۇ،— دەيدۇ يەرمەڭكىنىڭ باش بېزەكچى رەسسامى ئۇسمانجان ئىبراھىموۋ.— ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى جۇمھۇرىيەتتىكى بارلىق كىچىك كارخانىلار، كوئوپېراتىۋلار ۋە زاۋۇت ۋە فابرىكىلاردا ئىشلەپ چىقىرىلىۋاتقان مەھسۇلاتلارنى نامايىش قىلىش بىلەن بىرگە باشقا جۇمھۇرىيەتلەردە ئىشلەپ چىقىرىلىۋاتقان تاۋارلار بىلەن ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ يەرمەڭكىگە قويۇلغان تاۋارلار جۇمھۇرىيەتتە چىقىرىلىۋاتقان مەھسۇلاتنىڭ ھەممىسى بولماي، پەسىم كۆپچىلىگىنى كىچىك كارخانىلار بىلەن كوئوپېراتىۋ مەھسۇلاتلىرى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۇرغۇتۇلغىنى ئۆزىڭىز كۆرۈۋاتىسىز. مانا ئىككى كۈندىن بېرى 11 مىللىون سوملۇق تاۋار «كىم ئاشتى» سودىسى بىلەن سېتىلدى.

— بۇ كۈنلەردە مەتبۇئات سەھىپىلىرىدە «كىم ئاشتى» سودىسى توغرىلىق كۆپىرەك يېزىلىدىغان بولدى. مۇمكىن بولسا ئەينە شۇ سودا ھەققىدە سۆزلەپ كەتسىڭىز؟

— سودىنىڭ بۇ ئۇسۇلى قەدىمدىن مۇجۇت بولۇپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە كۆچىدىن قالدۇرۇلغان ئىدى. ھازىر چەت ئەللەردە بۇ ئۇسۇل كەڭ تارقالغان. بۇنىڭغا قاتناشقۇچىلار رويخەتتىن ئۆتۈپ، قولىغا سېتىلىدىغان ماللارنىڭ كاتالوگى بىلەن نومۇر بېرىلىدۇ. «كىم ئاشتى» سودىسىنى باشقۇرغۇچى كاتالوگ بويىچە تاۋارنىڭ دەسلەپكى باھاسىنى ئېلان قىلىدۇ. ئېلان قىلىنغان مالنى سېتىۋالماقچى بولغان كىشى قولىدىكى رەقەملىك كارتوچكىنى كۆتىرىدۇ. خېرىدارنىڭ ئۆز كارتوچكىسىنى ھەر بىر كۆتۈرۈشى ستاۋكىنىڭ ئېشىشىغا رازىلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاخىرقى بىر ئادەم قالغىچە تاۋارنىڭ تەننەرقى ئۆسىۋېرىدۇ. باشقۇرغۇچى ئاخىرقى باھانى ئۈچ قېتىم ئېلان قىلغىچە ھېچ كىم كارتوچكىسىنى كۆتەرمىسە ئۇ تاۋار سېتىلغان بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. سېتىلىپ بولغان تاۋار ئۈچۈن بىر سائەت ئىچىدە پۇل تۆلىنىشى كېرەك. ئەگەر سودىلىشىش داۋامىدا ئاخىرقى باھانى تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى سېتىۋېلىشتىن باش تارتسا، ئۇنداق كىشىلەر نۆۋەتتىكى «كىم ئاشتى» سودىسىغا قاتنىشىشتىن مەھرۇم بولىدۇ. سېتىپ ئېلىنغان بۇيۇمنىڭ سۈپىتى بويىچە كۆرسىتىلگەن نارازىلىق قانۇندا كۆرسىتىلگەن تەرتىپتە داۋا قىلىنىدۇ. بۇ سودىنىڭ ھازىرچە بىزدە شەكىللىنىۋاتقان قائىدىلىرى ئەينە شۇنداق، بۈگۈن يەرمەڭكىنىڭ ئاخىرقى كۈنى. بۇنىڭدا ئېغىر ماشىنا ياساش زاۋۇتلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، شۇنداقلا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى نامايىش قىلىنىدۇ ۋە سېتىلىدۇ.



ئۇسەنجاننىڭ سۆزلەپ بېرىشى بويىچە سودىنىڭ بۇ ئۇسۇلى بويىچە ئازىراق چۈشەنچىگە ئىگە بولساقمۇ، «كىم ئاشتى» سودىسىنىڭ ئاخىرقى كۈنىگە قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر بولدۇق. بۇ كۈنى 300 خىلدىن ئارتۇق ھەر تۈرلۈك تاۋارلار سېتىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالمالىق مېبېل ئىشلەپ چىقىرىش كومبىناتىنىڭ ئۆي جاھازلىرى، ئانگرېن كېرامىكا كومبىناتىدا ئىشلەنگەن تۈرلۈك كافېللار، بولغارىيەدە ئىشلەنگەن ئاۋتوپوگرۇزچىكلار، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئاۋتوموبىل «كاز-4540» ماشىنا زاپچاسلىرى، تامغا چاپلايدىغان تۈرلۈك ئوبويلار، تېلېفون ئاپپاراتلىرى، ماشىنا چاقلىرى ۋە باشقىمۇ تاپچىل تاۋارلار بار. سودىنىڭ بۇ ئۇسۇلىنىڭ قانچىلىك قىزىق ئۆتىدىغانلىقىنىڭ گۇۋاچىسى بولدۇق.

پ. ئەخمەتوۋ.
تاشكەنت شەھىرى.

سۈرەتلەردە: يەرمەڭكىگە قويۇلغان مەھسۇلاتلار.

ئاۋتورنىڭ سۈرەتلىرى.

جامائەتچىلىك ئاكتىۋىستى

تاشكەنت شەھىرىدىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىگى ئارىسىدا ئۆلگىلىك ئەمگىكى ۋە خەلقىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى، مەدەنىيىتى يولىدىكى ئىشلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەرنىڭ بىرى ئابلىز ھوسمانوۋتۇر. ئۇ ئائىلىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىن سوۋېت ئېلىگە كۆچۈپ چىقىپ، 1958-يىلى تاشكەنت شەھىرىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ يەردىكى ئىش پائالىيىتىنى ئاۋىئاتسىيە زاۋۇتىدا ئىشلەشتىن باشلىغان ئا. ھوسمانوۋ ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ ئىشلەمچانلىقى، ئۆز ۋەزىپىسىگە مەسئۇلىيەتلىك بىلەن قارايدىغانلىقى بىلەن زاۋۇت مەمۇرىيىتىنىڭ دىققەت ئېتىبارىغا ئىگە بولدى. ئىشنىڭ قىر-سىرلىرىنى ئېرىنمەي ئۆگىنىش تۈپەيلى ئۇ تېز ئارىدا ئاددىي ئىشچىلىقتىن ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇستىلار قاتارىغا كۆتىرىلدى. ئۇنىڭ سۈرىتىنىڭمۇ كۆپ يىللار زاۋۇتتىكى ئەمگەك ئىلغارلىرى تاختىسىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلگەنلىگى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ شۇ يىللاردىكى ئۈنۈملۈك ئەمگىگىنىڭ مۇناسىپ باھالانغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

1970-يىلى ئا. ھوسمانوۋ ئائىلە شارائىتىغا باغلىق شەھەرنىڭ بېكتېمىر ناھىيەسىگە كۆچۈپ كېلىپ، شۇ يەردە مۇناسىۋەتلىك ئىش ئورنىنىمۇ ئۆزگەرتىپ، ئۇ يەردىكى ئۇمۇمىي تاماقلىنىش ئورۇنلىرىنىڭ بىرىدە ئىشلەپ كەلمەكتە. بۇ كەسىپنىڭ ھوددىسىدىنمۇ شەرەپلىك چىقىش بىلەن بىللە ئۇنىڭ بولۇپمۇ كېيىنكى يىللاردىكى جامائەتچىلىك ئىشلارغا ئارىلىشىش ئاكتىۋلىغى يەنىمۇ قىزغىن تۈس ئالدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئاھالى ئارىسىدا ئىززەت ھۆرمىتى ئاشتى. شۇڭلاشقا يەرلىك كېڭەشنىڭ نۆۋەتتىكى سايلىمىدا ئۇ بېكتېمىر ناھىيەلىك كېڭەشنىڭ دېپۇتاتى بولۇپ سايلاندى.

1989-يىلى ناھىيە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇلغاندىن بېرى مەركەزنىڭ رەئىسى ۋەزىپىسىدە ئۇنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئاتقۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئىشلارنى ژۇقۇرى باھالاشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ يەردە ژۇت موتىۋەر ۋە ئاقساقاللىرى ئا. قادىروۋ، ھ. ئىلاخۇنوۋ ۋە باشقىلارنىڭ يېقىندىن ياردەم كۆرسىتىشى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش، مەدەنىي مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈش يۆنىلىشىدە كۆپلىگەن چارە-تەدبىرلەر ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنلىرى، نەۋرۇز بايراملىرىنى ئاممىۋىي ۋە ئەنئەنىلىك ئۆتكۈزۈشتىمۇ ئۇنىڭ ھەسسىسى زور. ناھىيەدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ۋە جامائەتچىلىكنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئۇ يەردىكى كوچىلارنىڭ بىرىگە ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى بىلال نازىمنىڭ نامى بېرىلدى. شائىرغا خاتىرە تاش ئورنىتىلدى. ئەينە شۇ ئەنئەنە مەراسىمىغا تاشكەنت شەھىرىدە ياشىغۇچى كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئاھالىسى، شۇنىڭدەك ناھىيەدىكى سوۋېت، پارتىيە ئورگانلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. ناھىيەدىكى ئۇيغۇر ئاھالىسى ئارىسىدا ئانسامبىل تەشكىل قىلىندى. مەزكۇر ئانسامبىلغا سازەندە ياقۇپ ئابلىزوۋ رەھبەرلىك قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئانسامبىلنى مۇزىكا ئەسۋاپلىرى بىلەن تەمىن قىلىش ئۈچۈن 7 مىڭ سوم سەرىپ قىلىندى. بۇ ئىزگۈ ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا ئا. ھوسمانوۋنىڭ قوشقان ھەسسىسى چوڭ.

كېيىنكى يىللاردا ئانا تىلىمىزدا چىقىدىغان «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدە كۆپىرەك تارقىلىشىغا مەركەز ۋە ئۇنىڭ رەئىسى ئابلىز ھوسمانوۋ كۆپ كۈچ چىقىرىپ كېلىۋاتىدۇ. ھەر يىلى مۇشتىرى توپلاش ئىشى باشلانغان مەزگىلدە ئۇنىڭ رەھبەرلىگىدىكى مەدەنىيەت مەركىزى ئەزالىرى جەمئىيەتلىك ئاساسىدا مۇشتىرى توپلاشقا قىزغىن كىرىشىدۇ.

خەلق ھىمايىسىگە ئىگە بولغان ئا. ھوسمانوۋنىڭ يېقىندا يۇبىلېيلىق مەراسىمى ناھايىتى تەنتەنىلىك ئۆتتى. ئۇنىڭغا قاتناشقان ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىرىنچى كاتىبى گ. سابىرالدىيېۋ جامائەتچىلىك ئارىسىدىكى ئاكتىۋ پائالىيىتى ئۈچۈن ئا. ھوسمانوۋقا ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ پەخرىي يارلىغىنى ۋە ماددىي سوغىلار تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ناھىيەلىك مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى ئا. شېك، كومپوزىتور ش. شايىماردانوۋا، مۇقامشۇناس ئالىم ئا. ھاشىموۋ، ناھىيەلىك ئۇمۇمىي تاماقلىنىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىغى ج. ھۈسەينوۋلار قىزغىن تەبرىكلەپ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىشلىرىنى ئالقىشلىدى.

ئا. ھوسمانوۋ ئائىلىسىدىمۇ مېھرىۋان ئاتا. ئۇ ئوتتۇز يىلدىن ئوشۇق ھەمشىرە بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتقان ئۆمۈرلۈك يولدىشى مەستۈرە ھەدە بىلەن ئىناق ھايات كەچۈرۈپ، پەرزەنتلىرىنى ئەمگەك سۆيەر، ئەدەپلىك ياشلاردىن قىلىپ تەربىيىلىدى. ئا. ھوسمانوۋتەك ئۆز خەلقى ئۈچۈن كۆيىنىپ ئەمگەك قىلىۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ يەنىمۇ كۆپىيىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

ھ. ئىسلاموۋ.
تاشكەنت شەھىرى.

ئىش قىزىغان جايدا

ئالمۇتا 1-ماي نامىدىكى تىكىنچىلىك بىرلەشمىسى كوللېكتىۋىنىڭ ئىشلەپ چىقىرىۋاتقان مەھسۇلاتلىرى خېرىدارلارنىڭ ئىستىمال تاۋارلىرىغا بولغان تەلىۋىنى قاندۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ يەردە ئىشلەپ چىقىرىلىۋاتقان بالىلارنىڭ كۆينەكلىرى، ئاياللار كىيىملىرى ۋە ژۇڭ توقۇما مەھسۇلاتلىرى ھازىرقى يېتىشمەيۋاتقان تاپچىل تاۋارلار قاتارىغا كىرىدۇ.

مەزكۇر بىرلەشمىدە ئىشلەۋاتقان 1,5 مىڭدىن ئارتۇق ئاياللار كوللېكتىۋى پلاننى ئورۇنلاش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پىداكارانە ئەمگەك قىلماقتا. ئىختىساتچىلارنىڭ ھېساپلاپ چىقىشىغا قارىغاندا ھەر بىر تىكىنچى ئۆز سىمېنىسىدا بىر يېرىم نورما ئىشلەيدىغانلىقى ئېنىقلانغان. ھەتتا، بەزىلەر، مەسىلەن، ۋ. شاشىيېۋا، ز. كرىيۇچكوۋا، ل. كوستېنكو، پ. ماقاجانوۋالار بولسا كۈندىلىك نورمىسىنى ئىككى-ئۈچ ھەسسە ئورۇنلاپ كەلمەكتە.

بۇ بولسىمۇ بىرلەشمە كوللېكتىۋىنىڭ مۇنتەزىم رەۋىشتە ئىشلەپ چىقىرىش پلانىنى ئورۇنلاپ تۇرۇشىغا مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ. بالىلار كىيىملىرىنى ئىشلەپ چىقىرىش بويىچە ئوتتەكتىكى يەتتە ئايلىق پلان 109,6 پروتسېنت ئورۇنلىنىپ، 2 مىللىون سوملۇق مەھسۇلات ئىشلەپ چىقاردى. شۇنداقلا «ئوتتۇق بار يەردە كامچىلىق بار» دېگەندەك ژۇڭ ۋە ئىپەكتىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار باھاسىنىڭ قىممەتلىكىدىن سودا ئورۇنلىرىدا سېتىلماي قېلىۋاتىدۇ. چۈنكى تىكىنچىلەر ئۈچۈن بىر مېتىر ئىپەكتىن ئىشلەنگەن ماتېرىيال (رەخت) 50-70 سومغا توختايدۇ، ئەندى تەييار مەھسۇلاتنىڭ تەننەرقى بولسا 180 — 250 سومدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق باھا بىلەن ھەر كىم سېتىپ ئالالمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بىرلەشمە كوللېكتىۋى ئىشلەپ چىقىرىۋاتقان مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىگە ئالاھىدە ئېتىۋار بەرمەكتە، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپەتلىك بولۇشى پىچقۇچىلار سېخىغا باغلىق. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان 140 تىن كۆپىرەك ئىشچى ئۆز جاۋاپكەرچىلىگىنى سەزگەن ھالدا ئىشلىمەكتە. بۇ سېختىكى ئىشچىلارنىڭ كۆپىنچىسى، ئەمگەك ۋېتېرانلىرى، «ئالتۇن قوللۇق» ئۇستىلاردۇر.

مەزكۇر سېخ باشلىغى ر. ئالېكساندروۋانىڭ مەلۇم قىلىشىچە ئەمگەكنى توغرا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىنتىزامنى كۈچەيتىش، تېخنولوگىيەلىك ئوپېراتسىيەلەرگە ئەمەل قىلىش بەدىلىگە 107 مىڭ سوملۇق ماتېرىيال ئىختىسات قىلىندى. دېمەك، خېرىدارلارنىڭ قوشۇمچە كىيىم-كېچەكلەر بىلەن تەمىنلىنىشى ئېھتىمالى بار.

م. مالىنوۋسكىي.
ئالمۇتا شەھىرى.

سۈرەتلەردە: 1. تېخى يېقىندىلا مەخسۇس كەسپىي تېخنىكىلىق ئوقۇشنى تاماملاپ ئىلغارلار قاتارىغا ئۆتكەن تىكىنچى رابىيە شەمسۇتدىنوۋا. 2. پىچقۇچى ھەمرايوۋى ئىليا سوۋا بىلەن قوبۇل قىلغۇچى ئادالەت جاپپاروۋا.

ئاۋتورنىڭ سۈرەتلىرى.

مەسئۇت ئەپەندى ھەققىدە ھەقىقەت

(داۋامى، بېشى 105، 106، 107، 108، 109، 110 ۋە 111 ـ سانلاردا)

4. سىلەر كۆتكەن ئالىي دەرىجىدىكى مىللىي ئاۋتونومىيەنى ھۆكۈمەت قىلالمايدۇ ئەمەس، ئۇنى ئويلىشىپ كورۇشكە بولىدۇ. چۈنكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەققانىي تەلۋى... لېكىن مۇنداق تەلەپلەر مەركىزىي ھۆكۈمەتكە نارازىلىق ۋە خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشنى ۋاستە قىلماسلىقى كېرەك، بۇ ھەرگىزمۇ مەخسەتكە يېتىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى ئەمەس. سىلەرنىڭ سەممىي ئويلىشىپ كورۇپ، جاۋاپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن.

ھورمەت بىلەن: جاڭ جى جوڭ.
مىنگونىڭ 37 ـ يىلى 10 ـ ئاي. لەنجۇ».

مەسئۇت ئەپەندى «تۈركىستانغا ئالىي مۇختارىيەت ھوقۇقى ئېلىش» ئۈچۈن قەتئىي ھەرىكەت قىلغانسىرى ھەم گومىنداڭچىلارنىڭ قارشىلىقىغا، ھەم ستالىنچى رەھبەرلەرنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كەلگەن.

جاڭ جى جوڭنىڭ ژۇقارقى مەكتۇبى ئەينە شۇ قارشىلىقنىڭ بىر ئىپادىسى. بۇ خىلدىكى مەكتۇپلار گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەربىي مۇلكى ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن ئۈزلۈكسىز كېلىپ تۇرغان، ئەلۋەتتە. مەسئۇت ئەپەندى ئەينە شۇنداق قاتمۇ ـ قات قارشىلىقلارغا قارىماي، ئۆزىنىڭ ئالىيجاناپ مەخسىتى يولىدا كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان. بۇ بولسا، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرۈپ، مەسئۇت ئەپەندىنى چاپسانراق لاۋازىمىدىن ئېلىۋېتىشكە زېمىن ھازىرلىدى.

يەنە جاڭ جى جوڭغا مۇراجەت قىلايلى:
«... موشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىلى تەرەپ قارشى تۇرغان تەغدىردىمۇ، مەسئۇتنى ئالماشتۇرۇۋېتىش كېرەك ئىدى. مەن بۇ يەردە، ئادەملەرنى بىلىشتە، دەسلەپتىلا خاتالىق كەتكۈزۈپ قويغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلمىسام بولمايدۇ...»

«شۇنداق قىلىپ، مەلۇم تەييارلىقلاردىن كېيىن، شەرت ـ شارائىت ھازىرلىنىپ مەسئۇتنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا بۇرھان شەھىدى ئۆلكە رەئىسى بولۇپ تەيىنلەندى.

مەركەزنىڭ ئالماشتۇرۇۋېتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇغى چۈشكەندىن كېيىن، مەن مەسئۇتكە يەنە بىر تېلېگراممىا ئەۋەتتىم:

تېلېگراممىدا مۇنداق يېزىلغان ئىدى:
ـ «بۇ قېتىم يۆتكىلىشى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ۋە ئىستىقبالى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى.

1945 ـ يىلى لەنجۇدە سىز بىلەن تونۇشقان چېغىمنى ئەسلىگىنىمدە، سىزنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، مەركەزنىڭ مىللىي سەياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىڭىزگە ئېلىپ، ئۆلكىگە رەئىس بولغىنىڭىزدىن كېيىن، ئۆزىڭىزنىڭ رەھبەرلىك ئورنىڭىز ۋە ئىناۋىتىڭىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، شىنجاڭ خەلقىنى، تىنچ، بىرلىككە كەلگەن، دېموكراتىك بولغان بەختلىك تۇرمۇش شارائىتىغا ئېگە قىلىدىغۇدەك ئۈمىت قىلغان ئىدىم، ئەپسۇسكى، بۇ ئىككى يىلدىن بۇيانقى سىزنىڭ ئەمىلى ئىپادىڭىز ۋە ئىستىلىڭىز مېنىڭ دەسلەپتە ئويلىغىنىمدەك بولمىدى، پېرىم يولدا تۇزگىرىپ، مۇستەقىلچى بولۇپ كەتكەنلىكىڭىزگە چوڭقۇر ئەپسۇسلىنىمەن...»

بۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان سەممىي مەسلىھەتىم ھەمدە ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كورسۇن، ـ دېگەن ئۈمىتىم ئىدى ...»».

جاڭ جى جوڭ ژۇقارقى كىتاۋىدا مەسئۇت ئەپەندىنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل مۇستەقىلچى ئىكەنلىگى: بۇ ئىدىيەۋى ئېقىمنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا چوڭقۇر تارىخىي يىلتىزىنىڭ بارلىغىنى ھەم كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئېگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ تۇۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

«... شىنجاڭدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ـ مەخسەت ھەرىكىتى ـ تۈرك خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان، تارىخىي يىلتىزى بار مەخسەت ھەرىكىتىدۇر. بۇ بولسا ـ ئۇيغۇرلار جوڭگونىڭ تەركىۋىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل ياشاشنى كوزلەيدىغان ھەرىكەتتۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ جوڭگونىڭ تەركىۋىدىن بولۇنۇپ چىقىپ، مۇستەقىل ئۇيغۇر دولىتىنى قۇرۇش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەسئۇت ئەپەندى رەئىس بولۇپ، سەھنىگە چىقىقاندىن كېيىن، بۇرۇنقى خەنزۇلار بىلەن يېقىن ئوتتۇش ھالىتىنى تەدرىجى ھالدا، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشقا ئۆزگەرتتى. مەسئۇت ئەپەندى ئىچكى جوڭگودا بىز بىلەن بىللە ياشە

سۈرەتتە: «قۇتۇلۇشنى ئىزدىگەن شەرقىي تۈركىستان» دېگەن كىتاپنىڭ مۇئەللىپى، مەسئۇت ئەپەندىنىڭ كىچىك قىزى گۇلتىكىن يوللىشى كامال پەھلىۋانى بىلەن.

غان دەۋردە خەنزۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشى ـ پەقەتلا ئۆزىنىڭ مۇستەقىلچىلىك ئارمىنىنى يوشۇرۇش ئۈچۈنلا بولغان ئىكەن. ئۇ ئۆلكىگە رەئىس بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەسلىدە كىم ئىكەنلىگىنى ئوچۇق ـ ئاشكارە كورسەتتى!...

ـ «... مەسئۇتنى ئالماشتۇرۇۋېتىش سەياسىي جەھەتتە مۇھىم تەدبىر بولغان ئىدى. مۇشۇ تەدبىر قوللىنىلغانلىقتىن، كېيىنرەك شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازات قىلىشقا پايدىلىق شەرتلەر ھازىرلاندى ... ئەگەر مەسئۇت ئالماشتۇرۇۋېتىلمىگەن بولسا، بۇرھان رەئىس بولالمايتتى. مەسئۇتمۇ ھەقىقەتكە قايتىشقا ھەرگىز ئۇنىمايتتى. داۋالغۇپ تۇرغان شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە مىللەتچىلەر مىللىي قارشىلىقنى كۈچەيتىپ، ۋەزىيەتنى چوقۇم ياماناشتۇرۇۋېتەتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ قارشىلىقى ئاخىر مەغلۇپ بولىدىغان بولسىمۇ، قۇراللىق توقۇنۇش چىقىپ، قان توكۇلۇشتىن ساقلانغىنى بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسئۇتنىڭ ئورنىغا بۇرھاننى ئالماشتۇرۇش ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتى جەھەتتىن ئاھايىتى مۇھىم تەدبىر بولغان ئىكەن!»

مانا بۇلار شۇ چاغدا غەربىي شىمال 5 ئۆلكىنىڭ رەئىسى سۈپىتىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەغدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ئەرباپنىڭ مەسئۇت ئەپەندىگە بەرگەن سەياسىي خاراكتېرىستىكىسى.

ئەندى، مەسئۇت، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسابەگ ئەپەندىلەر بىلەن ئەخمەتجان، رەخمەتجان ئەپەندىلەرنىڭ يەنى «چىنى تۈركىستانچىلار» بىلەن «شەرقىي تۈركىستانچىلارنىڭ» ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى قانداق بولغان ئىدى؟ ـ دېگەن سوئالنىڭ تۇغۇلۇشى تەبىئىي بۇ ئىككى گۇرۇھ ئەپەندىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە سىرتقى جەھەتتىن قارىغاندا گوياكى

ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغاندەك تەسىرات قالدۇرۇشى مۇمكىن. بىراق بۇلداق كورۇنىش مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادە قىلالمايدىغان زاھىرىي كورۇنۇش، سىرتقى ئالامەتلەردۇر.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە ماھىيەتتە ئۇنداق بولغان ئەمەس. بۇ ئىككى گۇرۇھ ئەپەندىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەسىلەك ۋە مەخسەت جەھەتتە تۈپ ئاساسلىق زىددىيەت بولغان ئەمەس. ھەر ئىككى تەرەپمۇ ۋەتەننىڭ ئازاتلىغى ۋە مۇستەقىللىگىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كوزلەيتتى! دېمەك، ئومۇمىي مەخسەت ـ نىشان بىر ئىدى. پەقەت شۇ مەخسەتكە قانداق يول بىلەن يېرىشىش مۇمكىن دېگەن مەسىلىدە، شۇنىڭدەك كەلگۈسىدە قانداق جەمىيەت تۈزۈمىدە ياشاش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىدە، كوز قاراشلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايتتى.

مەسئۇت ئەپەندىلەرنىڭ كوز قارىشىچە: گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتنىڭ مەجبۇر قىلىشى ئارقىسىدا ئۆلكىنىڭ نامى «تۈركىستان» ئىكەنلىگىنى، مىللىتىمىزنىڭ نامى «تۈرك» ئىكەنلىگىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇ ۋەن دەرىجىلىك بولسىمۇ مىللىي مۇختارىيەت بېرىشكە رازى بولدى. بىز موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەلقىمىزنى ئويغۇتۇپ، تەربىيەلەپ، شەرت ـ شارائىت ھازىرلاۋالغاندىن كېيىن ئۇزۇل ـ كېسىل مۇستەقىللىككە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

ئەخمەت ئەپەندىلەرنىڭ كوز قارىشىچە: سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىستىك دولەت. ئۇلار بىزنىڭ ئىنقىلاۋىمىزغا باشتىن ئارتىپلا ياردەم قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بىز سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ئىشىنىپ، ئۇلارغا يولىنىپ ھەرىكەت قىلمىساق ئۇزۇل ـ كېسىل مۇستەقىللىككە ئېرىشەلەيمىز. جەمىيەت تۈزۈمى مەسىلىسىگە كەلسەك، بىز كەلگۈسىدە موڭغۇلىستان تىپىدىكى بىر سوتسىيالىستىك دولەت بولۇپ قېلىشىمىز كېرەك. ھېچ بولمىغاندا ئوتتۇرا ئازىيەدىكى سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىگە ئوخشاش مىللىي جۇمھۇرىيەت ھوقۇقىغا ئېرىشىشىمىز زورۇر. دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرى ئاخىرىدا ئەشۇ ئىشەنچىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى.

دېمەك مەسئۇت ئەپەندى بىلەن ئەخمەت ئەپەندىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەسلەك ئومۇملىقى بولغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى دۇرۇس چۈشىنىپ، بىرلىشىپ ئىشلەشكە ئىنتىلگەن ئىدى. بىراق ستالىنچى رەھبەرلىكنىڭ كۆچلۈك بېسىمى ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ ئىشلىشىگە يول قويمىغان! بۇ ئۆقتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كوپ سوز قىلىشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

پەقەت بىرلا فاكتىنى كەلتۈرسەك كۇپايە قىلار: ستالىنچىلار ئۆز تەرەپدارلىرى ئارقىلىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، مەسئۇت ئەپەندىنى لاۋازىمىدىن چۈشۈرۈش مەخسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن، بۇ ئىككى گۇرۇھ ئىنقىلاپچىلارنىڭ بىرلىشىپ كېتىشىگە يول قويماسلىق ئۈچۈن ئىلى تەرەپتىن بارغان ۋەكىللەرنى ئۈرۈمچىدىن ئىلىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

1947 ـ يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا ئەخمەت ئەپەندى باشلىق ئىلى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتماقچى بولىدۇ. مەسئۇت ئەپەندى باشلىق ھۆكۈمەت ئەرباپلىرى ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويماقچى بولۇپ، ئايرودرومغا چىقىدۇ. ئەشۇ تارىخىي ۋىدالىشىش پەيتىدە، ئەخمەت ئەپەندى مەسئۇت ئەپەندىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

ـ «ئەخسىر، مۇنداق بولار دەپ ئويلىمىغان ئىدۇق. ئاخىر ئايرىلىشقا توغرا كەلدى. بىزدىن رەنجىمىسىلە، بىرلىشىپ ئىشلىسەكمۇ ياخشى بولاتتى. ئەپسۇس. بىرلىشەلمىدۇق، بىرلەشتۈرمىدى!» ـ دەپ خوشلاشقان.

بۇ يەردە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىمە دې

مەكچى بولغانلىغى ئۆز ـ ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك، ئەلۋەتتە!

ئەسلىدە مەسئۇت ئەپەندى ھەققىدە ئەخمەتجان ئەپەندى ئەنجەك ژىغىنىغا بېرىشىنىڭ ئالدىدا مۇنداق دېگەن ئىدى:

«خەلق ئىچىدە 3 ئەپەندى دەپ ئاتالغان جاناپلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا پىكىر ئىختىلاپلىرى بارلىغى ئېنىق. لېكىن ۋەتەن، مىللەت ئەركىنلىگىنى ئەمىن ئېتىشتە ئورتاقلىغىمىز، ئۇ مۇمىيلىغىمىز بار. دوكتۇر مەسئۇت سابىرىي بىلىملىك، تەجرىبىلىك ئادەم. مەمتىمىن بۇغرا ـ تارىخچى ئالىم، ۋەتەنپەرۋەر. ئۇنىڭ بىلەن ئورتاق تىل تېپىشقا بولىدۇ، مەن ئىشىنىمەن. ئەندى ئەيسابەگ بولسا ئاتەشىن مىللەتچى. مىللەتچىلىك، مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ ئايرىم قىرلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە بولىدۇ. ھەر ئۈچىلىسى چەت ئەللەردە ۋەتەن داۋاسىنى قىلىپ، سەرسان، سەرگەردان بولغانلار ... بىز ئۇلار بىلەن ئومۇمىي تىل تېپىشىشىمىز كېرەك. بىزنى غوراز سوقۇشقا سېلىپ قويۇپ، سۈيىنىپ چىقىۋېلىپ، تاماشە كورىدىغانلاردىن پەخەس بولۇشىمىز زورۇر...» («ئۇيغۇر ئاۋازى»، 1991 ـ يىل، 11 ـ ئاپرېل).

4

مەسئۇت ئەپەندى ئۆلكە رەئىسى خىزمىتىدىن بوشىتىلغاندىن كېيىن، بىر يىلغا يېقىن ۋاقىتنى ئۈرۈمچىدىكى ئۆزىنىڭ ئويىدە داۋالىنىش ۋە دەم ئېلىش بىلەن ئوتكۈزدى.

موشۇ بىر يىل ئىچىدە ئۆلكىدىمۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىمۇ غايەت زور ئوزگىرىشلەر يۈز بەردى. خىتاي دولىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن گومىنداڭ ھاكىمىيىتى كۆڭچەنداڭ ھاكىمىيىتى بىلەن بولغان ئىچكى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلدى. قالغان ـ قاتقان كۈچلىرىنى ژىغىشتۇرۇپ، تەيۋەن ئارىلىغا چېكىنىپ كەتتى. كۆڭچەنداڭ بولسا، ھەربىي جەھەتتە گومىنداڭ ئارمىيەسىنى يېڭىپ، چوڭ قۇرۇقلۇقتا ھۆكۈمرانلىقنى قولغا كەلتۈردى.

1949 ـ يىلى 1 ـ ئوكتەبىردە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىغى ئېلان قىلىندى. ماۋزېدۇڭ باشچىلىغىدا مەركىزىي ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنىپ، رەسمىي ئىشقا كىرىشتى ...

شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىدىمۇ جىددىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى: ئەخمەتجان قاسىمىي باشچىلىغىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبەرلىرى ھالاك بولدى. شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىنىڭ قىزىل قانلار بەدىلىگە كەلگەن غالىبىيەت مېۋىلىرىنى دەپسەندە قىلىپ، ئازات بولۇپ بولغان ئۈچ ۋىلايەتنى ماۋزېدۇڭچىلارغا قايتا بويسۇندۇرۇپ بەردى! گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىغىدىكى 7 ۋىلايەتتە بولسا، ئۆز ۋاقتىدا مەسئۇت ئەپەندىنىڭ چىڭ تۇرۇپ كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا قولغا كەلگەن «چىنى تۈركىستان»، «تۈرك» ناملىرى ۋە شۇ ئاساستا بېرىلگەن مىللىي مۇختارىيەت تۈزۈمى بەربات قىلىنىپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ خىتاي خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسىنىڭ ھېچ بىر توسقۇنسىز بۇ ئەلگە كىرىشى ئۈچۈن داغدام يول ھازىرلاندى!

موشۇنداق ئەھۋالدا مەسئۇت ئەپەندىنىڭ ئومۇر بويى قىلغان كۈرەشلىرى نەتىجىسىز ئاخىرلىشىپ، بۈيۈك ئارزۇ ئارمانلىرى قويۇق تۇمان ئىچىدە غايىپ بولماقتا ئىدى. ۋەتەننىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمۈت ئۈزۈلگەن بولۇپ، ئۈمىتسىزلىك كەيپىياتى ئېگەلەۋالدى. موشۇنداق شارائىتتا ۋەتەندە ياشاش مەنىسىز بولۇپلا قالماستىن، ھاياتىنىڭ ئۆزىمۇ خوۋۇپ ـ خەتەر ئاستىدا قالماقتا ئىدى.

(داۋامى بار).

ئالىم ئىقىدىسى

ياقۇپجاننىڭ ئوغۇلۇپ، كىندىك قېنى تامغان يۇرتى باغىكەتمەن. بۇ ئۇيغۇر ئاھىيەسىدىكى قەدىمىي يېزىلارنىڭ بىرى. ئاتا -بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەجايىپ تەغدىر- قىسمەتلىرىگە شاھىد بۇ يېزا ئازغۇمدەك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمانى ئىزى -شائىرىسىگە ئانا بولغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

ياقۇپجان ئىككى -ئۈچ ياشقا كىرگەندىلا مېھرىۋان ئانا مۇرەببىيسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. ئاتىسى رەخمەتۇللا ياقۇپجان ئۈنىڭ ھەدىسى، ئاكىسى- ئۈچ بالىغا ھەم ئاتا ھەم ئانا بولۇپ، ئۇمۇر يولىدىكى زىلەمخازنىڭ چىرىغىنى يالدۇرۇپ قالدى. ئۇ ئىشلەمچان، تەدبىرلىك ئادەم بولىدغان.

ھاياتنىڭ ئىسسىق- سوغىغا چىداپ، ئۆيلەپ ئىش قىلىدىغان، ئۇمۇرنىڭ قىيىن -قىستاقلىرىدا تاۋلانغان ئاتا باللىرىنى ژىتىمسىراتماي، چوڭ قىلدى. باللىرىنىڭ ئالدى ئەندىلا ئەر يەتكىندە ئۇرۇش باشلىنىپ چوڭ ئوغلى توختاخۇنى مەيدانغا ئۇزاتتى. ئاتىغا باشتا بەرمىگەن تەلەينى رەھىملىك ھايات كېيىنرەك ئارقا- ئارقىدىن بېرىشكە باشلىدى. توختاخۇن تورت مۇچىسى ساق، ئامان -ئېسەن ئۇرۇشتىن قايتتى. بۇ چاغدا ياقۇپجان ئالتىنچى سىنىپنى كەتمەن يېزىسىدا تۈگىتىپ، يەتتىنچىگە كۆچكەن ئىدى.

— دادا،- دېدى بىر كۈنى ياقۇپجان،- ئەدەبىيات مۇئەللىمى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى نازۇگۇم موشۇ كەتمەن تېغىنىڭ ئوڭكۇرىنى ماكانلىغان، دۇشمەنلەردىن يوشۇرۇنۇپ شۇ يەردە كۆپ ياتقان دەيدۇ، شۇ يەرگە ئاپىرىپ، ماڭا كۆرسەتكىنە.

—ماقۇل، بالام، ئەتىلا ئاپىرىپ كېلەي،- دېدى كويۇمچان ئاتا پەرزەندىنىڭ تەلىپىنى يەردە قويماي.

ئۇلار نازۇگۇم ئوڭكۇرىگە بارغاندا ئۇ يەردە ھېچ كىم يوق ئىكەن. ئازادە، ھەممە يېرىنى كۆرۈشتى. ئوڭكۈر ھەقىقەتەنمۇ سۈرلۈك ئىدى. «بېچارە نازۇگۇم قورقماي قانداقمۇ ياتقاندۇ؟، «باشقا كەلسە باتۇر دېگەن شۇ ئىكەندە»،- دېگەن ئوي- خىياللار ياقۇپجاننىڭ كۆڭلىدىن ئۆتتى. ئوڭكۈرنىڭ تاش تورۇسلىرىدىن تامچىلار ئېقىپ، سۇ مارجانلىرى يالتىراپ تۇراتتى. خۇددى بىرسى ياساپ قويغاندەك تاش تەكچە- ئويۇقلار كۈن شولىسى چۈشۈپ تۇرغان پەنجىرىسىمان يوچۇقلار ۋە تەھىيە ئوخشاش تاشلار ئۇنىڭدا ئالاھىدە قىزىقىش ھاسىل قىلدى.

—.دادا ئېمىشكە تورۇستىن تامچا تېمىپ تۇرىدۇ- ھە؟

— نازۇگۇمنىڭ دەرتلىك كۆز يېشى بولسا كېرەك، بالام.

— خىتايلارغا باش ئەگمىگەن قەيسەر دەيدۇ- ھە؟

— ھەئە، بىز ئەشۇ نازۇگۇمنىڭ ئەۋلاتلىرىمىز. بۇرۇنقى ئاتا- بوۋىلىرىمىزدىن ئوت ژۈرەك، مەردانە مەرتلەر كۆپلەپ چىققان. ئاكاڭ توختاخۇنمۇ ئۇرۇشتا قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، گېرمانىيە فاشىستلىرى ئۈستىدىن غالىبىيەت قازىنىپ قايتقان. سەنمۇ ياخشى ئوقۇپ، ئىلىم -پەننىڭ سىرلىرىغا چۇڭقۇر چۆكسەڭ دانا ئالىم بولىسەن، بالام. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق.

ئاتا- بالا قەلبىدىكى ئۈمۈت-ئىستەكلەر خۇددى موشۇ كەتمەن ئېغىدىن ئورلەپ چىققان كۆن ئوتىدەك پارلاپ كەتتى.

ئاتىنىڭ ئارمىنى -بالا ئۈچۈن پەرماندەك تۇيۇلۇپ، ياقۇپجاننى بىلىم دېڭىزىنىڭ چوڭقۇرلىرىدا ئۈزۈشكە ئۈندەتتى. ئۇلار چېلەك يېزىسىغا كوچۇپ كېلىپ، ياقۇپجان ئونىنچى سىنىپنى شۇ يەردە تاماملىدى. بىلىمگە چاڭقاق قەلبىنىڭ قاتلىرىدىن شائىر لۇتپۇللانىڭ:

ياشلىق- تىرىش، تىرماش، ھارماي ئۆگەن،

بىلىمنىڭ دېڭىزى قايناق ۋە چوڭقۇر.

نادانلىق ئۇ ھەممىنى بىلدىم دېگەن،

قۇرۇق ۋاراقلاپ كورۇپلا بىرقۇر.

دېگەن مىسرالىرى ياڭراپ قالاتتى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن 1951-ژىلنىڭ يېزىدا تاشكەنتكە بېرىپ، تاشكۈنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا چۈشتى. ئۇنىۋېرسىتېتنى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ستودېنتلارنىڭ بىرى بولۇپ تۈگەتتى. 1956-ژىلى چېلەك ناھىيەسىدىكى كىروۋ ناملىق مەكتەپتە ۋە كېيىنرەك ئاباي نامىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە خىمىيە پەنىدىن دەرس بەردى. ئۆز كەسپىگە پۇختا ياقۇپجان دەرسنى رۇس، قازاق، ئۇيغۇر تىللىرىدا ئۆتەتتى. ياش ئەۋلاتلار قەلبىگە بىلىم نۇرىنى توككەن ئۇستازنىڭ شاگىرتلار ۋە ئۇستازلار ئارىسىدا قەدىر-قىممىتى ئۆسۈپ، ئۇلارنىڭ ھورمەت-ئېھتىرامىغا ئېرىشكەن ئىدى.

باغكەتمەنلىك بۇ ژىگىت موشۇ مەكتەپكە يېڭىدىن ماتېماتىكا مۇئەللىمى بولۇپ كەلگەن گۈلجاھان ئىسىملىق قىز بىلەن ئائىلە قۇردى.

ھايات- ئادەملەرنى ئېسىغا، ئەۋقىلگە كېلىشتىن باشلاپ سىنايدىكەن. ئەشۇ سىناقلاردىن سۈرۈنمەي ئۆتۈپ، ياقۇپجان بىلەن گۈلجاھاننىڭ تۇرمۇش- ھاياتى كىشىلەر ھەۋەس قىلغىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى.

بىر كۈنى چاي ئۈستىدە ياقۇپجان گۈلجاھانغا كۆڭلىدىكى ئارزۇسىنى ئېيتتى:

— ئاسپىرانتۇرىغا چۈشەي دەيمەن، ھازىرقى ياشلىق غەنىمەت ۋاختىمىزدىن پايدىلىنىپ قالساق، كېيىن ھالاۋىتىنى كورەرمىز.

— مەيلى، ئوقۇڭ، مەن ئىشلەپ، ئوغلىمىزغا قاراپ تۇرۇمەن.

— رەخمەت، نىيىتىڭىزدىن ئايلىناي، ئەشۇنىڭ ئوزى ماڭا مەدەت، ئۈچ ژىل ئوتۇپ كېتىدۇ. خۇدا بۇيرىسا دىسسېرتاتسىيە ياقلاپ، ئالىم بولۇشقا بەل باغلايمەن.

— كېلىشتۇق.

ئۇلار خوشال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ساۋاقلىرىغا كەتتى. «ئەمگەكنىڭ تېگى راھەت» دەپ بېكار ئېيتمىغان ئاتا-بوۋىلىرىمىز. ياقۇپجان ئەنە شۇنداق قىيىن ئەمگەكنىڭ راھىتىنى كېيىن كوردى. ئاسپىرانتۇرىنى مۇۋاپپەقىيەت بىلەن تۈگەتكەن ياقۇپجان بىر ژىلدىن كېيىن كاندىداتلىق دىسسېرتاتسىيە ياقلاپ، خىمىيە پەنلىرىنىڭ نامزادى دېگەن نامنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدى. بۇ دەقىقىلەردە ياقۇپجان بىلەن گۈلجاھاننىڭ خوشاللىقىدا چەك يوق ئىدى. «ئالتۇننىڭ جىڭ-جالىغىنى زەرگەر ئايرىيدۇ» دېگەندەك 70-ژىللارنىڭ بېشىدا ئائىلىسى بىلەن ئالمۇتىغا كوچۇپ كېلىپ، ئاۋال خىمىيە ئىنستىتۇتىدا كىچىك ئىلمىي خادىم بولۇپ ئىشلىگەن ياقۇپجاننى 1976-ژىلى ئالمۇتا دولەتلىك تىببىي ئىنستىتۇتى ئىشقا تەكلىپ قىلدى. دەسلەپكى ئاسسېنت ئەندى دوتسېنت نامى بىلەن ئىنستىتۇتنىڭ 2-ۋە 3-كورس ستۇدېنتلىرىغا لېكسىيەلەر ئوقۇدى. شۇنداقلا تىببىياتقا ئائىت كوپلىگەن ئەمگەكلەرنى يېزىپ، گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى.

ئۇستاز ئالىمنىڭ روسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ 10- سىنىپى ئۈچۈن بېغىشلانغان «خىمىيە» دەرسلىكى كوپ ژىللاردىن بېرى ئوقۇتۇلۇپ كەلمەكتە. ئالىمنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى مۇناسىپ باھالىنىپ ئۇ قازاقستان سالامەتلىكنى ساقلاش مىنىسترلىكنىڭ ھورمەت گراموتىسى بىلەن مۇكاپاتلاندى.

ياقۇپجان ئاكىنىڭ ئائىلىسى ئۇستازلار ئائىلىسى. ئۇمۇر يولدىشى گۈلجاھان ھەدە 30 ژىلدىن ئارتۇق ئۇستازلىق قىلىپ ھورمەتلىك دەم ئېلىشقا چىقتى. چوڭ ئوغلى يۇسۇپجان تىببىي ئىنستىتۇتنى تاماملاپ، كەسپى بويىچە ئىشلىمەكتە. مالىكجانمۇ ئاتا ۋە ئاكىسىنىڭ ئىزىنى باسقان. ياقۇپجان ئاكا راخماتۇللىن، گۈلجاھان ھەدەملەر كېلىن ۋە نەۋرىلەرنىڭ راھىتىنى كورۇپ ياشىماقتا.

مومىنجان ھەمرايېۋ.

ئالمۇتا شەھىرى.

دۇنيا چەمپىيونى



ياپونىيە، ئوكىناۋا ئارىلى-كاراتې سپورتىنىڭ ۋەتىنى. مانا شۇ يەردىن دۇنيا چەمپىوناتىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بارغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سپورتچىلىرى قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كاراتې بويىچە دۇنيا چەمپىونى ئاتالغان ئالمۇتىلىق ئۇيغۇر ژىگىتى زاكىرجان توختىيېۋ بار.

بۇ غەلبە ئۇيغۇر خەلقىنىلا خۇرسەنت قىلىپ قالماي، بەلكى سپورتنىڭ بۇ تۈرى بويىچە دۇنيا چەمپىوناتىغا دەسلەپكى قېتىم قاتنىشىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى سپورتىنىڭمۇ شەنىنى ئالەمگە تونۇتتى. بۇ چەمپىوناتقا 35 دولەتنىڭ سپورتچىلىرى قاتناشقان. زاكىر توختىيېۋ چەمپىونات داۋامىدا ئانگلىيە، ئاۋىش، ياپونىيە، يېڭى زلاندىيە ۋە مالايزىيە دولەتلىرىنىڭ ئاتاقلىق كاراتې ئۇستىلىرى بىلەن ئېلىشىپ، ھەممىسنى يېڭىپ، دۇنيا چەمپىونى دېگەن نامنى ئالدى.

قېرىنداشلىق رىشتىلىرى

«ئىلى دەرياسى» ژۇرنالىدا

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى بىلەن ئوتتۇرا ئازىيە ۋە قازاقستان جۇمھۇرىيەتلىرى ئىختىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىلىرىنىڭ قايتىدىن تىكلىنىشى تۇپەيلى ئىككى ئەلدە ياشىغۇچى خەلقىمىزنىڭ ئەدەبىياتى بىلەن سەنئىتى بىر تۇتاشلىققا يۈز تۇتماقتا. ئۇ يەردىكى ھەر خىل نەشرىياتلاردا سوۋېت ئۇيغۇر يازغۇچى- شائىرلىرىنىڭ كىتاپلىرىنىڭ بېسىلىپ، ئايرىم ئەسەرلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقى، بىزنىڭ نەشرىياتلىرىمىزدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى يازغۇچى- شائىرلىرى ئەسەرلىرىنىڭ يورۇق كورۇۋاتقانلىقى شۇنىڭ ئىسپاتى.

ئانا تىلىمىزدا چىقىۋاتقان «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ سەھىپىلىرىدىمۇ «قېدىمىي ئەدەبىياتنىڭ ياشلىقى»، «قېرىنداشلىق رىشتىلىرى» رۇبرىكىلىرى ئاستىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن ئۈلگىلەر تونۇشتۇرۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەينە شۇ ياخشى ئەنئەنىنىڭ داۋاملىشتۇرۇلۇۋاتقانلىقىنىڭ نىشانى رېتىدە غۇلجا شەھىرىدە چىقىدىغان «ئىلى دەرياسى» ناملىق ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ بىيىلقى ئۈچىنچى سانىدا سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرى ئىلىيا بەختىيانىڭ، ساۋۇت ئىسكەندەروۋنىڭ، سائادەت باباجانوۋانىڭ شېئىرلىرى بېرىلگەن.

(ئۆز مۇخبىرىمىز).

ئاگلىمىدىم دېمەڭلار!

ئالمۇتىدىكى «بوستان» كىچىك كارخانىسى چەت ئەللەرگە بارغۇچىلارغا ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەنلەرگە ھوججەتلىرىنى رەسمىيەتتىن ئوتكۈزۈش بويىچە ئۆزىنىڭ خالىس خىزمىتىنى تەكلىپ قىلىدۇ.

ئالمۇتا شەھىرىدىكى قوبۇل قىلىش پۇنكىتلىرى:

1- پۇشكىن كوچىسى 12-ئۆي.

2- كوسموناۋت ۋە ۋىنوگرادوۋ كوچىلىرىنىڭ دوخمۇشىدىكى كوچۇك.

3- مونۇ تېلېفون بىلەنمۇ خەۋەرلىشىشكە بولىدۇ: 306489.

مۇھەررىر ئا. قاسىموۋ

يېڭى ھايات
ئالمۇتا، 480044
ئىپەك يولى كوچىسى،
50-ئۆي 8-قەۋەت

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى: قازاقستان س س ج مىنىسترلار كابىنېتى.

گېزىت ئوفسېت ئۇسۇلى بىلەن بېسىلدى. بىر باسما تاۋاق.

تېلېفونلار: مۇھەررىر- 69-86-33، مەسئۇل كاتىپ- 50-86-33، سەياسىي-ئىجتىمائىي بولۇم 81- 86-33، ئىختىسات بولۇمى- 06-86-33، ئەدەبىيات بولۇمى- 27-86-33، مەدەنىيەت بولۇمى- 01-92-33.

زاكاز (3444) تىراژ 8250

«Йеии хаят» («Новая жизнь») индекс 65359, приложение Республиканской Социально-политической газеты на уйгурском языке «Уйгур авази», выходит — по вторникам, четвергам и субботам.
Газета отпечатана в типографии газетно-журнального Издательства, г. Алма-Ата, 480044 пр. Ленин 2/4.

ПОГ-60

بارلىق يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روھىڭ سامان بولماس.

1991
يىل
21
سېنتەبىر
شەنبە
№113
(3444)
باھاسى
4 تىيىن

يېڭى ھايات

گېزىت 1970- يىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ. ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم سېيشەنبە، پەيشەنبە شەنبە كۈنلىرى چىقىدۇ.

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سەياسىي گېزىت «ئۇيغۇر ئاۋازى»نىڭ قوشۇمچىسى.

پارتىيە نامىنى ئۆزگەرتتى، لېكىن ...

قازاقستان كومپارتىيەسىنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ قىسقا سېيىزد بولۇپ ئۆتتى. ئۇ بارى، يوقى بىر كۈن داۋام قىلدى ۋە ئاخىرقى سېيىزد بولدى. بۇ پەۋقۇلاددە سېيىزدا ئۇزاق تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن كوممۇنىستىك پارتىيەنى قازاقستان سوتسىيالىستىك پارتىيەسى (ق س پ) قىلىپ ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى. ما نا ئەندى قازاقستان سوتسىيالىستىك پارتىيەسى بار. ئۇ كومپارتىيەنىڭ مىراسخورى ۋە مەلۇم دەرىجىدە ئۇنىڭ ئىدېيەلىرىنىڭ ۋارىسى، چۈنكى ئىلگەركى كومپارتىيەدىكى ئادەملەر بۇ يېڭى پارتىيەگە ئۆتىشى كېرەك.

ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مەجلىسلەر زالىدا يىغىلغان قۇرۇلۇۋاتقان قازاقستان سوتسىيالىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى مەتبۇئات كونفېرېنسىيەسى ئۆتكەزدى. مەتبۇئات كونفېرېنسىيەسىنى ق س پ مەتبۇئات مەركىزىنىڭ رەھبىرى ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغۇچى ن.ك. قىستاۋبايېۋ قىسقىچە كىرىش سۆز بىلەن ئاچتى. ئۇ ئۆز سۆزىدە قازاقستان كومپارتىيەسىنىڭ ئاخىرقى سېيىزىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكى، پارتىيە ئاپپاراتىدىكى ئوتتۇرا دوكسال قاتلامنىڭ كوممۇنىستىك ئىدېيەلەردىن ۋاز كېچىشنى خالىماي، ئۆز يولىنىشىغا سادىق بولغانلىقىغا قارىماي، ساغلام كۈچلەر پارتىيەنىڭ نامىنى، تۈزۈلۈشىنى، ھەرىكەت دەستۇرىنى ۋە نىزامنامىسىنى ئۆزگەرتىش توغرىلىق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭىپ چىققانلىقىنى تەكىتلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سابىق قازاقستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلىي بۆلۈمى باشلىقىنىڭ ئورۇنباسارى، ئەندى بولسا قازاقستان سوتسىيالىستىك پارتىيەسىنىڭ ھەمرەئىسى ئا. ۋ. ئانتونوۋ ق س پ نىزامنامىسى ئۈستىدە پىكىر قىلدى. ئۇ ئۆز سۆزىدە قازاقستان سوتسىيالىستىك پارتىيەسى پارتىيەنىڭ پروگراممىلىق مەخسەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە قوللاپ- قۇۋەتلەيدىغان قازاقستان س س ج پۇخرالىرىنى ئىختىيارىي ئاساستا بىرلەشتۈرىدىغان مۇستەقىل سەياسىي تەشكىلات ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قازاقستان س س ج كونستىتۇتسىيەسى (ئاساسىي قانۇن) ۋە باشقا قانۇنلىرىغا مۇۋاپىق ھالدا ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئۇ شۇنداقلا ق س پ ئۆز پائالىيىتىدە دۇنياۋىي تەرەققىيپەرۋەر جەمىيەت تەرەككۈرىنىڭ ئوتتۇقلىرىغا، جۇمھۇرىيەتنىڭ مىللىي-دۆلەت، ئىجتىمائىي- ئىختىسادىي ۋە مەدەنىي تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسلىنىدىغانلىقىنى، ئادەمنىڭ پاراۋەنلىكىنى ژۇقۇرى كۆتىرىشكە، ئۇنىڭ ھوقۇقلىرى بىلەن ئەركىنلىكلىرىنى، مىللەتلەر ئارا رازىلىقنى، بازار ئىختىسادىي مۇناسىۋەتلىرىنى، ھوقۇقلۇق دۆلەتنى تىكلەشنى تەمىنلەشكە قارىتىلغان تۈپ ئاساسىي ئىسلاھاتلارنى ژۈرگۈزۈشنى ئەخسەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاتاپ كۆرسەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن قازاقستان س س ج خەلق دېپۇتاتى، قازاقستان سوتسىيالىستىك پارتىيەسىنىڭ ھەمرەئىسى ئې. ك. ئېرتىسبايېۋ ئۆز سۆزىدە ق س پ نىڭ پروگراممىلىق بىلدۈرۈشى ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ پارتىيەنىڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ ھاكىمىيتى ئۈچۈن قانۇنىي، پارلامېنتلىق ئۇسۇللار بىلەن كۈرىشىدىغانلىقى، بۇ ھاكىمىيەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ۋە ئەمەلىي ئىشلار بىلەن سۈۋېرېن ھوقۇقلۇق دۆلەت قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئالاھىدە ئاتاپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، ق س پ بارلىق سەياسىي ۋە ئىدېيەۋىي ۋاستىلار بىلەن ئىجتىمائىي ئادالەتلىك ۋە ئىجتىمائىي ھىمايە قىلىنىش پرىنسىپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، ئىجتىمائىي ۋە شەخسىي، ئىختىسادىي، سەياسىي، ئەقلىي ۋە روھىي ئەركىنلىكلەرنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ياردەم قىلىدۇ ۋە ق س پ ئادەملەرنىڭ ۋىژدان ئەركىنلىكىنى تولۇق قوللاپ- قۇۋەتلەيدۇ.

ئۇ پارتىيەنىڭ مۈلكى توغرىلىق بېرىلگەن سوئاللارغا توختىلىپ، سابىق قازاقستان كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۆز مۈلكى بولمىغانلىقىنى، بارلىق مولۇك- بىنالار، باسمىخانىلار، ترانسپورت ۋاستىلىرى، دەم ئېلىش ئۆيلىرى ۋە ھاكازىلار س ئى ك پ مۈلكى بولۇپ كەلگەنلىكىنى، ئەندى قازاقستان س س ج پرېزىدېنتى ن. ئە. نازاربايېۋنىڭ يېقىندا چىقارغان پەرمانىغا بىنائەن جۇمھۇرىيەت تەۋەسىدىكى س ئى ك پ مۈلكى يەرلىك سوۋېتلەر ئىختىيارىغا ئېلىنغانلىقىنى تەكىتلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سۆزگە چىققان ق س پ سەياسىي ئىجرائىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ك. ۋ. ژىگالوۋ ۋە يا. ك. گاژىموۋ يولداشلار مەملىكەتنىڭ بىر قاتار رېگىونلىرىدا بولۇۋاتقىنىدەك كوممۇنىستلارنى ئاساسسىز تەقىپلەشكە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، مۇنداق يونىلىشنى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز سەياسىي ئېتىقاتلىرىنى ئەركىن ئىزھار قىلىش ھوقۇقىغا سۇيىقەست قىلىش بولۇپ ھېساپلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

مەتبۇئات كونفېرېنسىيەسىنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلار ئىتتىپاق ۋە جۇمھۇرىيەت گېزىت-ژۇرناللىرى، رادىو-تېلېۋىدېنىيە خادىملىرىنىڭ كۆپلىگەن سوئاللىرىغا جاۋاپ بەردى.

يا. سابىتوۋ،
مەخسۇس مۇخبىرىمىز.

تەشەككۈرنامە

ئىلى ناھىيەسىنىڭ **نىكولايېۋكا ۋە قارىسۇ** يېزىلىرىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئاھالىسى ئارىسىدا «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىغا 1992-يىلغا مۇشتىرى توپلاشنىڭ تولۇق ئاياقلاشقانلىقى ۋە مۇشتىرىلار سانىنىڭ ئۆتكەن يىلقىدىن خېلە ئاشقانلىقى ئۈچۈن نىكولايېۋكا يېزا جامائەتچىلىكىنىڭ ژىگىت بېشى ئابلەھەت روزاخۇنوۋقا، قارىسۇ يېزا جامائەتچىلىكىنىڭ ئاكتىۋىستلىرى ئۆرمەھەممەت يۇسۇپوۋ ۋە تۇرسۇن ئەيسارووۋلارغا سەمىمىي تەشەككۈر ئىزھار قىلىمىز.

«يېڭى ھايات» گېزىتى تەھرىراتى.

پېتروپاۋلوۋسكتىكى ئۇچرىشىش

17- سېنتەبىر كۈنى كېچقۇرۇنلۇغى قازاقستان س س ج پرېزىدېنتى ن. ئە. نازاربايېۋ موسكۋادىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، پېتروپاۋلوۋسكتا توختىدى. ئۇ موسكۋادا دۆلەت كېڭىشىنىڭ مەجلىسىگە قاتناشتى. س س ج ئى ۋە جۇمھۇرىيەتلەر رەھبەرلىرى ھەل قىلىشقا توغرا كەلگەن مۇرەككەپ مۇئەممالار پرېزىدېنتنىڭ شىمالىي قازاقستان يېرىدە قىسقا ۋاقىتلىق بولۇشىغا ئۆز تەسىرىنى يەتكۈزدى.

ساموليوت پەلەمپىيى يېنىدىلا ئۇنى ژۇرناليستلار قورشاۋالدى.

ن. ئە. نازاربايېۋ موسكۋادىكى ئۇچرىشىشنى كونستىرۇكتىۋ ئۇچرىشىش دەپ باھالىدى. دۆلەت كېڭىشىنىڭ مەجلىسىدە، دەپ تەكىتلىدى ئۇ، ئاساسىي مەسىلە بويىچە ئۇمۇمىي پىكىرگە كېلىش مۇمكىن بولدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن كېلەچەككە بەلگىلىگەن پىلانلىرىغىمۇ توختالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئورغۇن ۋە قىيىن ئىش تۇرىدۇ. ئالمۇتىغا سىنگاپۇر دېلېگاتسىيەسى كەلدى، ئۇنىڭ بىلەن ئىختىسادىي ئالاقىلارنى ئورنىتىش توغرىلىق كەڭ مىقياسلىق مۇزاكىرىلەرنى ئۆتكۈزۈش كۆزدە تۇتۇلۇۋاتىدۇ. ئاقش مەمۇرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچرىشىشلار داۋاملاشماقتا. ب. ن. يېلتسىن بىلەن ئەرمەنىستانغا ۋە ئەزەربەيجانغا بېرىپ، ئۇنىڭدا روسسىيە ۋە قازاقستاننىڭ ئابرويى ئارقىلىق تاغلىق قاراباغ ئەتراپىدىكى قېرىنداشلارنى ئولتۇرۇش توقۇنۇشنى توختىتىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرۈش پىلانلىنىۋاتىدۇ.

(قاز تاگ).

ئالاھىدە دىققەت ئاغدۇردى

سىنگاپۇر جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەتبۇئاتى، تېلېۋىدېنىيىسى سىنگاپۇر دېلېگاتسىيەسىنىڭ قازاقستانغا قىلغان رەسمىي سەپىرىگە ئالاھىدە دىققەت ئاغدۇردى. ئەڭ چوڭ يەرلىك «ستاندى تايمس» گېزىتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋقا بېغىشلانغان بىر بەتنى ئېلان قىلدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھازىرقى مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە مۇھىم تۇراقلاشتۇرغۇچى رولىنى ئاتقۇرۇۋاتقان ناھايىتى قابىلىيەتلىك ۋە سالاھىيەتلىك سوۋېت رەھبەرلىرىنىڭ بىرى دەپ خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇنىڭ بارلىق سەياسىي كۈچلەر بىلەن مايىللىق تىل ئېلىپ بېرىش، ئۇلارنىڭ ئاكتىۋلىقىنى بەرپاكارلىق مەخسەتلەرگە سەرىپ قىلىش ماھارىتى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ.

گېزىتلار قازاقستاننىڭ يېڭى ئىختىسادىي ستىرۇكتۇرىلارنى قۇرۇشقا، بازار مۇناسىۋەتلىرىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشكە بولغان ئىنتىلىشىنى ئىجابىي باھالاۋاتىدۇ.

سەپەر ھارپىسىدا سىنگاپۇر باش مىنىستىرى كانسېلەرىيەسى يېنىدىكى چوڭ مىنىستىر لى كۇئان يۇ پرېزىدېنت نازاربايېۋ بىلەن بولىدىغان بولغۇسى مۇزاكىرىلەرنىڭ بېرىشىدا ئەڭ ئاساسىي يونىلىش ئىختىسادىي مەسىلەرگە قىلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. سىنگاپۇر تەرەپ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات تەجرىبىسى بىلەن ئورتاقلىشىپلا قالماي، بەلكى ئىختىسادىي ھەمكارلىقنى ۋە سودىنى كېڭەيتىشنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشنىڭ ئېنىق ئىمكانىيەتلىرىنى تەكلىپ قىلىدۇ.

تازىيە-پرېسس.

پرېزىدېنت تەكلىۋى بىلەن

18- سېنتەبىر كۈنى قازاقستان س س ج پرېزىدېنتى ن. ئە. نازاربايېۋنىڭ تەكلىۋى بىلەن سىنگاپۇر جۇمھۇرىيىتىنىڭ چوڭ مىنىستىرى لى كۇئان يۇ ئالمۇتىغا كەلدى.

بىر ھەپتە مابەينىدە ئۇ، شۇنداقلا سىنگاپۇر باش مىنىستىرىنىڭ ئورۇنباسارى ئونگ تېنگ چېونت ۋە سىنگاپۇر دېلېگاتسىيەسىنىڭ باشقا ئەزالىرى قازاقستان ئىختىسادىدىكى ئىش ئەھۋالى بىلەن تونۇشىدۇ، ئۇنى بازار مۇناسىۋەتلىرىگە كۆچۈرۈشنى ئۇيۇشتۇرۇش بويىچە ئۆز تەۋسىيەلىرىنى بېرىدۇ، تەجرىبىسى بىلەن ئورتاقلىشىدۇ. مېھمانلارنىڭ جۇمھۇرىيەتتە بولۇش پروگراممىسىدا قازاقستاننىڭ ئالىي ئىختىسادىي كېڭىشىنىڭ ئەزالىرى، شۇنداقلا جۇمھۇرىيەتنىڭ سودا سانائەت ئىدارىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچرىشىش، چىمكەنت ۋىلايىتىگە بېرىش كۆزدە تۇتۇلغان.

لائېروپورتتا دېلېگاتسىيەنى ن. ئە. نازاربايېۋ، قازاقستان س س ج باش مىنىستىرى ئۇ. ق. قارامانوۋ، باشقا رەسمىي شەخسلەر سەمىمىي قارشى ئالدى. قارشى ئالغۇچىلار ئارىسىدا سىنگاپۇر جۇمھۇرىيىتىنىڭ س س ج ئى دىكى پەۋقۇلاددە ۋە تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچىسى د. ف. كولىسسو بولدى.

(قاز تاگ).



شەخسىي سۆھبەت ۋاقتىدا. (قاز تاگ).

چوپان ئىرادىسى

بىر ھەپتە بويى ياققان يامغۇر توختاپ، ئاسماندىكى قارا بۇلۇتلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغان. كۈن ئوزىنىڭ ئالتۇن نۇرىنى گوزەل ئاسى يايلىقىغا سېخىلىق بىلەن چېچىشقا باشلىدى. كۈن نۇرىدا چاقناپ ئېقىۋاتقان ئاسى ئوستىڭىنىڭ سۇزۇك سۇيىدە بېلىقلارمۇ ئوينىشىپ ئۇزۇپ ژۇرىدۇ. بىز موشۇ ئوستەڭنى ياقىلاپ مېڭىپ، «قارىغاي بۇلاقتا» جايلاشقان كېگىز ئويلەرنى كوزلەپ كېلىۋاتىمىز. «قارىغاي بۇلاقتا» يېقىنلاشقىنىمىزدا ئاسماننى قاق يارغاندەك قوش قاناتلىق سامولىيوت ئۇچۇپ كەلدىدە، قونىدىغان مەيداننى ئايلىنىپ تۆۋەنلەشكە باشلىدى. بۇ مەخسۇس گرافىك بويىچە چارۋىچىلارغا خىزمەت قىلىدىغان سامولىيوت ئېكەن.

بىزنىڭ مەخسىتىمىز —چوپان ئەبدىكەرىم قارابالايېۋ بىلەن ئۇچرىشىش. ئۇ توغرىلىق چېلەك ناھىيەسىدىكى «تاۋسۇگۇر» قوي سوۋخوزىنىڭ دىرېكتورى ژ. دوگالوۋ مۇنداق دېگەن ئىدى:

— بىزدە ماختاشقا لايىق ئىلغار چوپانلارنىڭ بىرى ئەبدىكەرىم قارابالايېۋ.ئۇ كوپتىن بېرى تول ئېلىشتاسوۋخوز بويىچە بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتىدۇ...

بىز ئېگىزرەك دوڭگە چىقىۋېلىپ، ئەتراپقا يېيىلغان قويلىرىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان چوپاننىڭ قېشىغا كەلدۇق.

— مېلىڭ كوپەيسۇن ئۇكا!

— ئېيتقىنىڭلار كەلسۇن، ئاكىلار، كېلىڭلار،— دېدى ئۇ بىزگە جاۋابەن ئوچۇق چىراي بىلەن،— ھاۋا ئېچىلىپ قويلارمۇ يايراپ قالدى. جانىۋار چوپىتىن باش كوتىرەر ئەمەس.

— ئەھۋالىڭ، ئىشلىرىڭ قانداق؟

— ماختىنىپ كەتكىدەك ھېچ نېمە يوق،— دېدى ئۇ سوزىنى داۋام قىلىپ،— يېزىدا كەچكى ئوتتۇرا مەكتەپنى تامامالاپ قوي بېقىشقا كەلگەن ئىدىم. مانا ئون بەش ژىلدىن ئېشىپ قالدى. كوپ قاتارى ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن. ژىل ئوتكەنسىرى تەجرىبىمىز ئېشىپ، بۇ كەسىپنىڭ ئېپى- جېپىنى بىلىپ قالدىم. ئون ئىككىنچى بەش ژىللىقنىڭ ئاخىرقى ژىلىنى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر 100 ساغلىقتىن 145 قوزا، ھەر قويدىن 4 كىلوگرامىدىن ژۇڭ ئېلىپ ئورۇنلىدىم.

ئۇ بىر ئەرسىنى ئېسىگە چۈشىرىۋاتقاندەك بىر ئاز ئويلىنىپ قالدىدە يەنە سوزىنى باشلىدى:

— ھاياتىمدا ئوتكەن بىر ئىش زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بىر ژىلى فېۋرال ئېيىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا توپ- توغرا بىر ھەپتە بويى توختىماي قار ياغدى. قويلار قوراغا سولۇنۇپ قالغاچقا قولىمىزدا بولغان چوپنى يەپ تۈگەتتى. نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق. ئاخىرى پۇت بىلەن قارنى تېپىپ ژۈرۈپ، تېۋىلغىلارنىڭ ئۇچىنى ئوروپ قويلارنى ئۈچ كۈن دېگىدەك شۇنىڭ بىلەن باقتۇق. تورتىنچى كۈنى قېلىن يېغىۋاتقان قارنى قاق يېرىپ، بىزنىڭ قورانىڭ ئۈستىگە چوپ ژۇكلىگەن ۋېرتالىيوت پەيدا بولدى. خوشاللىقىمىز ئىچىمىزگە پاتماي قالدى. شۇنداق قىلىپ قورادىكى 1400 دىن ئوشۇق قوينى ئامان —ئېسەن قوزىلىتىپ، قەھرىلىك قىشتىن تەل توكۇس ئېلىپ چىقتۇق.

ھەقىقەتتىمۇ ئە. قارابالايېۋنىڭ مال بېقىش بىلەن ئوتۇۋاتقان ھاياتىدىكى مۇنداق ۋەقەلەر ئۇنىڭ ئەرلىككە ۋە ئوتۇقلارغا يېتىشىگە ئېلىپ كەلگەن ھايات مەكتىۋى بولغان ئىدى.

تەجرىبىلىك بۇ قويچىنىڭ پىداكارانە ئەمگىكى ئوزىنىڭ لايىق باھاسىنى تېپىپ كەلدى. ئۇ بىر نەچچە ئوردېن بىلەن مۇكاپاتلاندى. شۇنداقلا ھەر ژىلى 2000 سوم ئەتراپىدا پۇل ۋە 20دىن قوي قوشۇمچە ھەق ئېلىپ تۇردى. ئۇ بىسىلمۇ ژۇقۇرى نەتىجىلەرنى كوزلەپ ئەمگەك قىلماقتا.

ئا. سابىروۋ.
ئالمۇتا ۋىلايىتى.

ئائېروپورتتىكى ئۇچرىشىش

تاشكەنت شەھىرىنىڭ ئائېروپورتىدا سامولىيوتنىڭ ئۇچۇشىنى كۈتۈپ ئولتارغانلار خېلە بار. مەلۇم بوش ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىنى تاپتىمدە، سومكامدىكى تۇرغۇن ئالماسىنىڭ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتاۋىنى ئوقۇشقا باشلىدىم. مېنىڭمۇ سامولىيوتۇم كېچىكمەكتە ئىدى. كىتاپقا تولىمۇ بېرىلىپ كەتكەن بولسام كېرەك، بىر ۋاقىتتا:

— ئوقۇۋاتقان كىتاۋىڭىز ئەرەپچە كىتاپما؟— دەپ سورىغان سوئالدىن چۆچۈپ كەتتىم. يېنىمدا 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر ژىگىت، قىزىقىپ قاراپ، كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ياق، ئەرەپ ھەرىپىدىكى ئۇيغۇرچە كىتاپ.

ئۇنىڭ ئۇزىدە قانداقتۇ ئوزگىرىشلەر بولۇپ سىلجىپ ماڭا يېقىنراق كەلدى.

— سىز ئۇيغۇرمۇ؟— دەپ سورىدى ئۇ، چۈنكى بىز ئۇنىڭ بىلەن رۇسچە سوزلىشىۋاتاتتۇق.

—ھەئە، مەن ئۇيغۇر،— دېدىم مەن.

—مەنمۇ ئۇيغۇر،— دېدى ئۇ،— بىراق بۇنداق كىتاپلارنىڭ چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن.

— ھە، بۇ كىتاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۇرۇمچىدە بېسىلغان كىتاپ.

ئادىلجان قادىروۋ بىلەن تونۇشلىقىمىز ئەينە شۇنداق باشلاندى. ئۇ ئەسلى تاشكەنتلىك بولۇپ، ژىگىرمە ژىلغا يېقىن ئومۇرىنى روسسىيەدە ئوتكۈزۈۋېتىپتۇ.

— قانداقلارچە ئۇ تەرەپلەرگە كېتىپ قالدىڭىز؟

— مەن تاشكەنت قۇرۇلۇش تېخنىكۇمىنى تۈگىتىپ، شۇ تەرەپكە يوللانما ئالغان ئىدىم. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇ تەرەپلەردە ئوزبەكىستاننىڭ ياغاچ تەييارلايدىغان يار دەمچى ئېگىلىكلىرى كوپ بولىدىغان. دەسلەپ شۇ ئېگىلىكلەردە، كېيىنرەك شۇ يەرنىڭ قۇرۇلۇش ساھالىرىدا ئىشلىدىم. ھازىر بولسا سۋېردلوۋسك ئوبلوسى شالىنسكي ناھىيەسىدىكى مىلوراتسىيە ۋە سېلخوزتېخنىكا ترېستىنىڭ كوچمە مېخانىكىلىق كولوننىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن. ئۇ تەرەپتە ئاساسەن قىلىشىمنىڭ سەۋەۋى ئۇ يەرگە بېرىپ، ئاز ۋاقىتتىن كېيىن نىنا دېگەن رۇس قىزىغا ئويلىنىپ قالدىم. ھازىر بىر توغۇل ۋە قىزىم بار. ئوغلۇم ئەلشىر مەكتەپنى پۈتىرىش ئالدىدا تۇرىدۇ. قىزىم ۋېرونىكا بولسا ئوقۇۋاتىدۇ.

— سىلەرنىڭ كولونىنا نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؟—

— بىزنىڭ كولونىنا تەركىۋىدە 180 ئادەم بولۇپ، بىر نەچچە برىگادىغا بولۇنگەن. ئاساسەن رۇس ۋە تاتارلاردىن تەركىپ تاپقان. بىر برىگادا نورمالىلىقتىن ئوزلەپ تېرىلغۇلۇق يەر تەييارلىسا، يەنە بىر برىگادا يېڭى سېلىنىۋاتقان تۇرۇشلۇق بېزىلارغا يول سالىدۇ، قالغىنى تۇرۇشلۇق ئويلەرنى سالماقتا.

— ئۇ تەرەپتە يالغۇز ئېكەنسىز، بوش ۋاقىتلاردا ئوز تىلىڭىزدا سوزلىشىش ياكى مىللىي ناخشىلارنى ئاڭلاش ئۇمۇمەن زېرىكىش ئەھۋاللىرى بولامدۇ؟— دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ھازىرچە مېنىڭ زېرىككىدەك ۋاقتىم يوق. چۈنكى شالىنسكي ناھىيە ئەمگەكچىلىرى ئوتكەنكى يەرلىك كېڭەشلەرنىڭ سايلىمىدا ناھىيەلىك كېڭەشكە دېپۇتات قىلىپ سايلىدى. دېپۇتات رېتىدە شەھەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن جىددىي ئىشلەۋاتىمىز. مەن ئوز ساھارىم بويىچە بىر نەچچە ئورۇندا مىللىي تائاملار، يەنى ئۇيغۇر مىللىي تائاملىرى كافېسىنى ئاچتىم. ئەندى ئۇلار دېگەندەك يولغا چۈشۈپ كەتكىسى يوق، شۇ يەرنىڭ ئاشپەزلىرىگە مەن كورسىتىپ بەرگەن رېتسېپ بويىچە مىللىي تائاملارنى تەييارلاۋاتىدۇ. موشۇ كېلىشىمدە بىر نەچچە كىشىلەر بىلەن سوزلۇشۇپ كېتىۋاتىمەن. ئۇلار ھەقىقىي مىللىي تائاملار ئۇستىلىرى. مەن ئۇ يەرگە بېرىپ ھەممە ئىشنى توغرىلاپ، خەۋەر قىلغاندىن كېيىن ئۇلار يېتىپ بارىدۇ. ئەينە شۇ ۋاقىتتا رەسمىي تۈردە ئۇيغۇر مىللىي تائاملىرى سۋېردلوۋسك ۋىلايىتىدە نامايىش قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل. مەن ئۇ ياقتا كوپ ۋاقىت تۇرغىنىم بىلەن مانا سىز كورۇپ تۇرۇپسىز ئۇيغۇرچە سوزنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. تاشكەنتكە ھەر بىر كەلگىنىمدە ئۇيغۇرچە —ئوزبەكچە پلاستىنكىلارنى ئېلىپ كېتىمەن. ھەتتا ئوغلۇم ئەلشىر بىلەن ئۇيغۇرچە سوزلىشىمەن. مانا، سىز بىلەن تونۇشۇپ، ئۇيغۇرچە گېزىتكە يېزىلىشىمۇ مۇمكىن بولىدىغان بولدى.

شۇ ئارىلىقتا دىكتور قىز مېنىڭ سامولىيوتىمغا رويخەتكە ئېلىش باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مەن ئوز سوھبەتدىشىم بىلەن سەمىمىي خوشلىشىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ مۇۋاپىيەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلىدىم.



پ. ئەخمەتوۋ.
تاشكەنت شەھىرى.

قەلبىمىزدە ياشايدۇ

يارقىن سىپالار

ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىگە ۋە ئونىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ ئولۇش قوشقان، ئوزىنىڭ كوپلىگەن ۋارىسلىرىنى تەربىيەلەپ قالدۇرغان سەنئەتكارلىرىمىزدىن بىرى سەيدۇللام رەخمىتوللايېۋتۇر.

س. رەخمىتوللايېۋ 1915- ژىلى ياركەنت شەھىرىدە ھۇنەرۋەن ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. سەنئەتكە بالىلىق چېغىدىن ئىشتىياق باغلىغان ئۇ مەكتەپتە ئوقۇپ ژۈرگەن ۋاقىتلىرىدىلا شەھەردە تەشكىل قىلىنغان «كوك كوينەكلەر» سەنئەت ئومىگىگە قاتنىشىپ، ئاتاقلىق سەنئەتكارلىرىمىزدىن: بىرى غۇلامخان جەلىلوۋتىن سكرىپكا چېلىشنىڭ ئازۇك سىرلىرىنى قېتىقىشىپ ئۆگەنگەن.

كەلگۈسى سەنئەتكار 1931-ژىلى ئاتا- ئانىسى بىلەن ئىلى تەۋەسىگە كوچۇپ بارىدۇ. بۇ ژىللىرى غۇلجا شەھىرىدە بىرەر سەنئەت ئويۇشمىسى شەكىللەنمىگەن بولسىمۇ، ئاما ماھىر ناخشىچى ۋە سازەندىلەرنى ھەر بىر كوچىدىن كوپلەپ تاپقىلى بولاتتى. ياش سكرىپكىچى ئەينە شۇ توپلارغا ئېرلا ئارىلىشىپ كەتتى. سكرىپكىنى ماھارەت بىلەن ئىجرا قىلىشى ئۇ پەيلى ئەل ئارىسىدا چوڭ ھورمەتكە ئېرىشتى.

دەرۋەقە غۇلجا شەھىرىدە بولغان ئولتىرىشلارنىڭ بىرىدە س. رەخمىتوللايېۋ «مەستۇنى ھەيران»نى سكرىپكا بىلەن يەككە ئورۇنلىغاندا، ئاق تېيىپ دېگەن ئاتاقلىق ناخشىچى ئونىڭغا، رەخمەت ئوكام، سەن بىزگە ئەجايىپ بىر يېڭىلىق ئېلىپ كەپسەن، يېڭىلىقنىڭ خۇشتارى كوپ بولىدۇ، ئۆگىنىمەن دېگەنلەرگە، ئەلۋەتتە، ئۇ گەتكىن،— دېگەن ئىدى.

سەيدۇللام سكرىپكا ئۆگىتىش ئىشىنى پەقەت 1934- ژىلى ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئويۇشمىسى يېنىدا سەنائىي- نەپىسە ئومىگى تەشكىل تاپقان كۈندىن باشلىدى.

— ئېھىر .قېشىدا ئويۇشما بولۇۋىدى،— دەپ ئەسلەيدۇ ئەتقىقاتچى باتۇر ئەرشىدىنوۋ بۇ ھەقتە،— كېيىن ئۇقاق (ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز)كلۇبىدا ساز ئومەكلىرى ئېچىلدى. سەيدۇللام شۇ چاغدا ياشلارغا سكرىپكا ئۆگەتكەن ئىدى. بىزنىڭ داڭلىق سكرىپكىچىمىز تۇرسۇن تېيىپ، ھەتتا مۇسەنجانمۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى شاگىرتلىرى بولغان.

س. رەخمىتوللايېۋنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىگە قوشقان ئىككىنچى بىر توھپىسى ئۇ ئىجاتمۇ قىلاتتى. مەسىلەن، شۇ ژىللىرى قويۇلغان «پەرھات-شىرىن» سەھنە ئەسىرىدىكى توققۇز ناخشىنىڭ تورتى ئونىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ. «كوز ئۇيقۇدا» دېگەن ناخشىمۇ س. رەخمىتوللايېۋ تەرىپىدىن ئىشلەنگەن.

س. رەخمىتوللايېۋ غۇلجا شەھىرىدىكى پائالىيىتىدە جالالىدىن يەھيارىي، روزى تەمبىر، ھۇسەن تەمبىر، ئابدۇنەبى، ماناپوۋ ۋە باشقىلار بىلەن بىللە 1944-ژىلى «ئىتتىپاق» خەلق تىياترىنىڭ تەشكىل قىلىنىشىغىمۇ ئاكتىۋ كۈچ چىقارغان. ئۇ «غېرىپ ۋە سەنەم»، «پەرھات ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ مۇزىكىلىرىنى تىكلەش ۋە تولۇقلاشقا ئىشتىراك قىلغان. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «كۈرەش قىزى» شېئىرى دراممىسىغا مۇزىكا يازغان. شۇنداقلا «رۇخسارە» مۇقامىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە س. رەخمىتوللايېۋنىڭ سالماقلىق ھەسسىسى بار. ھازىر ئەل ئىچىدە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «كوز ئۇيقۇدا»، «ئۇل پەرى»، «ئېچىلسۇن» ۋە «يەلپۇنەر» ئوخشاش ناخشىلارنىڭ ئاھاڭلىرى ئۇنىڭ ئىجادىغا تەئەللۇق.

مەلۇمكى س. رەخمىتوللايېۋ ئىجادىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئوقۇغۇچىلار ناخشىلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ئارمىيەسىنىڭ مارشلىرى تەشكىل قىلىدۇ،— دەپ خاتىرىلەيدۇ ژۇرنالىست تۇرسۇن قاھارىي،— مەسىلەن، ئۇ 1945- ژىلى «قوغلايمىز دۇشمەننى» ھەمدە «جەڭچى قەھرىمان باللار» ناخشىلىرىغىمۇ ئاھاڭ ئىشلىگەن ئىدى.

س. رەخمىتوللايېۋ 1955-ژىلى ئائىلىسى بىلەن سوۋېت ئېلىگە چىقىپ، ياركەنت شەھىرىگە ئورۇنلاشتى. دەسلەپ «ئوكتەبرىنىڭ 40 ژىللىقى» كولخوزىدا تەشكىل قىلىنغان سەنئەت ئومىگىگە قاتناشتى. 1965-ژىلدىن تا ئومۇرىنىڭ ئاخىرىغىچە پەنجىم يېزىسىدىكى روزىباقىيېۋ نامىدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىۋىدە مۇزىكا مۇئەللىمى بولۇپ ئىشلىدى.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، ئىلى مۇقاملىرىنى پاخشى ساقلاپ قالغانلارنىڭ بىرىمۇ، سەيدۇللا ئاكا رەخمىتوللايېۋ بولدى. 1964 - ژىلى قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيەسى ياركەنتكە بارغىنىدا ئۇرمۇھەممەت ئاسىروۋ بىلەن سەيدۇللام رەخمىتوللايېۋلاردىن «ئون ئىككى مۇقامنى» ماگنىت لېنتىسىغا يېزىۋالغان ئىدى.

س. رەخمىتوللايېۋ ياركەنت ئاھىيەسى خەلق تالانتلىرى تەركىۋىدە پولتاۋا ئىتتىپاقلىق بايقاشقا قاتنىشىپ، ئوز ماھارىتىنى پايتەخت ئاھالىسىغا ۋە مېھمانلارغا نامايىش قىلغان ئىدى.

سەنئىتىمىزنىڭ كورنەكلىك ناماينەندىلىرىدىن بىرى سەيدۇللام ئاكا رەخمىتوللايېۋنىڭ نامى ئەۋلاتلار قەلبىدە مەڭگۈ ياشاپ قالغۇسى.

يەھيا تايىروۋ.
ياركەنت شەھىرى.

مەسئۇت ئەپەندى ھەققىدە ھەقىقەت

(داۋامى، بېشى 105، 106، 107، 108، 109، 110، 111 ۋە 112- سانلاردا)

مەسئۇت ئەپەندىنىڭ مەسلەكداش-مەخسەتداش دوستلىرى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، ئەيسا بەگ ئالپتېكىن ۋە باشقىلار ماۋجۇڭيىڭچىلارنىڭ قولىدا ئابۋەت بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ۋەتەننى تاشلاپ، چەت ئەللەرگە كېتىشكە، شۇ ياقتا كۈرەشنى داۋام قىلىشقا بەل باغلىدى.

1949-يىلى ئاۋغۇستىنىڭ ئاياغلىرى ئۇلار مەسئۇت ئەپەندىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئوزلىرى بىلەن بىللە چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى. مەسئۇت ئەپەندى سەپداشلىرىغا مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ:

- «سىلەرنىڭ قەدىردانلىقىڭلارغا رەخمەت! ئومۇر بويى بىللە ياشىدۇق، بىللە كۈرەشتۇق، خوشاللىقتىمۇ، قايغۇدىمۇ بىللە بولدۇق. ئومرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە بىللە كۈرەش قىلىپ، بىللە ئولۇشىمىز كېرەك ئىدى. ئەپسۇس، بۈگۈن ئەندى پەلەكنىڭ كوتكەن كۈنلىرىگە ئارمانلىرىمىزغا يېتەلمەي، بېرىم يولدا ۋە دالىشتۇق! پەلەكنىڭ چاقى تەتۇر چۆگىلەپ، تەغدىر بىزگە كۈلۈپ باقمىدى. ئارزۇ-ئارمانلىرىمىز يوققا چىقىۋاتتى، ۋەتەننىڭ ئىستىقبالى زەبۇن بولىۋاتتا. سىلەر ئېيتقاندەك، ئەندى ۋەتەندە ياشاشنىڭ مەنىسى قالمايۋاتىدۇ، مېنىڭ دۇشمەنلىرىم مەندىن ئۆچ ئالماي قالمايدۇ. ئۇنىڭغا كوزۇم يېتىپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ مەن ۋەتەندىن كەتمەسلىكنى قارار قىلدىم. چۈنكى مەن موشۇ ۋەتەندە تۇغۇلدۇم، ۋەتەننىڭ رىسقىنى يەپ، شەربىتىنى ئىچىپ چوڭ بولدۇم. ئومۇر بويى ۋەتەن دەپ ياشىدىم، ئۇنىڭ ئىستىقلالى ئۈچۈن كۈرەشكە پۈتۈن بارلىقىمنى ئاتىدىم. ئەندى بولسىمۇ، ۋەتىنىمنىڭ قويىندا ئولەي، ۋەتەن دەپ سوققان ژۈرىكىم شۇ ۋەتەننىڭ تۇپرىقىغا سىڭسۇن! مېنىڭ سۆڭەكلىرىم چەت ئەلدە ئەمەس، ئانا يۇرتۇمنىڭ قويىندا قالسۇن، مېنىڭ ئاداققى ئۈمىتىم مانا شۇ! خەير دوستلىرىم سىلەرگە ئاق يول تىلەيمەن!»

مەسئۇت ئەپەندى موشۇ سوزلىرىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ قەدىردان دوستلىرىنى ئۇزىتىپ، ئوزى ئانا ۋەتەندە قېلىپ قالدى.

ئۇزۇن ۋاقىت ئوتمەيلا ئولكىگە ماۋجۇڭيىڭچىلار يېتىپ كەلدى. ئۇلار مىڭ بىر ھىيلە-نەيرەڭ بىلەن خەلقنى ئالداپ، ئوزلىرىنى خەلقچىل، ئادىل، پاك كىشىلەر قىياپىتىدە كورستىشكە ئىرىشتى.

ئۇلار سىنىپى كۈرەش ئېلىپ بارىمىز، - دېگەن نۇقتەك پەردە ئاستىدا خەلقىمىزنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ۋەتەنپەرۋەر ئوغلانلىرىنى مىڭلاپ تۈرمىلەرگە سولاپ، مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى. مەھبۇسلارنى ۋەھشىلەرچە قىيناپ، بەزىلىرىنى ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك جازاغا ھوكۈم قىلدى. بەزىلىرىنى يوشۇرۇن ئولتۇرسە، بەزىلىرىنى



سۈرەتتە: مەسئۇت ئەپەندىنىڭ ئەۋرىسى ھارۇنلا بايقوزى.

ئاشكارە خەلق ئالدىدا ئېتىپ ئولتۇردى!

1950-يىلنىڭ بېشىدا مەسئۇت ئەپەندىنى تۈرمىگە ئېلىش توغرىلىق بۇيرۇق چىقىرىلىدۇ. بىراق بۇ كۈنلەردە مەسئۇت ئەپەندى ئوزى قېرىپ قالغان، تېنى ئاجىز بولۇپ، تۈرمە ئازاۋىنى كوتىرەلمەي ئولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر ئولۇپ كېتىپ قالسا، مەسىلىنى تاپشۇرۇپ ئالالماي قالىمىز، دېگەن ئەندىشە بىلەن ئۇنى ئوزىنىڭ ئويىدە «مىرزا قاماقتا» تۇتۇشقا كېلىشىدۇ. «ئالدى بىلەن مەسىلىنى تۆگەل تاپشۇرۇپ ئالايلى، ئوندىن كېيىن بىر گەپ بولار!» دەيدۇ ئىچكى ئىشلار مۇئاۋىن نازىرى ليۇگەيىك.

دەرۋازىغا پوست قويۇلۇپ، ئائىلە ئەزالىرىدىن باشقا ئادەملەرنىڭ كىرىپ چىقىشىغا چەك قويۇلىدۇ.

مەسىلە تاپشۇرۇۋېلىش زورۇر بولغاندا ئۆلى ئۈستى يېپىق ماشىنا بىلەن ساقچى ئازارىتىگە مەخپىي ئەپكېلىپ سوراق قىلاتتى ياكى سوراقچىلار ئۇنىڭ ئويىگە بېرىپ سوراق قىلىپ «مەسىلە تاپشۇرۇپ ئالاتتى!». مۇشۇنداق خورلاشلارنىڭ ئاقىۋىتىدە ئۇ جىسمانىي ئاجىزلىشىدۇ. روھىي جەھەتتىن قاتتىق ئازاپلىنىدۇ...

شۇنداق قىلىپ قاتتىق ئازارەت ئاستىدا ئۇنىڭ سىرتتىكى كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئاغرىقىنى داۋالاشقىمۇ يېتەرلىك كوڭۇل بولۇنمەيدۇ. روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى موشۇنداق خورلۇقلار نەتىجىسىدە ئۇ 1952-يىلى باھاردا ئۇرۇمچىدىكى ئوزىنىڭ ئويىدە 66 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەندى، ئاتەشىن ۋەتەنپەرۋەر، ئوز خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ۋە مىللىي مۇستەقىللىكى ئۈچۈن ئومۇر بويى كۈرەش قىلغان جەڭچى دۇنيادىن ئوتتى! ئۇ ئىزگۇ- ئارمانلىرىغا يېتەلمەي، قارا تەغدىرگە پۈتمەس- تۈگمەس لەنەتلەر ئېيتىپ، ئاچچىق ئەلەم-دەرتلىك پۇغان بىلەن ئالەمدىن ئوتتى.

ماۋچىلار مەسئۇت ئەپەندىنىڭ چوڭ ئوغلى **ئەرتوغرولنى** 15 يىللىق قاماق جازاسىغا كېسىپ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئازاپلاپ ئولتەردى. ئۇنىڭ ئىنىسى **ئابدۇغوپۇر** يەنە بىر ئوغلى **ئىلدىرىمنى** غۇلجىدا ئېتىپ ئولتەردى. ئىككىنچى ئوغلى **ئۇيغۇر** ئوقۇپ بىلىم ئېلىش ئارزۇسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققان ئىدى. ئۇنى نكۋد جاللاتلىرى تۈرمىدە ئولتەردى. ئىنىسى **رەخىمجاننى** غۇلجا شەھىرىدە ئىككى قېتىم تۈرمىگە ئالدى. كېيىن بوشىتىلغان بولسىمۇ، روھىي جەھەتتىن ئازاپلىنىپ ئولدى. شۇنداق قىلىپ، ماۋچىلار مەسئۇت ئەپەندىنىڭ نەسلىنى قۇرۇتماقچى بولدى. بىراق، مەخسەتكە تولۇق يېتەلمىدى. مەسئۇت ئەپەندىنىڭ قىزى گۈلتەكىن بىلەن كىچىك ئوغۇللىرى **قىلىچىم، يالچىنلار** بەختكە يارىشا تۈركىيە دولىتىدىن سەياسىي باشپانا تېپىپ، ئوزلىرىنىڭ ھاياتلىرىنى ساقلاپ قېلىشتى. ئۇلار ھازىرغىچە تۈركىيەدە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. گۈلتەكىن ئەنقەرەدە تۈركىيە ھوكۈمىتى مالىيە مىنىسترلىگىدە، چىش ئاغرىقلىرى بولۇمىدە دوختۇر، قىلىچىم ئىستامبۇل شەھىرىدە ئىستىقامەت قىلىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ ۋەكىلى، «شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلار جەمىيىتى»نىڭ ھەيئەت ئەزاسى، يالچىن بولسا ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھوقۇق فاكۇلتېتىنى پۈتتەرگەندىن كېيىن ئادانا ۋىلايەتلىك سوتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

مەسئۇت ئەپەندى، ھەممىدىن ئاۋال، ھەقىقىي ئىنسان ئىدى. ئۇ ئىنسانلارچە ياشىدى، كۈرەشتى ھەم ئىجات قىلدى. ئۇ شەخسىي تۇرمۇشتا ئاددىي- سادە ئىدى. ئوزىنى كەمتەر تۇتۇشنى بىلەتتى. ئوز خەلقىنىڭ غېمىنى ئويلىماي، ھوزۇر-ھالاۋەتتە، راھەت-پاراغەتتە ياشاشنى خالىمىدى. ئوزىنىڭ بارلىقىنى جانجان خەلقىگە، ئۇنىڭ بەخت-سائادىتىگە بېغىشلىدى.

مەسئۇت ئەپەندى يېتۈك ئالىم ۋە ئەدىب ئىدى. ئۇ ئوزىنىڭ كەسپى بويىچە دوختۇر بولۇپ، تىبابەتچىلىك ئىلمىدا يېتەرلىك نەزەرىي ۋە ئەمەلىي بىلىمگە ئىگە ئىدى. تىل ئىلمى بويىچىمۇ چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە لىنگۋىست ۋە تەرجىمان ئىدى. ئۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىل بايلىقىنى ياخشى بىلگەندىن سىرت، تۈرك، خىتاي ئىنگلىز تىللىرىنى بىلەتتى. تارىخ، ئىجتىمائىيەت ۋە پەلسەپە پەنلىرىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇ ئىچكى خىتايدا تۇرغان مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ژۈرگەن خىتاي زىيالىلىرى مەسئۇت ئەپەندىنىڭ بىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىگە ۋە چوڭقۇرلۇقىغا قايىل بولۇپ، دايىم ئۇنىڭدىن مەسلىھەتلەرنى ئېلىپ تۇرغان.

ئۇ ئوزىنىڭ ئىنقىلاۋىي غايىسىگە تا ئومرىنىڭ ئاخىرىغىچە سادىق بولۇپ قالالىدى. تۇغۇلغان ئېلىنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئوزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ بەختىنى قۇربان قىلالىدى. كۈرەش يولىدا ئۇچرىغان ئېغىرچىلىق ۋە جەۋرۇ-جاپالارغا باش ئەگمىدى. ئىنقىلاپنىڭ ئېغىر يۈكىنى مەرتلىك بىلەن يەلكىسىگە ئېلىپ، تارىخنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدىن شەرەپ بىلەن ئوتەلىگەن ئىدى.

م. گوركىي ئوزىنىڭ لېنىن ھەققىدىكى خاتىرىلىرىدە: **«بۇ دۇنيانىڭ بۈيۈك كىشىلىرى ئارىسىدا توھپەتچىلەرنىڭ قارا يۈزلۈك بىلەن قىلغان ھاقارەتلىرىگە ئۇچرىمىغان بىرەر ئادەم بولمىسا كېرەك»** دەپ يازغان ئىدى. مەسئۇت ئەپەندىنىڭ تەغدىرىمۇ خۇددى شۇنداق بولدى!

ئالىمجان قاسىموۋ،
فىلوسوفىيە پەنلىرىنىڭ نامزادى.

ھاشىر ۋاھىدى،
تارىخچى.

سابىت ئۇيغۇرىي،
شائىر.

مەدەنىي مىراسىمىزنى ئۆگىنىمىز

چاغاتاي ئەدەبىياتى ھەققىدە

بۈيۈك ئەلىشىر ناۋائىي «چاغاتاي ئەدەبىياتى»نىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە ياشىغان. ئۇلۇق مۇتەپەككۇر ئەسەرلىرىنى «چاغاتاي ئەدەبىياتى»نىڭ ئەڭ يۈكسەك چوققىسى دەيمىز. خوش، چاغاتاي تىلى ۋە «چاغاتاي ئەدەبىياتى» قاچان پەيدا بولغان؟ ئۇنىڭ يىلتىزلىرى تارىخىمىزنىڭ قايسى سەھىپىلىرىدىن باشلىنىدۇ؟ بۇنداق سوئاللارغا ئەڭ ئالدى بىلەن ژىرىك تۈركىشۇناس ئالىملارنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىدىن جاۋاپ ئىزدىمەك لازىم.

تۈركىي تىللىرىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى ھەققىدە ھەر خىل پىكىرلەر موجۇت. چوڭ تۈركىشۇناس ئالىملار تۈركىي تىللىرىنى تۆۋەندىكى ئالتە تارىخىي باسقۇچقا بولۇشنى توغرا تاپىدۇ:

1. «ئالتاي تىلى» دەۋرى. بۇ دەۋردە تۈركىي، موغۇل، مانجۇر-تۇنگۇس، قورىيە تىللىرى يالغۇز تىل ئۇيۇشمىسى سۈپىتىدە موجۇت بولۇپ، بۇ ئۇيۇشمىدىن ئەڭ ئاۋال قورىيە تىلى، كېيىن چۇۋاش-تۈرك، موغۇل، ئاندىن مانجۇر-تۇنگۇس تىللىرى ئاستا-ئاستا مۇستەقىل تىل سۈپىتىدە ئايرىلىپ چىقىشقا باشلىدى.

2. «خۇن تىلى» دەۋرى. بۇ دەۋر مىلادىدىن ئالدىنقى ئۈچىنچى ۋە مىلادىدىن كېيىنكى تورتىنچى ئەسىرلەرنى ئوز ئىچىگە ئېلىپ، ئۇنىڭدا ئانا چۇۋاش، ئانا تۈرك، ئانا موغۇل، ئانا مانجۇر- تۇنگۇس تىللىرى بىر-بىرىدىن تامامەن ئاجرالغان ئىدى. تۈركىي تىللىرىنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي تارماقلارغا بولۇنىشىمۇ بېۋاستە يەنە شۇ دەۋردە باشلانغان.

3. قەدىمىي تۈرك تىلى دەۋرى. (5-7-ئەسىرلەر). بۇ دەۋر ئوز نوۋىتىدە يەنە ئۈچ باسقۇچقا بولۇنىدۇ: 1. كوك تۈرك (تۈركۈت) دەۋرى (5-8-ئەسىرلەر). 2. قەدىمىي ئۇيغۇر تىلى دەۋرى (8-10-ئەسىرلەر). 3.خاقانىيە تىلى دەۋرى (10-12-ئەسىرلەر).

4. خاقانىيە تىلى دەۋرىدىن كېيىن تۈركىي تىللىرىنىڭ ئوزى 8-ئەسىردىن باشلاپ ئۈچ تارماققا بولۇنۇپ تەرەققىي قىلغان: 1. ئوغۇز تىللىرى ئاساسىدا رىۋاجلانغان غەربىي تارماق تۈركىي تىلى. 2. قىپچاق تىللىرى ئاساسىدا رىۋاجلانغان شىمالىي تارماق تۈركىي تىلى. 3. ئۇيغۇر - قارلۇق، قارلۇق-خارەزم تىللىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن شەرقىي تارماق تۈركىي تىلى، يەنى ئۇيغۇر-ئوزبەك تىللىرى. بۇ دەۋرنى «چاغاتاي تىلى» شەكىللەنگەن، دەۋر دېيىش مۇمكىن. (13-16-ئەسىرلەر).

5. يېقىنقى زامان تۈركىي تىللىرى شەكىللەنگەن دەۋر (16-19- ئەسىرلەر).

6. ھازىرقى زامان تۈركىي تىلى شەكىللەنگەن دەۋر (19-20- ئەسىرلەر).

ئۇيغۇر- قارلۇق، قارلۇق خارەزم تىللىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن شەرقىي تارماق تۈركىي تىلى، يەنى ئۇيغۇر- ئوزبەك تىللىرى تىمۇرىيلار دەۋرىگە كەلگەندە «چاغاتاي تىلى» دەپ نام ئالدى. چاغاتاي دېگەن نام چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمىدىن ئېلىنغان بولۇپ، چىڭگىزخان ئولۇم ئالدىدا موغۇل ئىمپېرىيەسىنى ئوز ئوغۇللىرىغا بولۇپ بەرگەندە، ھازىرقى شىنجاڭ بىلەن ئامۇدەريا ئەتراپى (خارەزم، ماۋارائۇننەھر، يەتتىسۇ-ئىلى ۋادىسى، بالخ، بەدەخشان، قەشقەرىيە، جۇڭغارىيە قاتارلىق يەرلەر) چاغاتايغا تەككەن ئىدى. چاغاتاي ئولگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قارمىقىدىكى يەرلەر ئىككى قىسىمغا بولۇنۇپ كەتكەن ئىدى. غەربىي قىسمى- «ماۋارائۇننەھر»، شەرقىي قىسمى- «جۇڭغارىيە» دەپ ئاتالغان. 1360-يىلى تۇغلۇق تومۇرخان تەرىپىدىن بۇ يەرلەر قايتىدىن بىرلەشتۈرۈلگەن. 1363-يىلى تۇغلۇق تومۇرخان ئولگەندىن كېيىن كوپ ئوتمەي (1365-يىل) ئوتتۇرا ئازىيەدە تىمۇر ماۋارائۇننەھرگە ھوكۈمرانلىق قىلغان.

14-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ماۋارائۇننەھر ھوكۈمرانلىقى چاغاتاينىڭ ئەۋرىسى دۇۋاخاننىڭ قولىغا ئوتكەن چاغدا، «چاغاتاي» سوزى موغۇل خانلىرى ھوكۈم سۈرگەن دولەتنىڭ نامىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن رەسمىي رەۋىشتە «چاغاتاي دولىتى» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. لېكىن دۇۋاخان زامانىسىدا بىر ئەسىر ئاۋال چىڭگىزخان ئىمپېرىيەسى زامانىدا يارىتىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر تىلى ۋە ئۇسلۇبى بىلەن چاغاتاي ئەدەبىياتى دەپ ئاتالغان. (بىز بۇ ماقالىمىزدا، ئاساسەن، شىنجاڭدا ئەشىر قىلىنغان ئىلمىي ئەسەرلەردىن پايدىلانمىسىمىز ئۈچۈن سوۋېت تۈركولوگلىرىنىڭ پىكىر- مۇلاھىزىلىرىدىن پەرىق قىلىشى، بەزى ئاتالغۇلارنىڭ ۋە يىل ناملىرىنىڭ ئوزگىچە بولۇشى ئەجەپ ئەمەس).

(داۋامى 8- بەتتە).

چاغاتاي ئەدەبىياتى ھەققىدە

چاغاتاي خانلىقى شىنجاڭنى باشقۇرغان ۋاقىتتا ئانچە ئۇزاق بولمىسىمۇ، شۇ دەۋردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر چاغاتاي ئەدەبىياتى ھېساپلانغان ۋە شۇ ئۇسلۇپتا يېزىلغان. ئەينە شۇنىڭدىن كېيىن چاغاتاي تىلى شۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىي تىلىنى بىلدۈرىدىغان نام بولۇپ قالدى. لېكىن «چاغاتاي تىلى» دېگەن بۇ نامدىن بۇ تىل ئەسلا موغۇل تىلى دېگەن مەنا كېلىپ چىقماسلىقى لازىم. «قامۇس ئۇل–ئەلام» دا (ش. سامىي. «قامۇس ئۇل–ئەلام»، 3–جىلد، 1876–بەت): «چاغاتاي خانلىقى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ «چاغاتاي تىلى» دەپ مەشھۇر بولغان» دېيىلگەن. چاغاتاي سۇلالىسى دەۋرىدە شۇنداق دېيىلگەن بىلەن ئۇنى «چاغاتاي تىلى»، «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دېيىش توغرا بولماس. چۈنكى تىللار سۇلالىلار نامى بىلەن ئەمەس، ئەكسىنچە مىللەت نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. چاغاتاي دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر يېزىقى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، دېمەك، ئۇ دەۋر ئەدەبىياتىنى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەپ ئاتاش ئورۇنلۇق بولار ئىدى.

چاغاتاي سۇلالىسى دەۋرىدە «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان بۇ تىل «چاغاتاي تىلى» دېگەن غەيرىي – تەبىي نامنىڭ زورلۇق بىلەن چاپلىنىشى ئارقىلىق مەلۇم دەۋر شۇنداق دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، بەرى بىر باقىي بولۇپ قالالمىدى. سۇنئىي نام ئۆز–ئۆزىدىن يوقىلىپ كەتتى. چۈنكى، بىرەر ئائىپە، سۇلالە تىلغا خوجايىنلىق قىلغان ئەمەس، جۈملىدىن چاغاتاي سۇلالىسىمۇ شۇنداق. تىل پەقەت مىللەتكە مەنسۇپتۇر. دېمەك، شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئازىيە ۋە قازاقىستان تېررىتورىيەسىدىكى تۈركىي خەلقلەر بىر مەزگىل «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان تۈركىي تىل ئاساسىدا ئۆز ئانا تىلىنى شەكىللەندۈرگەن قان–قېرىنداش خەلقلەردۇر. بۇ تېررىتورىيەلەردە ياشاپ كەلگەن تۈركىي خەلقلەر– ئۇيغۇر، ئۆزبەك، قىرغىز، قازاق، تۈركمەن، قاراقالپاق ئوخشاش تۈركىي خەلقلەر بىر ۋاقىتتا، بىر ئەسىردە ئەمەس، ئالدىن–كېيىن شەكىللەنگەن خەلقلەر بولۇپ، تىل شەكىللىنىشىمۇ ئاساسىي تىل– تۈركىي تىل ئاساسىدا پەيدا بولغان مىللەتلەردۇر. شۇڭلاشقىمۇ بۇ مىللەتلەرنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى بىر، تىلىنى تۈركىي دەپ قاراش ئاساسسىز ئەمەستۇر. «ئۆزبەك خەلقى ۋە ئۇنىڭ تىلى ئەڭ توپۇسلۇق ۋە تېررىتورىيەگە جايلاشقان تۈركىي ئۇرۇقلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ گرۇپپىسى– قارلۇق– ئۇيغۇر، ئوغۇز ۋە قىپچاق ئۇرۇقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ئاساسىدا بەزى بىر خوشنا تۈركىي خەلقلىرىدىن ئاۋالراق شەكىللەنگەن» – دەپ يازىدۇ پروفېسسور غەنى ئابدۇراخمانوۋ ئۆزىنىڭ «ئۆزبەك خەلقىنىڭ ئېتنوگېنېزى ۋە ئۆزبەك تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدا.

تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئارىسىدا ئەڭ ئاۋال ئولتىراقلىشىپ، شەھەر ۋە قىشلاقلارنى بىنا قىلىپ، مەدەنىي ھاياتقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىي جەھەتتىن باشقا تىللارغا نىسبەتەن ئۈستۈنرەك بولغىنى ئۈچۈن چاغاتاي دۆلىتىنىڭ رەسمىي دۆلەت تىلى ۋە ئەدەبىي تىلى قىلىپ قوبۇل قىلىنغان. «موغۇللار دەسلەپكى دەۋرلەردە مەدەنىيەتنى ئۇيغۇرلاردىن ئۆگەنگەن. يېزىقنىمۇ ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلغان» دەپ يېزىلغان «يۈئەن سۇلالىسى تارىخىنىڭ» 136–جىلدىدا. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى موغۇللار تەرىپىدىن چاقىرتىلىپ، ئەمىر، كاتىپ، ھېساۋاتچى ئوخشاش ئىشلارغا تايىنلانغان. ئۇمۇمەن، ساراي ئىشلىرىنىڭ يېزىقچىلىقى ئۇيغۇر ئالىملىرى، يازغۇچى–شائىرلىرىنىڭ قولىدا بولغان. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەڭ ئىشەشلىك مەسلىھەتچىلىرىمۇ ئۇيغۇرلار ئىدى.

چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن كېيىن قەدىمىي ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىدا كەسكىن بۇرۇلۇش دەۋرى باشلىنىپ، قايتىدىن جانلىنىشقا يۈز تۇتتى. موغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان چوڭ تېررىتورىيەدە ئۇيغۇر يېزىقى، تىلى ۋە ئەدەبىياتى يەنە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇيغۇر يېزىقى موڭغۇلچە ۋە تۈركچە دۆلەت ئالاقە ھۆججەتلىرىدە قوللىنىلدى. ئۇيغۇر تىلى موغۇل تىلى بىلەن بىر قاتاردا دۆلەت تىلى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى. موغۇللارنىڭ ئۆز يېزىقى بولمىغانلىقتىن كونا ئۇيغۇر يېزىقىنى قوبۇل قىلدى.(ھازىرقى كۈندە قوللىنىۋاتقان موڭغۇل يېزىقى ئەشۇ ۋاقىتتىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقىدۇر). بۇ ھال ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ غەربىي ئىران ۋە ئىراق يەرلىرىگىچە تارقىلىشىغا سەۋەپ بولدى.

موڭغۇللار ئىستىلاسىدىن كېيىن، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىي تىلىغا شۇ تىلنىڭ تارقالغان جايلىرىدىكى ھەر خىل شېۋىلەرى قوشۇلۇشقا باشلىدى. بۇ دەۋردە ئوغۇز– قىپچاق تىل ئېلېمېنتلىرى يەنىمۇ كۆپرەك ئارىلاشتى. 10 – ئەسىردە قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلىدا پارسچە– ئەرەپچە سۆز ۋە ئىبارىلەر كۆپەيدى. كېيىنرەك كونا ئۇيغۇر يېزىقى ئورنىغا ئەرەپ يېزىقى قوللىنىلىشقا باشلىدى. خاقانىيە دەۋرىدە يېزىلغان ئەدەبىي يادىكارلىقلار («قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ھىبەت ئۇل–ھەقايىق») كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بولسا، ئەرەپ يېزىقى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىغا ئەرەپ يېزىقى قوللىنىلىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، قەدىمىي ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئۆزگىچە بىر ماھىيەت ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى. بۇ تەرەققىيات ھازىرقى شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئازىيە، خارەزم ۋە ئالتۇن ئوردىدا مەيدانغا كەلدى، تۈركىي تىل ۋە ئەدەبىيات تارىخىدىكى بۇ تەرەققىيات 13– ئەسىردە باشلانغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتنى «چاغاتاي ئەدەبىياتى» نىڭ باشلىنىش دەۋرى، دېسەك بولىدۇ، يەنى خاقانىيە تىلىنىڭ «چاغاتاي تىلى» غا ئۆتۈش دەۋرىدۇر.

13–14– ئەسىرلەردە چىڭگىزخان ئەۋلادى ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلاردىكى مەدەنىي مەركەزلەردە تۈرلۈك–تۈمەن ئەدەبىي ئەسەرلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. مەسىلەن، شائىر ئالىينىڭ «قىسسەئى يۈسۈپ»، خارەزمىينىڭ «مۇھەببەتنامە»، قۇتۇبنىڭ «خۇسراۋ ۋە شىرىن»، سەيفى سارائىينىڭ «گۈلىستان» ئاملىق ئەسەرلىرى يېزىلدى. شۇنىڭدەك 14– ئەسىردە «قىسسەس ئۇل–ئەنبىيا»، «تەزكىرەئى ئەۋلىيا»، «بەختىيارنامە»، «مېراژنامە» ئوخشاش ئەسەرلەر يارىتىلدى. مانا بۇلار «چاغاتاي ئەدەبىياتى» نىڭ دەسلەپكى مەھسۇلىدۇر.

14–ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 15–ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىغىچە «چاغاتاي ئەدەبىياتى» يەنىمۇ ژۇقۇرى باسقۇچقا كۆتىرىلىپ، ئەجايىپ ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. سەككاكىي، لۇتفىي، ئاتائىي، يۈسۈپ ئەمىرىي، ھەيدار خارەزمىي، سەئىت ئەخمەت مىرزا، گەدائىي، ياقىنىي ۋە باشقىلار ئەشۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. ئۇلاردىن سەككاكىي، لۇتفىي ۋە ئاتائىيلارنىڭ ئەسەرلىرى بەدىئىي ئەدەبىيات رىۋاجىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ناۋائىيدىن ئالدىن ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەرلەر يېزىپ، «چاغاتاي تىلى» ۋە «چاغاتاي ئەدەبىياتى» نىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھەسسە قوشقان مەشھۇر نامايەندىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە پارسچە–ئەرەپچە سۆزلەر بولسىمۇ، لېكىن قېدىمىي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەنئەنىلىرى ۋە جانلىق خەلق تىلى ئاساسىي سالماقنى ئىگەللەيدۇ.

15– ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ئەلشىر ناۋائىي بىلەن باشلانغان دەۋر «چاغاتاي ئەدەبىياتى» نىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولدى. ئۇلۇق مۇتەپەككۇر شائىر ناۋائىي ئەسەرلىرى «چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ» يۈكسەك چوققىسى ھېساپلىنىدۇ.

16– ئەسىردىن 20– ئەسىرگىچە بولغان ئەدەبىي جەريان «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەۋرىنىڭ داۋامىدۇر. بۇ دەۋردە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرلىرى خىرقىتىي، زەلىلىي، نەۋبىتىي، گۇمنام، قەلەندەر، نىزارىي، غېرىبىي، زىيائىي، موللا بىلال ۋە باشقىلار ژۇقۇرىدا نامى ئاتالغان كلاسسىكلارنى، بولۇپمۇ ئۇلۇق دانىشمەن ئەلشىر ناۋائىينى ئۆزلىرىنىڭ پىرى– ئۇستازى دەپ ھېساپلاپ، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى.

د. روزىيېۋا،

فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزادى.

(داۋامى بار) ،

«يېڭى ھاياتقا» يېزىلىشقا ئالدىراڭلار!



گېزىتىم

ھاياتىمنىڭ خۇددى روشەن ئەينىكى،
ئانا تىلدا چىراي ئاچقان گېزىتىم.
مەرىپەتنىڭ كەڭ ئېچىلغان ئىشىكى،
ھەر ژۇرەككە مېھىر چاچقان گېزىتىم.

تارىخىمنى يورۇتسەن،چو پاندەك،
پەخرىم مېنىڭ، غۇرۇرۇم ھەم ئىززىتىم.
سەندە ياڭرار شائىر شېرى مۇقامدەك،
مەن سۆيىنىپ ئوقۇغاندا ھەر قېتىم.

قەدىمىڭنى ئىنتىزار بوپ كۈتىمەن،
ئىزدىگەندەك ئەڭگۈشتەر بەتلىرىڭدىن.
كۆزلىرىمگە گېزىتىمنى سۈرىمەن،
ئۇيغۇرلىغىم جوش ئۇرىدۇ تەپتىڭدىن.

سۇلتان موھەممەت يۈسۈپىي.

«پەرۋازغا» يېزىلدىڭىزمۇ؟



مۇھتەرەم ژۇرنالخان!

ۋىلغا ئىككى قېتىم چىقىدىغان «پەرۋاز» مەجمۇئەسىگە 1992–ۋىلغا مۇشتىرى قوبۇل قىلىش باشلاندى. «پەرۋازغا» جايلاردىكى «سويۇزپېچات»، ئالاقە بۆلۈملىرىدە ۋە جەمىيەتلىك ئاساستا مۇشتىرى توپلىغۇچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن يېزىلىشقا بولىدۇ.

ۋىللىق يېزىلىش باھاسى
2 سوم. ئىندېكسى –75798.

ئەسكەرتىش: س س ج ئى پرېزىدېنتىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن يېزىلىش باھاسىغا 5 پروتسېنت سېلىق قوشىلىدۇ
ئۇمۇمىي باھاسى 2 سوم 10 تىيىن.

مۇھەررىر ئا. قاسىموۋ

يېڭى ھايات
ئالمۇتا، 480044
ئېپەك يولى كوچىسى،
50–ئۆي 8–قەۋەت

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى: قازاقىستان س س ج مىنىستىرلار كابىنېتى.

گېزىت ئوفسېت ئۇسۇلى بىلەن بېسىلدى. بىر باسما تاۋاق.

تېلېفونلار: مۇھەررىر–69–86–33، مەسئۇل كاتىپ–50–86–33، سەياسىي–ئىجتىمائىي بۆلۈم 81– 86–33، ئىقتىسات بۆلۈمى–06–86–33، ئەدەبىيات بۆلۈمى– 27–86–33، مەدەنىيەت بۆلۈمى– 01–92– 33.

زاكاز (3445) تىراژ 8250

«Йеии хаят» («Новая жизнь») индекс 65359, приложение Республиканской Социально-политической газеты на уйгурском языке «Уйгур авази», выходит — по вторникам, четвергам и субботам.
Газета отпечатана в типографии газетно-журнального Издательства, г. Алма-Ата, 480044 пр. Ленин 2/4.

ПОГ-60